ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# تاشقا ئايلانغان كۆز يېشى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات تاجى

تاشقا ئايلانغان كۆز يېشى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5371-4710-1

9 787537 147101 >

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# ئاشقا ئايلانغان كۆز يېشى

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: نىجات مۇخلىس
ئىلغارجان سادىق
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات تاجى

# تاشقا ئايلانغان كۆز يېشى

(رومان)

ئاپتورى: ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar @126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850 × 1168 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.625
2003 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
2015 - يىلى 4 - ئاي 8 - بېسىلىشى
ISBN978 − 7 − 5371 − 4710 − 1
باھاسى: 22.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



# مۇھەررىردىن

ياش يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت 1972 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1992 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس دىپلومى ئالغان. 1992 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە پىچان ناھىيە تۇيۇق مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت 1989 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «مەن دوستلۇققا يارىمايمەنمۇ؟» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا «ياۋا جىگدە»، «گۈل كۆيدۈرگۈچى»، «خوراز تۇغقان تۇخۇم» قاتارلىق ئىككى يۈز پارچىدىن ئوشۇق ھېكايە، نەسر؛ «شېئىر بىزنى ئىزدىمەكتە»، «ئۆزىنى ئىزدەش باياۋانى» قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە پارچە ئەدەبىي ئوبزور؛ «بۇلبۇلدىن گۇمانلىنىمەن»، «خوتۇنسىز كۈن» قاتارلىق ئۈچ يۈز قىرىق پارچە شېئىر؛ «سىم ـ سىم ئىشىكنى ئاچ» قاتارلىق يەتتە پارچە پوۋېست ئېلان قىلغان. بىرمۇنچە ھېكايە، ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۆلۈم ۋەھىمىسى»

ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى بىلەن «چاڭ باسقان ئالتۇن» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات خىزمىتىگە بېغىشلانغان «تىل - ئەدەبىيات تەكرار يېتەكچىسى» قاتارلىق ئالتە پارچە كىتابى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت يەنە بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ تىرىشىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق «قىرىق بىر يالغان» ناملىق تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمى ۋە «چاڭ باسقان ئالتۇن» ناملىق ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياترىغا رېژىسسورلۇق قىلىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب **مۈرىسىدە مېخى بار ئادەم** ...... 1
ئىككىنچى باب **ئۆگەي ئاتا** ...... 8
ئۈچىنچى باب **داغلانغان يۈرەك** ...... 16
تۆتىنچى باب **ئىشىك ئېچىلمىدى** ...... 30
بەشىنچى باب **تاياق يۈرەككە** ...... 40
ئالتىنچى باب **ئېتىبارسىز ئەجىر** ...... 54
يەتتىنچى باب **ھاقارەت** ...... 68
سەككىزىنچى باب **نەپرەت ۋە مۇھەببەت** ...... 84
توققۇزىنچى باب **مۇھەببەت جاراھىتى** ...... 91
ئونىنچى باب **كۈلپەت ئۈستىگە كۈلپەت** ...... 100
ئون بىرىنچى باب **ئۇنتۇلغان ئادەم** ...... 117
ئون ئىككىنچى باب **يىگىت** ...... 139
ئون ئۈچىنچى باب **«ناتونۇش» بالا** ...... 158
ئون تۆتىنچى باب **زېدىلەنگەن قەلب** ...... 173
ئون بەشىنچى باب **كېسەل** ...... 185
ئون ئالتىنچى باب **شەپقەت ۋە ھەسرەت** ...... 205
ئون يەتتىنچى باب **مۇقەددەس ماكان** ...... 213
ئون سەككىزىنچى باب **بالام!** ...... 228
ئون توققۇزىنچى باب **ئۇ ئىشىك يەنە ئېتىك** ...... 235
يىگىرمىنچى باب **ئانا! ئانا!** ...... 243
يىگىرمە بىرىنچى باب **ئەلۋىدا** ...... 252
يىگىرمە ئىككىنچى باب **ئۇ قېنى؟** ...... 262
خاتىمە ...... 270

## بىرىنچى باب

# مۇرىسىدە مېخى بار ئادەم

1983 ـ يىل.

ياز كىرىپ، ھاۋا ئىللىپ دەل ـ دەرەخلەر يېشىللىقتىن تون كىيىپ بولغان بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ تۇرقىدىن يەنىلا بىسەرەمجانلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار مۇڭ باسقان، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىزنالىرى كەتمىگەن كۆزلىرىنى يىل بويى ئىشلىگەنگە تۇشلۇق ھوسۇل بەرمەيۋاتقان ئۈزۈملۈكلەرگە ئەلەملىك تىكىشەتتى. ئۇلارغا دەرەخلەرنىڭ يېشىللىقى ساختىدەك، دەرەخلەر قاقشال پېتى تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئېتىزدىكى ئەمگەكلەر بولسا تولىمۇ ئۆلۈك، شەكىلگىلا قىلىنىۋاتاتتى. ماغدۇرسىز قوللار بىسلىرى تېخى ئوبدان ئۇپرىمىغان كەتمەنلەرگە بوزەك. دەرەخ ئاستىدا بولسا ھارغىن، ئەسنەك چىرايلار... قىسقىسى، پۈتۈن ئەتراپ، بارلىق جاندارلار ھېلىلا ئۆندەرەپ ئويغانغان چالا ئۇيقۇلۇق ئادەمدەك...

كەنت ئىشخانىسىنىڭ كونىراپ كەتكەن ئىشىكى ئېچىلىپ بىرنەچچە كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئارقىدىنلا بوغۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— قىلغان ئىشىمىزنىڭ ھەرھالدا نەتىجىسى بولىدىغان بولدى! ئەمدى ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئوبدان بىر ئارام ئېلىپ، ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىڭ... ھە، راست، پولات، سايكارىز كەنتتىكىلەر تەييارلىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئالغاچ كېتىڭ. بۇ يەردىكى ماتېرىياللارنى مەن قايتا بىر رەتلەپ ئەتە ئۆزۈم ئەكېتىمەن...

ئۇزاق ئۆتمەي ساقاللىرى قويۇق ئۆسكەن، كۆزەينەك تاقى-
غان ئوتتۇرا بوي بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ پولات ئىدى.
ئۇ كونىرىغان سېرىق سومكىسىنى مەھكەم سىقىمداپ بايىقى كى-
شىنىڭ «خوش، بارغاندا كۆرۈشەيلى» دېگەن خوشلىشىش سۆز-
لىرىگە پەرۋامۇ قىلماي ئالدىراپ مېڭىپ ئۇزاپ كەتتى.

ئىشىكتە ئېگىز بوي، سېمىز كەلگەن، چېچىنى ئىككى
يانىدىن تەكشى كېسىپ ياسىتىۋالغان بىر ئادەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
مىيىقىدا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

پولات بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، يول بويىدىكى دەرەخ سايى-
سىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە كۆزەينىكىنى ئېلىپ كۆزلىرىنى
ئۇۋۇلىدى، كۆزەينىكىنى سۈرتتى... ئۇ ئاشۇنداق ئۇششاق ئىش-
لار بىلەن ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن بىرەر ماشىنىنىڭ
كېلىپ قېلىشىنى ساقلاشقىمۇ تاقەت قىلماي شەھەرگە قاراپ يول
ئالدى.

ئىسسىق ھەم ئۇسسۇزلۇق ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ
«بىرەر ماشىنا كېلىۋاتامدىغاندۇر؟» دەپ كەينىگە پات - پات
قاراپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يول بويىدىكى دەرەخ سايىسى-
گە بېرىپ سايىدىۋېلىشقىمۇ، يولدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە
دۇغلىنىپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچىۋېلىشقىمۇ
رايى بارمىدى. ئۇ خىيالىدا پەقەت چاققانىراق بېرىپ ئۆزىنىڭ
يولىغا تەلمۈرۈپ قالغان، ئۆزىگە ھەرقاچان ئۈمىد ئاتا قىلىدىغان
سەبىي كۆزلەرنى قانغۇدەك كۆرۈۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ ئا-
شۇ سەبىي كۆزلەرنى كۆرمىگىنىگە بەش كۈن بولغانىدى. ئۇ
بولسا مۇنداق تۇيۇقسىز «تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈشلەر» گە
كۆنۈك. «سەن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغان-
لىقىڭنى بىلىۋال. سەن ھاراقكەشمۇ، تەتقىقاتچىمۇ؟» دەپ تەن-
بىھ بېرەتتى ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئادەم. ئېگىز بويلۇق ئادەم
ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇ

تەنتەربىيەدىن ئۆزگە دەرسلەرگە زادىلا قىزىقمايتتى. ھالا بۇگۇن- كى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ تەتقىقات ئورنىدا ئۇنى «يېتەكلەيدى- غان، تەتقىقاتنى تەكشۈرىدىغان» باشلىق بولۇپ قالغىنى قىزىق- دە. ئۇنىڭ تېخى «تەتقىقاتتا ئەستايىدىل بولۇڭلار، نىشان ئېنىق بولسۇن» دېيىشلىرىچۇ؟ ئۆزىچۇ؟ ئۇزۇمنىڭ قەنت تەركىبىنى قانداق ئۆلچەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا قىينىلىپ كېتىۋاتقان پولات ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇمزارلىقلار ھازىر دېھقانلار بىلەن دىلداش ئەمەس، يىلتىزداش ئەمەس. بەلكى بىر-بىرىگە زۇلۇم سالغۇچىغا ئايلانغان. چۈنكى، ئەمگەك كۆپ. بىراق، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، ھوسۇل تۆۋەن!

ئۇ ئاخىرى چىدىيالماي بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئولتۇردى. دەرەخنىڭ سايىسى ئۇنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلىغاندەك بولدى. بىر تەرەپ تاقىر ساي، يەنە بىر تەرەپ يېشىللىق. يىراقتا جىمىرلاپ تۇرغان كۆلدە سۇزۇك سۇ. ئۈستى تەرەپ لاۋۇلداپ تۇرغان ئىسسىق تېغى. ئەمما، بۇلار جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ھارغىن، باغرى ئېزىلگەن ئادەمگە ھېچ نەرسە ئەمەس. مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىش، تاغنىڭ ھەيۋەتلىك قامىتى- دىن زوقلىنىش... بۇلار خاتىرجەم ئادەملەرگىلا تەئەللۇق تۇيغۇ ئوخشايدۇ.

ئۇ سامان ساتقىلى ماڭغان دېھقاننىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىۋېلىپ سايكارىز كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە پېشىن ۋاقتى بو- لۇپ قالغانىدى. «ئۇلگۇرگۈدەكمەن» دەپ يېنىك تىن ئالدى پولات. ئۇ كەنت ئىشخانىسىغا كىرىپ «ھوي، ماتېرىيالنى ئەتىگە تەييار قىلماقچى بولغانىغۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. «توۋا: داۋۇتنىڭ نېمە دېگىنى بۇ؟ ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ ئاۋارە قىلغان بارمۇ... بۇ چاغقىچە ئۆيگە بېرىپ بولىدىغان ئادەمنى...» دەپ رەنجىدى پولات ئىچىدە. ئۇ كەنت باشلىقىغا

ماتېرىيالنى ئەتە ئەتىگەنگىچە ئۆلگۈرتۈپ تەييار قىلىپ بېرىشنى تاپىلاپ، مۇشۇ كەنتتىكى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىش مەقسىتىدە يول ئالدى. ئەگەر ئۇ ھازىر ئۆيگە كېتىدىغان بولسا داۋۇت سىمىزدىن بولدى دېگۈچە سېسىق گەپ ئاڭلايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. جاھاندا قاراقورساق ئادەمنىڭ تەنقىدىدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم، خورلۇق بولمىسا كېرەك؟

جاھازلىرى ئاددىي، ئەمما ئەپچىل سەرەمجانلاشتۇرۇلغانلىقى بىلەن ئازادە كۆرۈنىدىغان ئۆيدە ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. نېرىقى كارىۋاتتا كونا كىيىملەر ئىچىدىمۇ يەنىلا گۈزەللىكى جىلۋىلىنىپ تۇرغان بىر ئايال خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى.

بالا كىتاب ئوقۇۋېتىپ «تېخنىكا» دېگەن سۆزنى ئۇچرىتىشى بىلەن يەنە ئاتىسىنى ئويلاپ قالدى. ماتېرىياللار بىلەن تولغان ئاۋۇ ئاددىيغىنە ئۈستەل ئالدىدا ئاتىسى مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسىلەر يازاتتى. بالا ئاتىسىغا ھەۋەس ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا قاراپ كېتەتتى. ئۆتكەندە ئاتىسىنىڭ قايسىبىر گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىسى ئۈچۈن ئائىلىسى خۇشاللىقتا چۆمگەن ۋە ئاتىسىنى قىزغىن تەبرىكلەشكەنىدى، مانا يېرىم يىلدەك بولدى. ئاتىسى يەنە قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن ئالدىراش، ھە دېسىلا يېزىغا قاترايدۇ. نېمە ئىش بىلەن ئالدىراشلىقىنى سورىسا، «ئالدىرىماڭلار، ئاجايىپ بىر دورا ياساۋاتىمىز، دەسلەپتە بىرئاز ئۈنۈمى كۆرۈلدى، كېيىن سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قويىمەن» دەپلا گەپنى تۈگىتەتتى. يەنە قانداق ماقالە يازىدىكىن...

بالا ئاشۇنداق خىياللار ئىلكىدە تۇرغاندا، «ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر؟ ئەسلىي ئۇ بۇ چاغقىچە كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ يا سىنىقى ئۆتمەي تۇرۇپ قالدىمىكىن. لېكىن، ئۇ سىناق

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلىشىپ قالدى، دېگەنىدىغۇ...» دېگەن ئەندىشىلىك خىيال ئىلكىدە تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغان ئاپىسى كارىۋاتتىن چۈشتى:

— بالام قەيسەر، — دېدى ئايال تىت-تىت بولۇپ، — ئاتاڭ كەچ قالىدىغان ئوخشايدۇ. مەن كەچتە دىجورنى ئىدىم، ۋاقتىم توشۇپ قاپتۇ. سەگەكرەك يات، بىرەردەمگىچە ئاتاڭ كېلىپ قالار. مەن ماڭاي... ھويلىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقا...

ئايال تارتىشىپ دېگۈدەك ھويلىدىن ئاران چىقتى. قەيسەر ئىشىكنى چىڭ تاقاپ، ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن «مىڭ بىر كېچە» دېگەن كىتابنىڭ جىن-ئالۋاستىلار تەسۋىرلەنگەن يەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئەمما، يەنىلا كۆزى ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى.

قەيسەر ھويلىدا ئاڭلانغان «گۈپ» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغاندى. «ئاتام كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە چىراغنىڭ يىپىنى تارتتى. لېكىن، شەھەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ توكى يەنە كېتىپ قالغان بولۇپ، چىراغ يانمىدى. ئۆينى پەقەت ئاي نۇرىلا غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كاڭدىن چۈشكەن قەيسەر «ئاتا» دەپ ۋارقىراي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغان قەيسەرنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېلىپ ئۇنى كاڭغا دومىلىتىۋەتتى. قورقۇپ كەتكەن قەيسەر يىقىلغان جايىدا تۈگۈلۈپلا قالدى. ئۆيگە بېسىپ كىرگەن ئادەم بىر سېرىق قولاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. قەيسەر ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى. كىرگەن ئادەم چاقمىقىنى ياندۇرۇپ ئۈستەلدىكى بىرنەچچە كىتابنى ۋە قەيسەرنىڭ ئاتىسى ماقالە يازىدىغان قەغەزدىن توپلىغان قېلىن دەپتەرنى تاللىدى ۋە چاپىنىنى سېلىپ، ئالغان ماتېرىياللارنى

چاپىنىغا ئورىدى. ھېلىقى ئادەم ماتېرىياللار ئورالغان چاپاننى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن تېزلىكتە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ ئاسما مايكىسىنىڭ مۈرىلىكى ياپالمىغان ئوڭ مۈرىسىدىكى ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى قارا مەڭ قەيسەرنىڭ كۆزىگە خىرە كۆرۈندى. شۇندىلا قەيسەر پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى. ئۇ خېلىغىچە يىغلىغاندىن كېيىن يەنە بايىقى قورقۇنچ غالىب كېلىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ غال - غال تىترىگىنىچە جىم بولۇپ قالدى. كۆز ئالدىدا بولسا بىر تۇرۇپ كونا قولاقچا، بىر تۇرۇپ ئېگىز سۇرلۇك گەۋدە پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ قورقۇنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كەتكەن قەيسەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئىلىۋالدى - دە كاڭغا چىقىپ يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قورقۇنچى بىر ئاز بېسىلغاندەك بولدى. قەيسەر بايا شاپىلاق تەگكەن يەرنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئەمدى سېزىشكە باشلىدى. قەيسەر ئاغرىۋاتقان يۈزىنى تۇتقىنىچە يۇم - يۇم يىغلاپ يېتىپ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

پولات تەييارلانغان ماتېرىياللارنى ئالغاندىن كېيىن، كەنتنىڭ شەھەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت ئالغىلى ماڭغان كىچىك تراكتورىغا چىقىۋېلىپ كۈن بىلەن تەڭ شەھەرگە يېتىپ كەلدى.

پولات تونۇردىن يېڭىلا قومۇرۇلغان ناندىن ئىككىنى ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئەجەبلەندى. ھويلا ئىشىكى ئوچۇق. ئايالىنى ھويلىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈش ئۈچۈن چىقتىمىكىن دېسە، ھويلىنى تازىلىغان ھېچبىر ئالامەت يوق. ئۇ ئالدىراپ ھويلىغا كىرىپ ئۆي ئىشىكىنى ئىتتەردى. ئىشىك ئىچىدىن ئېتىكلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىكنى چېكىپ چاقىردى:

— قەيسەر! بالام قەيسەر!

ئۆيدىن سادا چىقمىدى. پولات ئىشىكنى قاتتىقراق جاللاقلات-
تى. بىر چاغدا ئۆيي ئىچىدىن «ئاتا» دېگەن يىغلامسىرىغان
ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ھە، مەن، بالام! ئىشىكنى ئاچقىن، — دەپ ۋارقىرىدى
پولات تاقەتسىزلىنىپ. شۇ ھامان ئىشىك ئېچىلدى، ئۆيدىن
قەيسەر يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتىسىغا ئېسىلىپ يىغلىدى.

— نېمە بولدى، بالام؟ ئاپاڭ قېنى؟

— ئا... ئاپام كەچتە ئىشلى ... گەن...

پولات كۆلۈپ بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىدى:

— قورقۇپ يىغلاپسەن ـ دە. قورقما، ئوغۇل بالىمۇ
يىغلامدۇ.

پولات شۇنداق دەپ ئۆيگە كىردى ۋە ئۆيدىكى مالىمانچىلىقنى
كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئوغلۇم، بۇ... بۇ... نېمە ئىش، بالام؟

قەيسەر يىغلاپ تۇرۇپ كېچىدە بولغان ئىشلارنى ئاتىسىغا
تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— نېمە؟! — پولات مەيدىسىنى تۇتقىنىچە بىر قولى بىلەن
كاڭغا تايىنىۋالدى، ئاندىن ئاستا قىڭغىيىپ يېتىپ قالدى. قوز-
غالمىغىلى ئۇزۇن بولغان يۈرەك سانجىقى كېسىلى بۇ تۇيۇقسىز
زەربىدىن قوزغىلىپ ئۇنى يىقىتتى. قەيسەر «ئاتا» دەپ تۇۋلىغى-
نىچە ئاتىسىنىڭ يېنىغا يۈكۈنۈپ قالدى...

تۇغۇلماقنىڭ سەۋەبى بىرلا بولسىمۇ، لېكىن ئۆلۈمنىڭ سە-
ۋەبى نېمىدېگەن تولا ـ ھە! ئەنە شۇ يىقىلماق بىلەن پولات قايتا
ئورنىدىن تۇرالمىدى. سارەم ئاھۇ زار ئىچىدە خېلى قاتتىرىغان
بولسىمۇ، لېكىن ساقچىلار قەيسەرنىڭ چالا ـ بۇلا چۈشەندۈرۈش-
لىرىدىن تۈزۈك يىپ ئۇچى تاپالماي «تەكشۈرۈۋاتىمىز» دېمەك-
لىك بىلەن جىم يېتىۋالدى. دوختۇرلار بولسا «يوشۇرۇن يۈرەك
كېسىلىنىڭ ئاقىۋىتى ھامان مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەن گەپ
بىلەن سارەمگە تەسەللى بەرگەن بولدى.

# ئىككىنچى باب

## ئۆگەي ئاتا

ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قەيسەرنىڭ يۈرىكى ئۆششۈپ كەتتى. ئۇ ئادەملەرگە گۇمانسىراپ قارايتتى. قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ قىلغان تەسەللى سۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆششۈگەن قەلبىنى ئېرىتەلمىدى. قەيسەر ئۇلارغا ئىشەنچسىزلىك بىلەن تىكىلىپ قاراپ قويۇپ جىممىدە تۇرۇۋالاتتى. سارەم بالىسىدىكى بۇ خىل ئېنورماللىقتىن بەزىدە «مۇنداق كېتىۋېرىپ بالامنى خىيال ئېلىپ قويمىسۇن» دەپ قورقۇپمۇ قالاتتى. قەيسەر ئاتىسىنىڭ ئۈستىلىگە قاراپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. خىيال، بىر سەبىينىڭ خىيالىدىن نېمىلەر كەچمەيدۇ دەيسىز!؟

ئاتىسىنىڭ كاڭغا كۈچسىز قوللىرى بىلەن تايىنىپ قېلىپ ئەجەل ئىسكەنجىسىدە ئاچچىق تولغانغان قىياپىتى بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ ياۋۇز تۇرقى ئاتا مېھرىگە ۋە دۇنيانىڭ ئىللىقلىقىغا تولۇق قانمىغان پەرزەنت ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن، گۈزەل مېھىرلەرنىڭ نوتىسىنى سۇندۇرغان، ئادەملەر ئارا ئىللىق نەپەسلەرنى مۇزلاتقان... قەيسەرنىڭ بالىلىق ھاياتىغا يەنە بىر ئادەم ئاستا - ئاستا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئادەمنى قەيسەر ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقان كۈنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدى. ئۇ ئادەم يەنە ئاتىسىنىڭ نەزىرىدىمۇ كىشىلەر تارقىغاندا كېلىپ ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ كەتكەن، كېيىن ئۇن - ياغ كۆتۈرۈپ ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن

باشلاپ ئۇ ئادەم قەيسەرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالدى.

ئۇ ئېگىز بوي، خام سېمىز ئادەم بولۇپ، ئاپىسى ئۇنى «پەن تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئىسمى داۋۇت» دەپ تونۇشتۇرغانىدى. دېمەك، بۇ ئادەم ئاتىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن. بۇ ئادەم تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئېسىل ئادەملىكى، بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، لېكىن بىلىمىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئاتىسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقى، ئاتىسىنىڭ بولسا ئۇنداق كىشىلەر بىلەن كارى بولماي تەتقىقات بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى. بەزىدە ئاتىسى، ئاپىسى ۋە ئۆزى ئۈچىسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ساۋاقداشلاردىن بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى. قەيسەرگە ئۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى خۇددى يالغاندىن دېيىلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. بىر كۈنى قەيسەر مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيگە كىرىپلا ئاشخانا ئۆيدىن كېلىۋاتقان شورپا ھىدىنى پۇراپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. گۆش! ئۇلارنىڭ قازىنىدا گۆش قايناپ باقمىغىلى، ئەخلىتىدە ئۇستىخان چىقىپ باقمىغىلى قانچە ۋاقىتلار بولغان ـ ھە؟ قەيسەر قازاندا قايناۋاتقان نەرسىنىڭ گۆش ئىكەنلىكىنى شۇنچە ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئىشەنمىگەندەك ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ قازاننىڭ تۇۋىقىنى ئېچىپ قاراپ باقتى. قازاندا ھەقىقەتەن چالا شىلىنغان بىر پارچە يۇلۇن بىلەن گۆرجەك سۆڭىكى قايناۋاتاتتى.

— بەللى، ئاپا، — دېدى قەيسەر خۇشاللىقىنى باسالماي، — شورپىسىنى تازا بىر ئىچەي. ۋاھ، ۋاھ...

سارەم ئوغلىغا سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن داستىخان سالدى. شورپا قەيسەرگە بەكلا تېتىپ كەتتى. قەيسەر قىزىق شورپىنى بىر ياقتىن پۇۋلىگەچ، بىر ياقتىن تەشنالىق بىلەن سۇمۇرۇۋاتقاندا، سارەم تازا يۇمشاق پىشقان بويۇن گۆشىنى قەيسەرنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى يېگىن، بالام، — دېدى سارەم بالىسىغا مېھىر بىلەن تىكىلىپ، — تازا ئوبدان پىشىپتۇ، مە، مۇنۇ قارا گۆشلىرىنى يېگىن.

قەيسەر يىلىكتەك يۇمشاق پىشقان گۆشنى بىردەمدىلا يەۋەتتى ۋە بارماقلىرىنىمۇ شۈمۈپ چىقتى. ئاندىن سۆڭەكنىڭ يۇمشاپ قالغان جايلىرىنى چايناپ، كۈچەپ شوراپ ھۈزۈرلاندى. سۆڭەك قەيسەرنىڭ قولىدىن تەستە داستىخانغا چۈشتى. بۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغان سارەم دەرھال گۈرجەك سۆڭىكىنىمۇ ئېلىپ بەردى. ئەمما، قەيسەر ئاپىسىغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، گۆشنى سۆڭەكتىن ئوماق قوللىرى بىلەن ئاجرىتىپ يېرىمىنى ئۆزىگە، يېرىمىنى ئاپىسىغا سۇندى. سارەم قەيسەرنىڭ بۇ قىلىقىدىن سۆيۈندى. قەيسەر بىر ياقتىن ئاپىسىغا ئەركىلىگەچ، يەنە بىر ياقتىن خۇددى «گۆش تۈگەپ كەتمىسۇن» دېگەندەك ئاغزىدىكى گۆشنى ئېھتىيات بىلەن چاينايتتى. ئوغلىنىڭ گۆش يېيىشىگە مەستلىكى كېلىپ ئولتۇرغان سارەم باياتىدىن بېرى ئوغلىغا دېيىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، ئەمما ھازىر پەقەت ئېغىزدىن چىقىرالمايۋاتقان سۆزنى ئۆز كۆڭلىدە يەنە بىر قېتىم دەڭسەپ كۆردى. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇنداق ئىشلارنى چوڭلار توغرا چۈشەنگەن بىلەن بالىلار ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبى رېئاللىقنىڭ مۇرەككەپ تەرىپىنى ئاسانلا «دۈشمەن» گە چىقىرىدۇ. ئۆزلىرى ياقتۇرغان نەرسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغان نۇقسانلىرىنى قوبۇل قىلىشنى پەقەت خالىمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، سارەم ئۇ ھەقتە ئوغلىغا ئالدىراپ ئېغىز ئېچىشتىن ئېھتىيات قىلدى. ئەگەر قەيسەر بىرلا قارشىلىق كۆرسەتسە ياكى نارازىلىق بىلدۈرسە بۇ ئىشنى ئوڭشىماق تەسكە توختايتتى. ئەمما بۇ ھەقتە يا بۈگۈن، يا ئەتە قەيسەرگە ئېغىز ئاچماي بولمايتتى. ئېغىز ئاچقانىكەن، قەيسەر قايىل بولغۇدەك قىلىپ ئېغىز ئېچىش كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە سارەمنىڭ كۈتۈۋاتقىنىمۇ شۇ ئىدى.

سارەمنىڭ چىرايلىق ئويچان كۆزلىرى قەيسەرگە تىكىلدى: «بۇ گەپنى ئوغلۇمغا قانداق دېسەم بولار؟ ئۇ نېمىدەپ قالار؟ بۇ ئىشلارنى ئۇ توغرا چۈشىنىپ كېتەلەرمۇ؟ ھەي… جاھاننىڭ ئىشلىرىنى! ئىنسانغا نېمە ئامال… ئوغلۇم، ئاپاڭنى كەچۈر. گەرچە بۇ ئىش رايىڭغا ياقمىسىمۇ چوڭلارغا ئامال يوق. بۇنى كېيىنچە چۈشىنىپ قالىسەن…»

قەيسەر تازا تويۇنۇپ داستىخاندىن يىراقلىدى. تۇرقىدىن بۈگۈن ئۇنىڭ نەقەدەر خۇشال بولغانلىقى ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— بالام، گۆش يېيىدىمۇ؟ — سارەم ئاخىرى ئېغىز ئاچتى.

— كۆردۈڭغۇ، تازا يەۋەتتىم، — دېدى قەيسەر ئىككى پارچە ئۇستىخاننى كۆرسىتىپ.

— گۆش بار. ئەتە - ئۆگۈن يەنە سېلىپ بېرىمەن، — دېدى سارەم.

— ۋاھ، يەنە گۆش يېگۈدەكمەن، — قەيسەر بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— داۋۇت تاغاڭ سېنى يېسۇن دەپ مۇشۇنچىۋالا جىق گۆش ئەكېلىپتۇ، — دېدى سارەم قەيسەرگە سىناق نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرۇپ، قەيسەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سەل ھەيران بولغاندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدىيۇ، يەنە بايىقى خۇشال ھالىتىگە قايتىپ سورىدى:

— ئۇلارنىڭ ئۆيىدە گۆش جىقمۇ؟

— ۋاي بەك جىق، — دېدى سارەم.

— ئۇلار يېمەمدۇ؟ — سورىدى قەيسەر يەنە.

— يەيدۇ. ئىككى قىزى بار. ئۇلارمۇ يەيدۇ. لېكىن تۈگىتەلمەيدۇ. شۇڭا بىزگە ئەكېلىپ بەرگەن. قانداق، داۋۇت تاغاڭ ئوبدانمىكەن؟ — سارەم بۇ سۆزنى دەپ بولۇپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— ھەئە، ئوبدان ئىكەن، — دېدى قەيسەر.

— ناۋادا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرساڭ، قىزلىرىغا ئوخشاش

گۆشنى كۆپ يەيسەن، — دېدى سارەم مەقسىتىگە يېقىنلاپ.
— ئۇلار تۇرغۇزامدۇ؟ — دېدى قەيسەر ئارتۇقچە ئويلىمايلا.
سارەم بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. «دەيمۇ؟ دېمەيمۇ؟» دەپ ئىككىلەندى. ئاندىن يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى:
— ئۇلارغا بالا بولساڭ ئۇنايدۇ.
— بالا بولۇشقا ئۇلار ئۇنىمايدۇ، — دېدى قەيسەر ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا.
— ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلار...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەر جىم بولۇپ قالدى. خېلىغىچە قايتا ئېغىز ئاچمىدى. ئەمما سارەمنىڭ بۇ سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويغۇسى كەلمىدى.
— قارا، سەن ئۇلارنىڭ چىرايلىق ئۆيىدە بولسەن، — دېدى سارەم تولىمۇ تەسلىكتە ئېغىز ئېچىپ، — داۋۇت تاغاڭ ساڭا...
گەپنىڭ ئاخىرى چىقمايلا قەيسەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە سارەم ئەنسىرەپ تۇرغان گەپنى پوسۇققىدىلا ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى:
— سەن ئۇنىڭغا تېگەمسەن؟
بۇ گەپ بىلەن سارەم ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، بالىسىغا تىكىلىپمۇ قارىيالمىدى. قەيسەر بولسا چۈشىنىكسىز خىيال قاينىمىغا غەرق بولۇپ، قاتقان پېتى تۇراتتى.
— بالام...
قەيسەر يەنە ئۈندىمىدى. پاكىز غاجىلانغان سۆڭەككە، تۈگىدىكى لىق مايغا، خالتىدىكى ئەمدىلا يېرىملاشقان ئۇنغا غەمكىن كۆزلىرى بىلەن بىرقۇر تىكىلىپ ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتى. بالا ئۈچۈن بۇ ئەسلا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى،

ۋەھالەنكى، بۇ خىل رېئاللىق بالىنىڭ ئازابلىق تۇرمۇشىغا ئاللىقاچان چاڭ سالغانىدى.

سارەم بالىسىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان غەمكىنلىكىنى، مەيۈسلۈكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. راستىنى ئېيتقاندا، سارەمنىڭ گۈزەللىكى، بولۇپمۇ كۆزلىرىدە دائىم نامايان بولۇپ تۇرىدىغان گۈزەللىكى ھېلىھەم ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمىغانىدى. شۇ تاپتا بۇ كۆزلەردىكى سۈزۈك ياش تامچىلىرى بۇ چىرايلىق كۆزلەرگە تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلىغانىدى. لېكىن سارەم كۆزىدىكى ياشلارنى دەرھاللا سۈرتىۋەتتى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ قەيسەرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— بالام، ئاپاڭنى كەچۈر، چوڭلارنىڭ ئىشىنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن، — دەپ پىچىرلىدى.

قەيسەر يەنە ئۈندىمىدى. شۇنداق، ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ بىر قەدىردان ئاتىنىڭ سەبىي بالىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا يەنە بىر يات ئوبراز قانداقمۇ قاتار تۇرالىسۇن؟ ئەگەر ئۆز ئاتىسى بالىنىڭ سەبىي قەلبىدە ئەڭ دەھشەتلىك نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك ئويغاتقان بولسا بۇ باشقا گەپ ئىدى. شۇ چاغدا بالا يات بىر ئاتىنى قوبۇل قىلار ئىدى. بىراق، بۇ خىل قوبۇل قىلىشتا يۈكسەك بىر ھۆرمەت بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئاتا ـ بالىلىق مېھىر بولمايدۇ.

سارەم بالىسىنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا سارەمدە بالىسىغا ئېزىپ چۈشەندۈرگۈدەك، قايىل قىلىشقا تىرىشقۇدەك جۈرئەت قالمىغانىدى. ئۇ شۇنچە ئويلىنىپمۇ ئېرى، بالىسى، ئۆزىدىن قايسىبىرىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. بىر قارىسا تۇرمۇش شۇنداقتەك، يەنە بىر ئويلىسا شەخسىيەتچىلىك قىلىۋاتقاندەك.

مەيلى ئۇ قانچىلىك ئويلىسۇن، مەيلى قەيسەر باشتىن-ئاخىر بىر ئېغىزمۇ سۆزلىمىسۇن، توي ئاخىرى بولدى. توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قەيسەر كېچە ئاچ قورساق ئۇخلاپ قالغان بىر بۇلۇڭدىن ئويغىتىلدى. ئۇ كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە «ئانا، نان» دەپ ئەركىلىمەكچى بولدىيۇ، يەنە شۈك بولۇپ قالدى. چۈنكى، سوغۇق بىر سېزىم، ياتسىراش دەرھاللا ئۇنى ئېسكەنجىگە ئالدى.

قەيسەر يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ شىرە ئالدىغا كېلىپ بېشىنى سالغىنىچە جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. چېھرىدىن بەخت نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان سارەم قەيسەرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئولتۇرغانلارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى:

— بۇ ئاچىڭىز سەلىمە.

چىرايىدىن مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇرغان، قەيسەردىن بىرنەچچە ياش چوڭ قىز قەيسەرگە ئالايغاندەك قاراپ قويدى.

— بۇ، سىز بىلەن تەڭتۇش، گۈلشەن دېگەن قىز.

گۈلشەن قەيسەرگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويدى.

— بۇ، — دېدى سارەم جىددىيلىشىپ، — بۇ ئاتىڭىز داۋۇت. ئاتا دەڭ، بالام.

قەيسەر شۇندىلا بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۆزىگە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ، ھارماي كۈلۈمسىرىگەن، ئەمدىلىكتە بولسا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قاتتىق يۆلىنىپ گىدىيىپ ئولتۇرغان، ئۆزىگە بولسا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ تۇرغان داۋۇتقا بىر ھازا ئەنسىزلىك ئىچىدە قارىغاندىن كېيىن بوش ئاۋازدا:

— مەن...، — دېدى ۋە لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى. بۇنى كۆرگەن داۋۇت غالىبلارچە كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— بولدى، بولدى، — دەپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن سارەم مەڭدەپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە تېنىگە تىترەك

ئۇلاشقاندەك بولدى. قەيسەر ھەتتا بىر تېمىم قېنىدىمۇ مېھىر-
داشلىق بولمىغان، ئۆزى «ئاتا» دەپ ئاتىماقچى بولغان، بىراق،
نېمىشقىدۇر بىرىنچى كۆرۈشتىلا كۆزىگە سىغمىغان بۇ ئادەمنىڭ
كەينىدىن بالىلارغا خاس ئۆچلۈك بىلەن قاراپ ئولتۇردى. ئۇ
ئۆزىنىڭ قىسىلىۋاتقانلىقىنى، قورسىقى شۇنداق ئېچىپ كەتكەن
بولسىمۇ، بىر نەرسە يېگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى، قۇرۇقدىلىپ
يوغان قارا قۇلۇپ سېلىنغان كونا ئۆيگە كېتىشنى خالاۋاتقانلىقى-
نى ھېس قىلدى.

بۇلارنى سېزىپ تۇرغان سارەم «خۇدايىم، ھەرئىككىسىنىڭ
دىلىغا ئىنساپ بەرگەيسەن، مەن قانچىلىك خورلۇق تارتساممۇ
ئۇلارنى ئاتا ـ بالىدەك ئۆتۈشكە، بالامنى مۇشۇ ئۆيدە كۆلۈپ
ياشاشقا نېسىپ قىلغايسەن! ھەرگىزمۇ بالامنىڭ كۆزىنى ياشلى-
مىغايسەن» دەپ تىلىدى. ئەمما، قەيسەرنىڭ سەبىي قەلبى ئاللى-
قاچان دەھشەتلىك سوغۇق ۋە خورلۇقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك
قىلدى.

# ئۈچىنچى باب

## داغلانغان يۈرەك

بۇ ئۆيدە كۈن بويى بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي يۈرىدىغان
ئادەم قەيسەر ئىدى. لېكىن، ئۇ جىمىغۇر بولغان بىلەن قەلبى
جىم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە جىممىدە ئولتۇرۇپ
داۋۇتقا تىنماي كۆز تىكەتتى. داۋۇت سۆزلىگەندە ئېغىزىغا،
ماڭغاندا پۇتىغا، كىيىم كىيگەندە قولىغا خۇددى داۋۇتنىڭ ئاشۇ
ئەزالىرىدىن مەلۇم بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك سىنچىلاپ قارايت-
تى. قەيسەرنىڭ بۇ تۇرقىدىن سارەمنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى،
داۋۇت بولسا بىزار بولاتتى. بەزىدە: «ھە، نېمىگە بۇنچە قاراي-
سەن؟ ماڭ چىقىپ ئوينا!» دەپ ئاچچىقلىناتتى. شۇنداق بول-
غاچقا، تەبىئىيكى، داۋۇت بۇرۇن «قەيسەرجان» دەپ يېقىملىق
چاقىرغان بولسا، ھازىر «قەيسەر» دەپ قوپال، سوغۇق چاقىرى-
دىغان بولدى. بۇنىڭغا قاراپ «ئۆگەي ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەممىسىلا
شۇنداقمىدۇر؟» دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق-
قۇ ئەمەس. ئەمما، باشقا بىر مۇددىئا بىلەن «ئۆگەي ئاتا - ئانا»
بولغانلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم شۇنداق. سارەم بۇنى توينىڭ ئەتى-
سىلا ئوبدان چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئېتىراپ قىلالمايۋاتاتتى. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە سارەم داۋۇت بىلەن بىرنەچچە ۋاقىت بىرگە ئۆتۈش
جەريانىدا ئۇنىڭ ھېيىقىشلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى.
داۋۇت زەردىلىك ئادەم ئىدى. ئۆينىڭ چوڭ ئىشلىرىدىن تار-
تىپ، قاچا يۇيۇشقىچە بولغان كىچىك ئىشلارغىچە دىتىغا ياقمايدى-

غان ئازراقلا ئىش بولۇپ قالسا دەرھاللا قاپاق تۈرەتتى. مەيلى
سارەم بولسۇن، مەيلى كىچىك قىزى بولسۇن سىلكىنىۋېتەتتى.
بۇنداق چاغدا ھېچكىم ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ھەممىسى
ئۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا
قىزلىرىمۇ ئاتىسىنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ
كەتكەنىكەن. بۇنىڭغا قاراپ بېقىپ سارەممۇ ئۇشۇقچە بىر نەرسە
دېيەلمىدى. داۋۇتنىڭ مىجەزىگە كۆنۈشكە، ئۇنىڭ ھۆكۈمى بويى-
چە ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بارا - بارا شۇنىڭغا ئادەتلەن-
دى. ئادەتلەنمەيمۇ نېمە ئامال؟ چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى
تويى! «نېمىلا بولسا بالام ئىككىمىزگە بىر ئائىلە لازىم. ئادەم
دېگەندە خۇي بولماي قالامدۇ. كۆنەي، كۆنۈپ ئۆتسەكلا بولمىدى-
مۇ. كىم كىمگە كۆنمىگەن جاھان بۇ. كۆنمىسەك بالام يەنە
كىملەرنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ، چىرايىغا قاراپ يۈرىدۇ؟
كىم بىلىدۇ؟ ۋاقىت ئۆتسە كېلىشىپمۇ قالارمىز... يەنە بىر
ئەرنىڭ ئىشىكىدە بويۇن قىسىپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىغاي-
سەن.» سارەم شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.
قەيسەرنىڭ كۆڭلى - كۆنگە جىمىغۇرلىشىپ كېتىشى سارەمنى
ئارامسىزلاندۇراتتى. قەيسەر ئۆيدە گاھىدا بولۇپ قالىدىغان قى-
زىق پاراڭ، قىزغىن تالاش - تارتىشلارغىمۇ ئارىلاشمايتتى.
ئۇلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىمۇ قەيسەرگە تەسىر قىلمايتتى.
ئۇنىڭ داۋۇتقا تىكىلىپ تۇرغىنى تۇرغانىدى. بالىسىنىڭ بۇ تۇر-
قى، بارغانچە ئېشىۋاتقان كەم سۆزلۈكى سارەمنىڭ قەلبىنى يەت-
كۈدەك ئازابلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ داۋۇتنىڭ كۆز ئالدىدا
قەيسەرگە ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشكە ئامالسىز ئىدى. پەقەت
ئۆيدە يالغۇز قالغانلىرىدىلا: «بالام، بۇنداق شۈكلىشىۋېلىپ يۈ-
رىكىمنى ئەزمە. نېمىلا گەپ بولسا ماڭا دە. مەن سېنىڭ ئاپاڭ»
دەپ كۆز يېشى قىلىپ قەيسەرنى مەھكەم قۇچاقلايتتى. نېمىشقى-
دۇر قەيسەر ئاپىسىغا ئىپادىسىز كۆزلىرىنى تىكىپ، بىر ئېغىز-

مۇ سۆز قىلماي تۇراتتى. ئاپىسىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى بۇدرۇق قولى بىلەن سۈرتۈپ قويايمۇ دېمەيتتى. بۇنىڭدىن سارەم تېخىمۇ ئازابلىناتتى. «نېمە بولدى، ئوغلۇم؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ قايتا ياتلىق بولغىنىمغا شۇنداق قىلىۋاتامسەن؟ چوڭلارغا نېمە ئامال، بالام...» دەپ ئۈنسىز ندا قىلاتتى. ئەمما، قەيسەرنىڭ يۈرىكىدە بارغانچە قېلىنلاۋاتقان مۇزنى پەقەت ھېس قىلالمايتتى. ھالبۇكى، داۋۇت بۇنى سەزگەندەك ۋە ئۇ مۇزنى تېخىمۇ قېلىنلىتىشنى مەقسەت قىلغاندەك قەيسەرگە سوغۇق تىكىلەتتى، سەبىي قەلبىنى زەرداب قىلىدىغان ياپتا گەپلەرنى قىلاتتى. سارەم بۇنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ داۋۇتنىڭ قەھرلىك قاراشلىرىدىن تېنى شۈركۈنۈپ بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپلىرىنى يۇتۇۋېتەتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردىلا سارەم ئوغلىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بېسىمنى ھېس قىلغاندەك بولاتتى.

بىر سەبىي قەلب دۇچ كەلگەن كۈلپەت يەنە قانچىلىك بولسۇن؟ ياتسىراش، يېتىمسىرەش، سوغۇقلۇق... شۇلارلا بىر سەبىي قەلبنى قانسىرىتىشقا يېتىپ ئاشىدۇ، ئەمما ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىچە تۇشلۇق خۇشاللىقى كۆزىنى توسۇۋالغان سارەم بۇنى روشەن سېزىپ يېتەلمىدى. تويى بولۇپ ئون نەچچە كۈنلەردىن كېيىن بولغان كىچىك بىر ئىشتىمۇ شۇنداق بولدى.

ئۇ كۈنى سارەم قازانغا گۆش سالغانىدى. قەيسەر ئاپىسىنىڭ گۆش سالغانلىقىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ گۆش پىشقۇچە ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى ئاپىسى تۇنجى قېتىم گۆش سالغاندا (ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ) قىلغان ھېلىقى سۆزىنى پەقەت ئۇنتۇمىغانىدى: «بۇ ئۆيدە گۆش جىق!» ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن، قاچانلا قارىسا ئاسقۇدا گۆش ئۈزۈلمەيدۇ. چوڭ بىر سېۋەتتە چالا شىلىنغان لىق ئۇستىخان. مانا بۈگۈن قەيسەر تويغىچە يەيدۇ، قارا گۆشلىرىنى چىشلەپ - چىشلەپ يەيدۇ. ئۇ نەپسى تاقىلداپ گۆش پىششىغىلا شىرە ئالدىغا بېرىۋالدى. ئەم-

ما، ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى ئاچىسى بىلەن سىڭلىسى قازاندا گۆش ئەمەس، ياغاچ قايناۋاتقاندەك شىرە تەرەپكە قاراپمۇ قويماي ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. «گۆشكە ئۆچمىكىنە؟ بوپتۇلا، ئۇنداق بولسا ئۆزۈملا يەۋېرەي.» قەيسەر شۇ ساددا خىيال بىلەن ئاشخانا ئۆيگە بويۇندىدى.

سارەم ئاشخانىدا چىنىلەرگە شورپا ئۇسۇپ، تەخسىلەرگە ھەربىر ئادەمگە ئىككى پارچىدىن گۆش سېلىپ تۇراتتى، ئاشخانىغا داۋۇت كىرىپ كەلدى. شورپا ئۇسۇلغان چوڭ چىنىلەرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز، ھە؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — كىچىك باللارغىمۇ چوڭ چىنىدە... لايىقىدا بولسۇن، ئۇلارغا كىچىك چىنىدە شورپا بېرىڭ.

سارەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، ئاچچىقىمۇ كەلدى. شۇڭا ئۆز ئىشىنى داۋام قىلىۋەردى. بىراق، ئويلىمىغاندا داۋۇت غەزەپلەندى. ئۇ ئۇچ قاچىدىكى شورپىنى قازانغا تۆكىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن سارەمنىڭ تېنى «غۇژژىدە» بولدىيۇ، لېۋىنى چىشلەپ شورپىنى كىچىك چىنىلەرگە باشقىدىن ئۇسۇشقا باشلىدى.

— قەيسەر كىچىك بولغاندىكىن بىر پارچە يېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى داۋۇت قەيسەرنىڭ تەخسىسىدىكى بىر پارچە گۆشنى چوكىدا قىسىۋېلىپ قازانغا تاشلاۋېتىپ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنچە گۆشنى بىر قېتىمدىلا يېيىش پەرز ئەمەس. كەچمۇ بار...

سارەم سايلىقنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ داۋۇتنىڭ «قولىدىكى مايىنى ئەمەس، كىرنى يالايدىغان ئادەم» ئىكەنلىكىنى بۇگۇن تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ: «بۇ ئادەم بىلەن قانداقمۇ ئۆي تۇتارمەن» دەپ ئويلىدىيۇ، لېكىن: «قەيسەر بۇ ئادەم بىلەن قانداقمۇ قىلار؟» دېگەننى يادىغا كەلتۈرمىدى.

ئېنىقكى، داۋۇتقا كېرىكى خوتۇن — سارەم! قەيسەرنىڭ

قىلچە كېرىكى يوق. داۋۇت ئۇچۇن ئارتۇقچىلىق قىلىۋاتقىنى ئادەم ئەمەس، بەلكى نەرسە!

بۇ رېئاللىقمۇ سارەمگە مەجبۇرلاندى. خۇددى نۇرغۇن ئىشلارغا — قەيسەرگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارغا ئوخشاشلا. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئائىلىدە سارەمنىڭ ئورنى ئىككى خىل ئىدى. بىرىنچىسى، داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۇنىڭ سۆزى خېلى ئېتىبارلىق. ئەمما، ئىككىنچىسى، قەيسەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسىلا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سارەممۇ بەرىبىر. سارەمنىڭ شۇ سەۋەبلىك كۆڭلى يېرىم. سارەم بۇ ئىشلارغا قارىتا ئارتۇقچە كۆڭۈل ئاغرىتىشنىڭ ئورنىغا: «بوپتۇلا، قەيسەر كىچىك بالا تۇرسا، كىچىك بالا نېمىنى بىلىدۇ. چوڭ بولۇۋالسىلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتەر» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى، ئوغلىغا چىدام، غەيرەت تىلەيتتى.

ئەمەلىيەتتە، قەيسەر چىدىغان بىلەن سارەم چىدىمىدى، تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. گەرچە داۋۇتنىڭ بىر جۈملە سۆزى، بىر ھومىيىشى بىلەن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغان بولسىمۇ، تۈنجى قېتىم، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم داۋۇتقا ئاچچىقلىنىپ نارازىلىق بىلدۈردى.

10 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى، كۈپكۈندۈزدىلا بىر ئۆينىڭ ئىشىكى قومۇرۇلۇپ ئۈچ يۈز ئەللىك كوي نەق پۇل ئوغرىلاپ كېتىلگەنىدى. بازار ئايلىنىشقا چىقىپ كەتكەن ئۆي ئىگىلىرى قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئاللا- توۋا كۆتۈرۈپ دەرھال ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ساقچىلار سۈرلۈك قىياپەتتە يېتىپ كېلىشىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرغان داۋۇت بېشىنى چايقاپ ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى.

— ئادەملەر بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى داۋۇت ئۆيىگە

كىرىپلا ئاچچىقلىنىپ، — مانا كۈپكۈندۈزدىلا خەقنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. بەزىلەرنىڭ يۈرىكى ھەقىقەتەن يوغىناپ كېتىپتۇ. «كۈندۈزدە بىرى كۆرۈپ قالارمۇ» دېمىگىنىنى. نەچچە يىل ئۆتمەيلا ...، — داۋۇت دەرھاللا گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى، — ئەمدى بىزمۇ بىخۇدلۇق قىلساق بولمىغۇدەك. شۇنداق تۇرسا، خەققە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيدە خەقنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك نەرسىلەر كۆپ تۇرسا...

داۋۇت شۇنداق دەپلا يېڭىدىن سېتىۋالغان «قار لەيلىسى» ماركىلىق رادىئوغا ۋە تامدىكى ئوتقاشتەك گىلەمگە قاراپ قويدى.

— ھە، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى سارەم ئاشخانا ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ. داۋۇت خاپىغان ھالدا مەھەللىدە بولغان ئىشنى بىرياقتىن سۆزلەپ بەردى. سارەم ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ «بىچارىلەر» دەپ قويدى.

— ھىيلىسى تولا ئوغرىلار ئوخشايدۇ، — دېدى داۋۇت سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئېھتىيات قىلمىساق ئۆيدىكى نەرسىلەر ئوغرىلارنىڭ قولىغا موككىدىلا چۈشۈپ كەتكۈدەك. شۇڭا بەكرەك كۆز - قۇلاق بولمىساق بولمىغۇدەك. شۇڭا... ھە... شۇڭا قەيسەر ھويلىدا ياتسۇن.

— نېمە؟ — سارەم ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— ھازىر كېچە ئۇزىراپ قالدى. كېچىنىڭ ئۇيقۇسى يامان. غەپلەت بېسىپ قالسا بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ. شۇڭا...

سارەم بۇ گەپتىن چەكچىيىپلا قالدى. بۇنى كۆرگەن داۋۇت سەل ھودۇققاندەك بولدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاۋازىمۇ بىلىنەرلىك تىترەپ كەتتى:

— بەك سوغۇق بولۇپ كەتكۈچە... ئوغۇل بالا تۇرسا...

سارەمنىڭ تېنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ خۇددى ئۆزى خورلىنىۋاتقاندەك ياكى ئۆزۈندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن خورلىنىش بىردىنلا ئاشكارىلانغاندەك، بۇگۈن تۈنجى قېتىم

داۋۇتقا ھەقىقىي غەزىپى بىلەن سۆز قىلالىدى:
— قەيسەر ئوغۇل بالا بولسىمۇ ئادەم!

داۋۇت بۇ غەزەپلىك چۇقاندىن مەڭدەپ قالدى. كۈتۈلمىگەن
بۇ نارازىلىق ئۇنىڭ ھەرقاچان دېۋەيلەكلىك تۇرغان تۇيغۇسىنى
ياۋاشلىتىۋەتكەندەك بولدى. ئۇ ئەندىككەن كۆزلىرىنى سارەمنىڭ
غەزەپ ئۇچقۇنداۋاتقان كۆزىگە داۋاملىق تىكىپ تۇرۇۋېرىشكە تا-
قەت قىلالمىدى ۋە قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ قالدى. بۇنى
كۆرۈپ سارەمنىڭ جىددىيلىك قاپلىغان مېڭە تالالىرىمۇ بوشاشقان-
دەك بولدى. سارەمنىڭ بوشىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن داۋۇت
بېشىنى كۆتۈردى.

— ھە، ياتسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى داۋۇت بىردىنلا قەھرى
بىلەن، — ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسى، ئۆزىمىزنىڭ بالىسى، كىمگە
زىيان؟

— سوغۇق چۈشكىچە دەيسىز، سوغۇق شۇنچىلىكلا بولمام-
دۇ. مۇشۇ سوغۇقتا قانداقمۇ ھويلىدا ياتقىلى بولسۇن؟ —
سارەممۇ تېخى ئاچچىقىدىن يانمىغانىدى.

— ھوي، نېمىشقا؟ نېمىشقا؟؟؟ — داۋۇت كۆزلىرىنى
سۈرلۈك چەكچەيتتى، — بىزدەك ئەتىۋارلىق نەرسىلىرى بار
ئادەملەرنىڭ بالىلىرى سىرتتا ياتىدۇ.

— سىز... سىز...، — سارەم كېسىلىپ كەتتى. ئەسلىي
ئۇ «سىز قەستەنگە شۇنداق دەۋاتىسىز» دېمەكچىدى. بىراق،
نېمىشقىدۇر ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. داۋۇت قاپاقلىرىنى تۈ-
رۈپ سارەمگە بىر ھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن دىمىغىنى
قاقتى:

— ھە شۇنداق بولسۇن... يوتقاننى قېلىنراق يېپىپ قويۇڭ.

سارەم يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. داۋۇت بولسا پەرۋاسىز-
لارچە چىقىپ كەتتى. سارەم خېلى ئۇزۇنغىچە مىشىلدىدى. ئاز-
دىن زادى نېمە ئىشتا خاتا قىلغانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەت-

تى، كۆپ ئويلاندى. ئەمما، قانچىلا كۆپ باش قاتۇرسىمۇ بىر يەكۇندىن — «خاتا تونۇپ قاپتىمەن» دېگەن بىر جۈملە سۆزدىن نېرى كېتەلمىدى. بىراق، ئەمدى نېمە ئامال؟ «چېكىنىش؟»، «سۆزىگە كىرىپ تىنچ ئۆتۈش»، «قايىل قىلىش؟» ئەمما، رېئاللىق ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. شۇنداق، سارەمنىڭ ئالدىدىكى رېئاللىق بىرلا يولنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى... سارەم ئاخىرى يەنە ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى: «بوپتۇ، بالام چوڭ بولۇپمۇ كېتەر...»

ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئورۇن سالغۇچە يەنە ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىدى. ئۇ قەيسەرگە: «ئوبدان يېپىنغىن، پۇتۇڭنى ئوچۇق قويما» دەپ تاپىلىدىيۇ، «ئۆيگە كۆز - قۇلاق بولۇپ ياتقىن» دېگەن سۆزنى قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ قەيسەرنىڭ مۇزلاشقا باشلىغان يۈزىنى سىلاپ خېلىغىچە ئولتۇردى. ئەمما قەيسەر بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. سارەمنىڭ يۈرىكىنى داۋاملىق زېدە قىلىدىغان ئىش مۇشۇ ئىدى. قەيسەر ئۆيدە باشتىكىگە ئوخشاشلا ئارتۇقچە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايتتى. سورالغان سوئاللارغا «ھە»، «ياق» بىلەن ياكى ئۆز روھىي دۇنياسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرەتتى. سارەمگىمۇ شۇنداق ئىدى. سارەم ئانىلىق مېھرىگە تولغان نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلسىمۇ، قەيسەر بېشىنى ئۇن - تىنسىز سېلىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنى سۆزلىتىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر كۈچتىن ئايرىلىپ قالغاندەك، شۇ سەۋەبلىك سۆزلەشكە ئاغزىنى ئېچىشقىمۇ رىغبىتى قالمىغاندەك ئىدى. قەيسەرنىڭ مۇنداق جىمىغۇرلۇقى سارەمنىڭ ئانىلىق روھىي دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەنىدى، بۇنداق چاغلاردا سارەم «بۇنداق كېتىۋېرىپ بالام ئىچىدىن تۈگىشىپ كەتمىگىيدى» دەپ ئەنسىرەپ قالاتتى.

سارەم ئۆيگە كىرىپ كەتكۈچىمۇ ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمىدى.

ئۇلارغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرغان داۋۇت سارەم كىرىپ كېتىشى بىلەنلا ئۆيدىن چىقىپ قەيسەرنىڭ يېنىغا كەلدى:

— قەيسەر، سەگەكرەك يات، بۇ ھىيلىگەر ئوغرىلار بىزنى ئوڭدا قويمىسۇن يەنە.

قەيسەر جاۋاب بەرمەي يېتىۋەردى. داۋۇت ھويلىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

قەيسەر ھويلىدا يالغۇز قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزىنى يالغۇز دەپ ھېسابلاۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالغانىدى. قەيسەر كۆز پەسلىدىكى تۇتۇق ئاسمانغا قارىغىنىچە چۈشىنىكسىز خىيال بىلەن ياتاتتى. ئۇ بۇنداق ھالەتتە تۇرۇشقا، يېتىشقا كۆنۈپ كەتكەن··· بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلدى. بىراق، قەيسەر ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ ئۆينىڭ چىرىغىنىڭ يېنىپ تۇرۇشى بىلەن ئۆچۈرۈلۈشى بەربىر ئىدى.

كۈزنىڭ كەچلىك ھاۋاسى مۇزلاشقا باشلىدى. قەيسەر قولىنىمۇ يېپىنچىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. قەيسەر خىرە - شىرە يۇلتۇز كۆرۈنۈپ قالىدىغان كۈز ئاسمىنىغا تىكىلگىنىچە ئاستا - ئاستا خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ تا ھازىرغىچە ئويلايدىغىنى مۇرەسسىدە مېڭى بار ئادەم ۋە ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى «نېمە ئۈچۈن شۇ ئىش بىلەنلا ئۆلۈپ كېتىدۇ؟» دېگەن سوئال ئىدى. ئاتىسىنىڭ بىردەمدىلا ئۇلار بىلەن مەڭگۇلۈك خوشلىشىشى خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىگە سىغمىغان، چۈشىنىكسىز بىلىنگەنىدى. ئەمما، ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى قانداقمۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن؟ قانداقمۇ تەھلىل قىلىپ چىقالىسۇن؟ پەقەت ئاشۇ چۈشىنىكسىزلىكلا ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىكى بالىلىقتا خاس شوخلۇقلارنى، ئەركىلەشلەرنى، قەغىشلىك قىلىشلارنى ئەكەتكەن. قالغىنى خىيال، تۇگىمەس خىيال. مۇرەسسىدە مېڭى بار ئادەم بىلەن ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خىيال. بۇنىڭغا قوشۇلغان يېتىملىك تۇيغۇ-

سى ئۇ خىياللارغا بىر قەۋەت خورلىنىش تونى ئوراپ قويغان.
هاۋا بارغانچە مۇزلاپ كەتتى. كارۋاتنىڭ يۆلەنچۈكلىرى،
ھەتتا، ياستۇقنىڭ باش تەگمىگەن يەرلىرى بەدىنى تەگسە شۇر-
كۈندۈرگۈدەك مۇزلاپ كەتكەندى. شۇڭا قەيسەر بېشىنىمۇ يوتقان
ئىچىگە تىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. يوتقان ئىچى ئوخشاشلا قا-
راڭغۇ ئىدى. ئەمما، بۇلار قەيسەر ئۈچۈن بەربىر. قۇياش —
ئاتىسىدىن ئىبارەت ھاياتىي كۈچكە ئىگە قۇياش غايىب بولغان.
«ئاتا، نېمىشقا مېنى تاشلاپ كېتىسەن؟ يا مېنىمۇ بىللە ئەكەت-
سەڭ بولمامدۇ؟ ھېلىقى كىتابلىرىڭنى مەن كۆتۈرۈشۈپ بېرەر
ئىدىم. شام تۈگىسە يەنە ئېرىنمەي دۇكاندىن شام ئەكىرىپ
بېرەتتىم. ئاتا، مېنىمۇ بىللە ئەكېتىمەن دېسەڭ. ھېلىقى مەڭ-
لىك كىشى ئۇنىمىغاندۇر تايىنلىق...» قەيسەر شۇ خىياللار بىد-
لەن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ يەنە شېرىن چۈش ئىلكىگە ئۆتتى:
ئاتىسى تىنماي خەت يېزىۋاتىدۇ. قەيسەر ئاتىسىنىڭ يېنىدا شام
تۇتۇپ تۇرىدۇ... قەيسەر بۇ چۈشنى كۆرۈۋاتقىلى خېلى كۈنلەر
بولۇپ قالغانىدى.
قەيسەر كۈزنىڭ سوغۇق ھاۋاسىدا يوتقان ئىچىدە — ئۆزىنىڭ
دۇنياسىدا تاتلىق چۈش كۆرگىنىچە شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى. شۇ
تاپتا ئۇنىڭ ئويىدا ئوغرى نېمە ئىش قىلسۇن. ئوغرىلىسا ئوغرى-
لىۋەرسۇن، ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بۇ دۇنيادىن ئوغرى-
لاپ كېتىلگەن يەردە، ئۇ رادىئو، گىلەم دېگەنلەر قانچىلىك
نەرسە ئىدى؟ نېمە ئىدى!
قەيسەر ئەتىسى سوغۇق بىر قولنىڭ يۈزىنى سىلىشى بىلەن
ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كارىۋات بېشىدا ئۆزىگە ئوڭايسىز ھالەتتە
قاراپ تۇرغان ئاپىسىنى كۆردى.
— توڭلىدىڭمۇ، بالام؟ — سورىدى سارەم كۆيۈنۈش تەلەپ-
پۇزىدا.
قەيسەر بېشىنى چايقىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ يات تىنىق-

لار، خورەك ئاۋازى پەقەت قۇلىقىغا كىرمەيدىغان بۇ يەرنى ياقتۇ-
رۇپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئۇخلىسا قانداق راھەت - ھە؟
— ئاغرىپ قالمىغانسەن، بالام؟ — سارەم شۇنداق دەپ
ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى.
— قاراڭ، بالىنىڭ روھلۇق تۇرغىنىنى، ئۆزى بىلىدۇ،
— دېدى داۋۇت ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، — بىزمۇ خاتىرجەم
ئۇخلىدۇق. جاپا تارتىپ قالمىغانسەن؟
قەيسەر بېشىنى چايقىدى.
— ياخشى، ئوغۇل بالا، — داۋۇت تولىمۇ سۇنئىي ئاۋازدا
ماختىۋەتكەندىن كېيىن سارەمگە يۈزلەندى، — ھە، مەن ئاخشام
دېيىشكىنىمىز بويىچە بالىلارغا كىيىم ئالغىلى بارىمەن.
— قەيسەرگە چاپان، ئاياغ، ئاياغىنىڭ ئىچى ...، —
سارەمنىڭ سۆزى تىلىدىلا قالدى.
— يادىمدا، — دېدى داۋۇت ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ.
— ئۆلچەيدىغانغا يا بالىلارنى ئېلىۋالمىدىڭىز.
— بىلىمەن.
داۋۇت چىقىپ كەتتى. سارەم ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ بىر ئاز
تۇرغاندىن كېيىن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ ئۆيگە كەلگەن-
دىن بېرى ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدىن خېلى قانائەت تېپىپ قالغان
بولسىمۇ، ئەمما نېمىشقىدۇر كۆڭلىنىڭ بىر يېرى بىسەرەمجان
ئىدى. بەلكىم، قەيسەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر، راست، مۇشۇ
قەيسەر...
— بالام، راست مۇزلىمىدىڭمۇ؟ — سارەم ئىشەنمىگەندەك
يەنە سورىدى. قەيسەر يەنە بېشىنى چايقىدى.
— يۇر، ناشتا قىلىۋال.
قەيسەر ئۈنسىز ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بۇ خىل
ئىپادىسى يەنە سارەمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋەتتى: «ئاھ، بالام،
قاچانغىچە ئىچىڭگە تىنىپ يۈرىدىغانسەن...»

كەچكە يېقىن داۋۇت ئازراق تەڭشىلىۋالغان هالدا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى سېرىق سومكىدىن كىيىملەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىشىگىلا ئىككى قىزى سومكىدىكى كىيىملەرنى بۇلاپ - تالىغاندەك ئېلىشىپ سارەملەرگە، توغرىسى، سارەمگە كۆرسىتىپمۇ باقماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

داۋۇت تولىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن كىيىلگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان بىر چىبەرقۇت چاپاننى ئېلىپ سارەمگە بەردى. سارەم چاپاننى ئېلىپلا داۋۇتقا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— هە، — دېدى داۋۇت ئەسنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — شۇنچە ئىزدەپمۇ قەيسەرگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك چاپان تاپالمىدىم. ئىزدەپ كېتىۋاتسام بىرى مۇشۇ چاپاننى ساتىمەن دەپ يۈرىدۇ. قارىسام ئەپلىكلا...

ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى، پۇلنى كۆزلەپ كونا كىيىم سېتىۋالغانلىقىنى سارەم دەرھاللا بىلىۋالدى. بۇنىڭدىن سارەم بەك خورلىنىش هېس قىلدى ۋە كەچتە داۋۇت بىلەن قاتتىقراق دېيىشىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئويلىمىغاندا چاپان قەيسەرگە يارىشىپ قالدى، كونىلىقىمۇ چانمىدى. بۇنى كۆرگەن داۋۇتنىڭمۇ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. كىيىمنىڭ قەيسەرگە بەك ياراشقانلىقىدىن سۆيۈنگەن سارەم بايىقى خاپىلىقىنى بىردەملىككە بولسىمۇ ئۇنتۇدى ۋە:

— ئاياغچۇ؟ ئاياغ قېنى؟ — دەپ سورىدى. داۋۇت جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ:

— سەلىمە، — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ هامان يېڭى كىيىمى بىلەن تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەن سەلىمە چىقتى.

— هېلىقى ئاياغنى ئاچىق! — بۇيرۇدى داۋۇت. سەلىمە دەرھال ئاچىقتى. ئۇنىڭ ئاچىققىنى ئانچە كونىرىمىغان قىز بالىچە ئاياغ ئىدى.

— قەيسەر هازىرچە مۇشۇ ئاياغنى كىيىپ تۇرسۇن، — دېدى داۋۇت.

— سىز… سىز نېمە دەۋاتىسىز، — سارەم ئاچچىقلاندى، — ئاخشاملا يېڭى ئاياغ ئېلىپ بېرىمەن دېگەنغۇ؟

— شۇنداق دېگەن. بىراق، بۈگۈن قارىسام بۇ ئاياغمۇ يېڭىلا ئىكەن. شۇڭا… مەن مۆلچەرلەپ باقتىم. دەل كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. هە، قەيسەر، بۇ ئاياغنى كىيىپ كۆرۈپ باق.

ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان سارەم ئاياغنى قولىغا ئالدى. ئاياغ ھەقىقەتەن كونىرىمىغان، قىز بالىچە ئىكەنلىكىمۇ بەك چېنىپ كەتكۈدەك ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا داۋۇت «ئىشتاننى ئۆزۈڭلار ئېلىۋېلىڭلار» دەپ سارەمگە ئون يۈەن پۇل بەردى. بۇنىڭ بىلەن سارەمنىڭ ئاچچىقى خېلى يېنىپ قالدى.

لېكىن، كىيىملەرگە ۋە كىيىملەرنىڭ ئۆزىگە كىيدۈرۈلۈشىگە ئىپادىسىز قاراپ تۇرغان قەيسەر ئاياغنى كىيىشكە قەتئىي ئۇنىمىدى ۋە تۇيۇقسىز زۇۋانغا كېلىپ ۋارقىرىدى:

— سەن مېنى شۇنچە ئۆگەي كۆرەمسەن؟! مەن قىز بالىچە ئاياغنى كىيمەيمەن. مەن دېگەن ئوغۇل بالا!

قەيسەر سۆزدىن، ۋارقىراشتىن چېچىپىدە توختىدى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. باشقىلار ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. داۋۇت بولسا ھەيرانلىقتىن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، دەھشەتلىك ھۆركىرەپ «ھۇ شۇمتەك!» دېدى ۋە قولىدىكى چاقماقنى قەيسەرنىڭ بېشىغا ئاتتى. چاقماق تەگكەن يەر دەرھال ئىششىپ چىقتى.

— ماڭ ئۆيدىن چىق، يوقال! — داۋۇت شۇنداق دەپ قەيسەرنىڭ كۆتىگە كۈچەپ بىرنى تەپتى. قەيسەر كۈتۈلمىگەن بۇ زەربىدىن دەلدەڭلەپ بېرىپ يىقىلدى. ئەمما، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ داۋۇتقا چەكچىيىپ قارىدى ۋە پاڭگىدە يىغلىغىنىچە

سىرتقا قاراپ يۈگۈردى. شۇ چاغقىچە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن داڭ قېتىپ قولىنى چىشلىۋالغان سارەم «ئوغلۇم» دەپ ئۇنىڭ كەينى-دىن يۈگۈرمەكچى بولۇۋىدى، داۋۇت كاپپىدە بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى:

— مەن لازىم بولسام، بەلكىم قايتىپ كېلىدۇ. مەن ئۆگەي ئاتا بولسامۇ ئاتا. مېنى شۇنچە پەس كۆرسە بولامدۇ؟

سارەم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن دەھشەتلىك تەھدىتنى سېزىپ توختاپ قالدى ۋە ئۈنسىز نىدا قىلدى: «ئوغلۇم، قايتىپ كەل!»

— سەلىمە، — ۋارقىرىدى داۋۇت، — ماڭ چىقىپ ئىشىك-نى ئەت!

ئىشىك مەھكەم تاقالدى.

داۋۇت كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. سارەم بولسا زادى كىمنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئايرىيالماي: «قەي-سەر كىچىك، بۇ ئىشلارنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قايتىپ كىرىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئىشىك ئالدىدىكى شەپىلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى.

قەيسەر شۇ يۈگۈرگىنىچە كوچا بېشىدىكى ئۈزۈملۈككە چى-قىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

# تۆتىنچى باب

## ئىشىك ئېچىلمىدى

قەيسەر ئۈزۈملۈكتە بۇقۇلداپ يىغلاپ خېلىغىچە ئولتۇردى.
شۇڭلىرى (تاللىرى) يىغىلغان ئۈزۈملەر كۈز ۋە قىشتىكى مەلۇم
دەھشەتتىن قورقۇپ چىڭ كىرىشىۋالغاندەك، پەقەت باھار كەلسى-
لا قۇچاقلىرىنى كەڭ ئاچىدىغاندەك ئىدى. ئەگەر بۇ خىسلەت
قەيسەردىمۇ بولغىنىدا ئىدى، ئۆزىنىڭ قەلبىنى تۈگىمەس خور-
لۇقلار بىلەن زېدىلىگەن ئۇ مۇدھىش ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ،
قاچانكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئىنساپ پەيدا بولغانغا قەدەر پىنھانغا
يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولاتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدى-
غا بارمايتتى. ئەمما، بۇ ھازىرقى ئەھۋالدا قانداق مۇمكىن بول-
سۇن؟ ئادەملەر شەيئىلەرگە ئادەملەر ئۆز ئارزۇ - مەقسەتلىرى
بويىچىلا مەنىلەرنى يۈكلەپ، مەنىلەرنى بېرىپ يەنە ئۆزلىرى
ئاۋۇندۇرىدۇ، ئىلھاملىنىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال بولغاچقا، قارى-
ماققا ئۇ ئىش بىر ئاز بىمەنىلىكتەك تۇيۇلىدۇ. بىراق، چەكسىز
ھاياتى كۈچ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلىغاندىلا ئىنسان بىلەن تەبى-
ئەتنىڭ نەقەدەر چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى روشەن ھېس قىلغى-
لى بولىدۇ. بۇنى روھىي دۇنياسى بۇلغانمىغان، قەلبى ئىنسانغا
يات قىلىقلار بىلەن تۇمانلانمىغان سەبىيلەر تېخىمۇ چوڭقۇر چۈ-
شەنسە كېرەك. شۇڭىمۇ بالىلار تەبىئەتكە ئەڭ يېقىن. تەبىئەتتىن
ئەڭ گۈزەل، يېقىملىق تۇيغۇلارغا ئىگە بولىدىغانلارمۇ ئالدى
بىلەن ئاشۇ بالىلار.

قەيسەر بىر تال ئۈزۈم يوپۇرمىقىنى چىشلىگىنىچە قاز-
داق قىلىش تۇغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇ سو-
غۇق چىرايلارغا، مۇدھىش نەزەرلەرگە تولغان ئۆيگە قايتقۇسى
يوق ئىدى. ئۇ ئۆي ئۇنىڭغا سىرتتىنمۇ سوغۇق بىلىنەتتى.
ئاخشام ھويلىدىكى كارىۋاتتا خويمۇ ئوبدان ئۇخلاپتىكەن ـ ھە!
«ياق، ئەمدى ئۇ ھويلىغىمۇ كىرمەيمەن.» قەيسەر قەتئىي نىيەت-
كە كەلگەنىدى. ئۇ كۆرگەن، ئاڭلىغان ئۆگەيلەش مۇشۇنداق
بولىدىغان ئوخشايدۇ؟ نېمىشقا بىر ئۆيدە تۇرغان بالىلار ئوخشاش-
مىغان مۇئامىلىگە دۇچار بولىدۇ؟ نېمىشقا بىر ئوبدانلا ئادەملەر
ئۆگەي بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا بىردىنلا تۇتقاقلىق كېسىلى
تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك مۇنچە سۇرلۇك، قەبىھ كۆرۈنىدۇ. بىر
تال ئالما سېسىپ كەتسە مەيلىكى، ئۆگەي بالىغا چىرايلىقچە
بەرگۈسى كەلمەيدۇ؟ ئادەملەردىكى بۇ خىل ئۆچمەنلىك قانداق
پەيدا بولغان؟ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق تۇيغۇ ئۇيغىنىدۇ؟ ئەجە-
با، بارلىق ئۆگەي ئاتا ـ ئانىلار ئوخشاشمىدۇر؟ ئۆگەي بالىسىنى
ئۆز بالىسىدەك كۆرىدىغانلار زادىلا يوقمىدۇر؟ قارىغاندا يوقتەك
قىلىدۇ. قەيسەر مەھەللىدىكى ۋە مەكتەپتىكى ئۆگەي بالىلارنى،
ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ كۆرۈپ ئاشۇنداق يەكۈن چىقارغان
بولدى. دېمەك، ئۇمۇ ئاشۇ بالىلار قاتارىدىكى ئۆگەي بالا — بىر
يېتىم ئىكەن!
قەيسەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئاتىسىنىڭ سىيماسى كەلدى. ئۇ
ئاتىسى بىلەن مۇشۇ ئۈزۈملۈككە بىرنەچچە قېتىم كەلگەن. لې-
كىن، ئاتىسى بۇ مەھەللىدە داۋۇتنىڭ ئۆيى بارلىقىنى ئۇنىڭغا
ھەرگىز دەپ باقمىغان. پەقەت ئاتىسى مۇشۇ ئۈزۈملۈكتە تەكلەر-
نىڭ غوللىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەن، خاتىرىلىگەن. قەيسەر
ئاتىسىغا دورا قۇتىلىرىنى، سۇلياۋغا ئورالغان ئۈزۈم غورىلىرىنى
كۆتۈرۈشۈپ بەرگەن، كىشىلەر ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىدىن بەك خۇ-
شال بولغان، شەھەر رەھبەرلىرىمۇ چوڭ يىغىندا ئاتىسىنى تەق-

دىرلىگەن. كېيىن... كېيىن... كېيىنكى ئىشلار... بىراق، جاھاننىڭ ئۇ رەڭدار غوۋغالىرىنى قەيسەر شۇ يېشىدا قانداقمۇ چۈشىنىپ كېتەلىسۇن. پەقەت ئۇ ئاتىسى بىلەن ئۆتكەن شۇ كۈنلەرنى سېغىنىپلا قالدى، خالاس...

بىر چاغدا ئىللىق، مېھرىلىك بىر قول ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى. بىردىنلا قەيسەرنىڭ ۋۇجۇدى شۈررىدە قىلىپ قالدى. ئۇ مۇنداق شېرىن سېزىمگە چۆمۈلمىگىلى قانچە ئۇزۇن بولغان ـ ھە؟ قەيسەر يىغىدىن توختاپ بېشىنى ئاستا بۇرىدى. ئۇنىڭ يېنىدا مۇشۇ كوچىدىكى زەينەپخان موماي تۇراتتى. بۇ مومايىنىڭ قەيسەرگە تىكىلگەن، ئەتراپىنى قورۇق باسقان كۆزلىرىدىن ھەقىقىي ئانىلارغا خاس بىرخىل نۇر — بالىلارغا قۇۋۋەت بېغىشلىغۇچى نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— نېمىگە بۇنچىۋالا يىغلايسەن، بالام؟ — موماي مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى. قەيسەر ھەم كەچكى سوغۇقتىن، ھەم ئېسەدەشتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— ئوغۇل بالىمۇ يىغلامدۇ؟ — دېدى موماي يەنە. ئەمما، ئوغۇل بالىمۇ ھەقىقىي يىغلاش نۆۋىتى كەلسە يىغلىشى كېرەك. يىغلاش گەرچە ئاجىزلارنىڭ بىر قورالى بولسىمۇ، لېكىن ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس.

— كەچ بولۇپ كەتتى. يۈر ئۆيگە كىرىپ كېتىمىز.

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. موماي ئۇنى يېتىلەپ تەسەللى بەرگەچ ئۆيىگە ئەكىردى. مومايىنىڭ بالىلىرى دەرھال ئوچاق ئالدىنى بوشىتىشتى. ئۆيگە كىرگەندىلا سېزىلگەن ئىللىقلىق ۋە ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىكى قىزغىنلىق قەيسەرنىڭ بەدىنىگە بىرخىل ئىللىق سېزىم ئاتا قىلغاندەك بولدى.

— تاماق ئەكېلىڭلار، — دېدى موماي. بالىلار قەيسەرنىڭ ئالدىغا چامغۇر سېلىپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاش ئەكەلدى. ئاش قەيسەرگە قەۋەتلا تېتىپ كەتتى. سۇيۇقئاشنىڭ ھەر يۇتۇم سۇيى،

ھەر بىر تال چۆپى، ھەربىر پارچە چامغۇرى قەيسەرگە ئادەملەردىكى ئىللىقلىقنى — بىر چاغلاردا قەيسەر ئاتىسى ۋە ئاپىسىدىن كۆرگەن ئىللىقلىقنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ — مېھىر ئىدى! ئۇ تەڭدىشى يوق مېھىر ئىدى! بۇنداق مېھىر ھەتتا ئانا قۇشقاچنىڭ بالىسىنى پاناھلىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. قەيسەر مېھىر تۇيغۇسى ئىلكىدە ئاشنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى تىترەك بارا - بارا بېسىلدى. يېنىدا ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەر بەك كونا بولسىمۇ، ئۇلار شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق خۇشال كۆرۈنەتتى. چېھرىلىرىدە پارلاۋاتقىنى بولسا بەختىيارلىق ئىدى.

— قەيسەر بالام، — دېدى موماي بىر چاغدا، — نېمە بولغانلىقىنى مەن سورىماي. لېكىن، سىلەر كىچىك، چوڭلارنىڭ كۆزىگە قاراپ، سۆزىنى ئاڭلاپ ئىش قىلمىساڭلار بولمايدۇ. چوڭلارنىڭ بېشىدا نۇرغۇن خىيال، غەملەر بولىدۇ. ئۇلار يوقنىڭ كويىدە سەپرالىشىپ سىلەرگە بىھۇدە تېرىكىپ قويىدىغان، ھەتتا، بىر - ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپمۇ قويىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلاردىن رەنجىسەڭلار بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار چوڭ، ئۇلار قانچىلا تېرىكسىمۇ بەربىر ئاتا - ئانا، بالام. مانا مەنمۇ بۇ شۇملار مېنى خاپا قىلسا سۇپۇرگە بىلەن سالىمەن. ئەممازە، ئۇلارنىڭ خۇيلانغىنىنى بىر كۆرەي قېنى... شۇنداق بولغاچقا ئانچىكىم بىر گەپلەر ئۈچۈن خاپا بولۇپ، باتناپ يۈرسەڭلار، كەچكىچە ئۆيگە كىرمىسەڭلار چوڭلارغا زىيادە ئىش تېپىپ بېرىسىلەر. لېكىن، بايا دېدىم، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى كويلارمۇ يېنىك ئەمەس.

قەيسەر يۇمشاق تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ قالدى. قەيسەر: «ھېچنېمەم ئەمەس تۇرۇپ شۇنداق ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. سۆزلىرى نېمىدېگەن ئوبدان. نېمىشقا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ بالىسى بولۇپ قالمىغان

دىمەن؟ يا زەينەپخان موماممۇ ئۆگەي ئاپا بولغان بولسا ئۇرۇپ-تىللاپ كېتەرمىدىكىن...» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

زەينەپخان موماي ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى:

— كەچمۇ كىرىپ قالدى. ئەمدى ئۆيۈڭگە كىرىپ كەت. بولمىسا ئاپاڭ ئەنسىرەپ قالىدۇ.

بۇ گەپتىن قەيسەر چۆچۈدى ۋە مومايغا ئەندىكىپ قارىدى. ئۇ بۇ گەپنى پەقەت كۈتمىگەنىدى. ئۇنىڭ بالىلىق دۇنياسىدا مۇشۇ ئىللىق ئۆيدە تۇرۇپ قالىدىغاندەك غۇۋا بىر خىيال بار ئىدى.

— شۇنداق قىل، بالام، ئېمىلا بولمىسۇن ئۇ سېنىڭ ئۆ-يۈڭ! ئۆز ئاپاڭ بار. ئاپا دېگەن بەرىبىر ئاپا، يۈرەك پارىسىگە چىدىمايدۇ...

زەينەپخان موماي نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ قەيسەرنى ئۇزىتىپ قويدى.

قەيسەر سىرتقا چىققاندىن كېيىن بېشىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە ئاغرىغان يەرنى سىلاپ ئۇ يەرنىڭ ئىششىپ قالغانلىقىنى بىلدى. چاقماق ئۇنىڭ بېشىغا ھەقىقەتەن قاتتىق تەگكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇ ئۆيدىن تېخىمۇ رايى يېنىپ كەتتى. بىراق، ئۇ ئۆيگە كىرمەي نېمە ئامال يا كەينىگە يېنىپ زەينەپخان مومايىنىڭ ئۆيىگە كىرگىلى بولمىسا. شۇنىڭ بىلەن قەيسەر «كىر-رەي دېسە تېخى، كىرمەي دېسە ئامال يوق» ھالەتتە پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ھېلىقى ئۆيگە — ئۆز نەزىرىدىكى ئازاب ماكانىغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

ئەنە قورۇنىڭ ئىشىكى كۆرۈندى. قەيسەرنىڭ يۈرىكى تىترى-دى. ئۇ قورۇ، ئۇ ئۆي... قەيسەرنىڭ بەدىنى تېخىمۇ مۇزلاپ كەتتى. ھويلىدىن بولسا تېخىمۇ قاتتىق باشقىچە بىر مۇزدەك شامال چىقىۋاتقاندەك ئىدى. قەيسەر ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈ-رۈپ مۇرىسىنى چىڭ قاماللىغىنىچە ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئۇ

بايا دەل مۇشۇ ئىشىكتىن يىغلاپ چىقىپ كەتكەن. ئەمدىلىكتە توڭلاپ تىترىگىنىچە، يەنىلا قەلبى سوغۇق ھالدا شۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شۇ تاپتا قەيسەر ئۆيگە كىرىپ كېتىشنىلا ئويلا- ۋاتاتتى. سىرت ئوخشاشلا سوغۇق، ئۆي ئوخشاشلا سوغۇق، ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىمۇ ئوخشاشلا سوغۇق...

قەيسەر توڭلىغانسېرى ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە ئالدىرىدى. بىر سەبىي بالا بۇ ھالدا باشقا نېمىنىمۇ ئويلىيالىسۇن؟ بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگىگە قانداقمۇ يېتەلىسۇن؟ ئەسلىي ئۇنىڭ ئاپىسى- نىڭ ئېتىكىنى ئەڭ ياخشى پاناھ جاي دەپ بىلىدىغان، ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئەڭ توغرا دەپ تونۇيدىغان مەزگىلى ئىدىغۇ؟ ئەمما، قېنى ئۇ ئېتەك؟! قېنى ئاتا سۆزى؟ بولۇپمۇ، شۇ تاپتا ئەڭ كېرەك بولۇۋاتقىنىــى ئىللىق ئانــا بــاغرى ئىدىــغۇ؟ لېكىن ... لېكىن...

قەيسەر ئىشىك ئالدىدا بىرئاز تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن سو- غۇقتىن تىترەۋاتقان ئوماق قولىنى ئىشىككە ئېلىپ باردى. بىـ- راق، ئۆزىگە خېلىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالغان ئىشىكنى ئۇرۇشقا، ئاجىزغىنە چېكىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. كۆڭلىمۇ ئۇنىمىدى. خۇددى ئىشىكنى چەكسىلا تېخىمۇ چوڭ دەشنام يەيدىغاندەك ۋۇ- جۇدى تىترەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھالسىز ھالدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنى سوغۇق بوزەك قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئاخىرى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرەرىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ قېلىشىنى ۋە ئۆزىنى كۆرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشىنى تىلىدى. ئەمما بۇنداق ئىش بولمىدى. قەيسەر شۇ ئۈمىد بىلەن ئىشىك ئالدىدا بىر سائەتتەك ئولتۇرغان بولسىمۇ ئۆيدىن ھېچكىم چىقمىدى. قەيسەر ئۆز-ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ يۈزىنى ئىـ- شىككە يېقىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ھويلىغا قارىدى. ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق ھويلىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتـ-

تى. «ئۇلار تېخى ئۇخلىماپتۇ. نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟» قەيسەر ئۆي ئىچىدىكى ئادەملەرنى كۆرمەكچى بولغاندەك يۈزىنى ئىشىككە تېخىمۇ مەھكەم ياقتى.

ئۆي ئىچىدە بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە سۈرۈنلۈك ھۆكۈم سۈرگەن. داۋۇت تاماكىسىنى ئۇزمەي چېكىپ قاپىقى تۈرۈك ھالدا ئولتۇراتتى. سەلىمە ئۆز ئىشى بىلەن بەند. گۈلشەن بولسا قولىدىكى قونچاقنى خۇشياقمىغاندەك ئويناپ ئاتىسى بىلەن ئۆگەي ئاپىسىنىڭ چىرايىغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. سارەم ئېرىگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ، كۆزىنى سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. بىراق، داۋۇت ئاچچىقىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ «نېمىلا ئىش بولسا مەيلى» دەپ ھېچكىمنى سىرتقا چىققىلى قويمىدى. شۇڭا، سارەم باياتىدىن بېرى كۆڭلىدىكى تەشۋىش تۈپەيلى نەچچە قېتىم ئىشىك تەرەپكە تەلپۈنۈپ ئورنىدىن قىمىرلىغان بولسىمۇ، داۋۇتنىڭ تۈنتۈلغان چىرايىغا قاراپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ كۆزى ئىشىكتە ئىدى. ئۆزى بولسا «بالام، نەدىمۇ يۈرىدىغانسەن؟ كىچىك بولغاندىكىن ھە دەپ گەپكە كىرىپ، ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ تىنچ ئۆتكىلى قويساڭ بولمامدۇ. كىچىكىڭدە خېلى رايىش بالا ئىدىڭ، ئەمدى نېمىمۇ بولۇۋاتقانسەن؟… قايتىپ كەل، بالام، نېمىلا بولسا قايتىپ كەل…» دەپ ئۆزىگە تىنماي پىچىرلايتتى.

شۇ چاغدا ھويلا ئىشىكى يېنىك چېكىلدى. بۇنى ئاڭلاپ سارەم جىددىيلىشىپ دەرھال داۋۇتقا قارىدى. داۋۇت ئىشىك چەككەن ئاۋازغا سەل دىققەت قىلىپ قويۇپ بېرىنى يۆتەلدى. ئۇنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىدا مەغرۇرلۇق روشەن سېزىلىپ تۇراتتى. ئىككى قىز بولسا ئاتىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ئىشىك يەنە چېكىلدى — ئالدىنقى قېتىمقىدىن بەكرەك چېكىلدى. بۇنى ئاڭلاپ سارەم ئورنىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتى ۋە ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرىنى داۋۇتقا غەزەپ بىلەن

تىكتى. ئەمما، داۋۇت شۇ تۇرقىدا بىر مۇز ئادەم ئىدى. گۇرۇلدەپ تۇرغان ئوت ئېرىتەلمەيدىغان، ئەكسىچە ئىنسانلىق ئۇچقۇنىلا كارغا كېلىدىغان مۇز ئادەم ئىدى. ھالبۇكى، داۋۇت ئۆزىدىكى ئۇ نەرسىنىمۇ توڭلىتىۋەتكەنىدى. بۇنى كۆرگەن سارەم قەتئىي نىيەت بىلەن ئىشىك تۇۋىگە بىرنەچچە قەدەم چامدىدى.

— توختاڭ! — داۋۇت قوپال ۋارقىرىدى.

— بالام قەيسەر ... ئۇ ... ئۇ ...، — سارەمنىڭ ئاۋازى چىقماي قالدى.

— بىلدىم! — دېدى داۋۇت قەھرلىك خىرقىراپ، — ھوشىنى تاپسۇن، بىلسۇن...

سارەم ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئۇ بىر كىچىك بالا تۇرسا، — دېدى سارەم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، — شۇنچە سوغۇقتا سىرتتا قانداق تۇرىدۇ؟

— كىچىك بالا؟ — داۋۇتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئەجەبا كىچىك بالا تۇرۇپ چوڭ ئادەمنى — مېنى — ئۆگەي ئاتىسىنى ھاقارەتلەشنى بىلىدىكىنا. ئۇ بۈگۈن مېنىڭ، بۇ ئۆينىڭ قەدرىنى بىلسۇن...، — داۋۇت توختىماي بىر ھازا چالۋاقىدى. قەيسەرنى «ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز» لىقتا ئەيىبلىدى، ياخشى تەربىيىلەنمىگەنلىكىنى قايتا - قايتا تېتىقسىز سۆزلەر بىلەن تەكىتلىدى... سارەم بۇلارنى ئاڭلاشقا چىدىماي «تولا ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمەڭ، كىچىك بالا دېگەن شۇنچىلىكلا بولامدۇ» دېگىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ زادى كىمنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۆزىمۇ؟ ئۇ ھازىرغىچە قەيسەر بىلەن داۋۇتنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. داۋۇتمۇ؟ ئۆز بالىسى بولمىغاچقا مۇئامىلە پەرقلىق بولىدۇ. ئۇرۇش، تىللاشچۇ؟ ئۆز ئاتىسى پولاتمۇ بەزىدە ئاچچىقلىنىپ قالغانلىرىدا قەيسەرنى ئۇرۇپ، تىللاپ قويىدىغانغۇ. يا ئۆگەي ئاتىنىڭ تىللىشى ئۆز ئاتىنىڭ تىللىشىدىن ئېغىر كېلەمدىكىن؟ ئۇنداقتا،

قەيسەرمۇ؟ ئۇنچىلىك خورلانسا ھەرقانداق ئادەمنىڭ جەھلى قاتى-دۇ - دە. لېكىن قەيسەر نېمىلا بولغان بىلەن بالا. بىرى ئۆگەي ئاتىسى بولغان بىلەن يەنە بىرى ئۆز ئاپىسى تۇرسا. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ئۇلارغا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ؟... سارەم داۋاملىق ئويلىيالمىدى. ئاخىرى پەقەت ئوغلىنىڭ ساق - سالا-مەت بولۇشىنى، بۇ ئۆيدە تېزرەك چوڭ بولۇۋېلىشىنى تىلىدى.

قەيسەر توڭلاپ كەتكەن بارماقلىرىنى تەستە تۇگۇپ ئىشىكنى يەنە ئۇردى. ئەمما، ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلمىدى. ئۇنىڭ ھويلا ئىشىكىنىڭ ئاراچلىرىدىن ئۆي ئىشىكىگە تىكىلگەن كۆزلىرى ئۇ ئىشىكنىڭ قىيا ئېچىلغىنىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئۇ ئىشىكنى يەنە ئۇردى، مۇشتى ئاغرىغۇچە ئۇردى. ئەمما، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ قەلب دەرۋازىسىمۇ ئاشۇنداق مەھكەم ئېتىلگەندەك ئىدى.

سوغۇق ۋە ئۇيقۇ قەيسەرنى قىينايتتى. ئۇ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى بىردەم ھوردىسا، بىردەم ئىشتان يانچۇقلىرىغا تىقات-تى. بىردەم قولتۇقىغا قىستۇرسا، بىردەم ئەندىكىشكە چىداپ قولىنى ئىچىگە تىقىپ قورسىقىغا چىڭ چاپلىۋالاتتى...

ئىشىك ئېچىلمىدى. قەيسەر «ئاپا» دەپ ۋارقىرىماقچى بول-دىيۇ، نېمىشقىدۇر بۇ ئىككى بوغۇملۇق سۆزنى، ئۆزى تىلى چىققاندىن بۇيان ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتقان سۆزنى ئېغى-زىدىن چىقىرالمىدى. شۇنچە تىرىشسىمۇ تىلى بۇ سۆزگە ھەرى-كەتلەنمىدى.

قەيسەر تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ سوغۇقتىن تۇگۇلۇپلا قالغانىدى. ئۇ غال - غال تىترەيتتى. بىر چاغدا پۇتىنىڭ پېيى تارتىشىپ قالغاچقا، ئۇ پۇتىنى سۇنۇپ يەردە ئول-تۇرۇپ قالدى ۋە ئاجىز، توڭلىغان قولى بىلەن پۇتىنى ئامال بار چىڭ بېسىپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاغرىق

ئاستا-ئاستا ياندى. ئەمما، ئۇنى تاتلىق ئۇيقۇ قىستىغىلى تۇردى. ئۇ ئولتۇرغان جايىدا تۇگۇلگەنچە ئۇخلاپ قالدى.

ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئاشۇنداق قار ياغقان سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەيسەر ئىشىك ئالدىدا چانىسىنىڭ ئۈستىدە مەھكەم ئولتۇرۇۋېلىپ ئاتىسىنى ھارغۇچە سۆرەتكۈزگەنىدى. شۇڭىمۇ ئۇ چاغدىكى سوغۇق ئۇنىڭغا خۇشياققانىدى... قەيسەرنىڭ چۈشىگە ئاشۇلار كىردى. ئەمما، ئۇ ئەمدى قانداق چۈش كۆرەر؟

## بەشىنچى باب

# تاياق يۈرەككە

كۆز تۈنىنىڭ سوغۇقىدىن ئەندىككەن قەيسەر ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇ كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. قېرىشقاندەك سۇس شامال چىقىشقا باشلىدى. شامالنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ يەردىكى قەغەز پارچىلىرى ۋە باشقا يېنىك نەرسىلەر ئۇچۇپ قەيسەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ سانسىز ئاياغلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ يۇمشاپ كەتكەن توپىلار شامالنىڭ ئۇچۇرتۇشى بىلەن قەيسەرنىڭ كۆزىگە، بۇرنىغا كىرىپ ئېچىشتۇراتتى... بۇلار قەيسەرنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغاندەك ھە دەپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلاتتى. لېكىن، مۇنداق بوزەك قىلىش ئادەملەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا قارىغاندا يەنىلا ياخشىكەن. چۈنكى، ئۇلار سېنى بوزەك قىلغان بىلەن دىلىڭنى رەنجىتمەيدۇ، يۈرىكىڭنى زېدىلىمەيدۇ.

قەيسەر ھەرقانچە تۈگۈلۈپمۇ سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. بىراق، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرمىقى تەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قالغانىدى. ئۇ پاچاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئەتراپتا شامالنىڭ بوشقىنا ئۇشقىرتقان ئاۋازىدىن باشقا تىنىش يوق. قەيسەر سوغۇقتىن تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ يەنە ھويلا ئىشىكىنىڭ يېنىغا كەلدى. قانداقتۇر ئۈمىد ۋە باللارچە تاتلىق تەمە بىلەن يۈزىنى بۇ قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئارىچىغا

چاپلىدى. ھويلا قاراڭغۇ، ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن سۇس يورۇق
چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت بولغاندۇر؟ ئۆي ئىچى جىم-
جىت، ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئىدى. قەيسەر ھويى-
لىدىكى قاراڭغۇلۇققا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھېچنېمىنى
كۆرەلمىدى. خۇددى بۇ قاراڭغۇلۇق قەيسەر كۆرمەكچى بولغان
بارلىق نەرسىلەرنى قوينىغا تارتىپ كەتكەندەك. شۇنداق بۇ قاراڭ-
غۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنى يۇتۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، بارلىق
شەيئىلەرگە كۆپىنچە بالىلارچە قارايدىغان ئادەتتىن قۇتۇلالمىغان
بىر سەبىي قاراڭغۇلۇققا يەم بولۇپ كەتكەن ۋە يەم بولۇۋاتقان
نەرسىلەرنى قەلب كۆزى بىلەن قانداقمۇ كۆرەلىسۇن. قاراڭلار،
ئۇ قاراڭغۇلۇققا! قاراڭلار، ئۇ مەغرۇر قاراڭغۇلۇققا!
قەيسەر سوغۇقتىن يەنە بىر تۈگۈلۈۋېتىپ، مۇزلاپ كەتكەن
بارماقلىرىنى تەستە يۇمۇپ ئىشىكنى يەنە ئۇرماقچى بولدى. ئەم-
ما، قولى بوشلۇقتا تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن ئاستا چۈشۈپ كەت-
تى. ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان قولى يۈرىكىگە ئوخ-
شاشلا تىترەۋاتاتتى، شۇنداق بۇ يۈرەك تىترەۋاتاتتى. قايغۇلۇق،
كۆلپەتلىك تەقدىرىنىڭ تۈگىمىنىدە ئۇنىغا — قىپقىزىل ئۇنغا ئايلى-
نىۋاتقاندەك تىترەيتتى.
قەيسەر راستتىنلا تىترىدى ۋە ئۈمىدسىزلەندى. ھويلىغا يەنە
بىر قارىۋېتىپ كەينىگە ياندى. ئۇ كوچىنىڭ ئىككى بېشىغا
قارىدى. كوچىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپى چىششىز، ئەمما قاراڭغۇ
ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى. خۇددى بۇ كوچىلار ئادەمنى
يالماپلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك، قەيسەرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.
بىراق، ھويلىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن قەيسەر بۇ «چىششىز ئې-
غىز»نىڭ بىرىگە ئېغىر قەدەملىرىنى تاشلىدى.
بۇ قەيسەرنىڭ كېچىدە سىرتتا تۇنجى قېتىم يالغۇز قېلىشى
بولغاچقا، ئۇنى بىر ئاز سۈر باستى.

سارەم پەقەت ئۇخلىيالمىدى. سائەتنىڭ ئون ئىككىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يېنىغا قاراپ داۋۇتنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغان تاماكىنى تۇتقىنىچە دېرىزىگە تىكىلىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن سارەمنى ۋەھىمە باستى.

«يا قەيسەر كىچىكلىك قىلىپ باشقا بىر يەرگە... ياق، ياق، بۇنىڭدىن خۇدايىم ساقلىسۇن. بىراق، بۇ سوغۇقتا نەدىمۇ يۈرىدىغاندۇر؟ سوغۇقتىن بىرنېمە بولۇپ قالماس؟ باشقا بىر ئىشقۇ بولمىغاندۇر... ھەي، بۇ ئادەم بىلەن مەنغۇ ئۆي تۇتۇپ كېتەلىگۇدەكمەن. لېكىن، قەيسەر ئۇنىڭ كۆزىگە ھەرگىز سىغمىغۇدەك. بالامغۇ بۇنچىلىك قوپاللىقلارنى كۆرمەي چوڭ بولغانىدى. بىراق، ھەي، قەيسەر بىرنەچچە ۋاقىت غەيرەت قىلسا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىشتى بۇ... مانا ھازىر ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتقان خىزمىتىممۇ يوق بولدى. مۇشۇنداق يۆلەنچۈك بولىدىغان ئائىلىدە تۇرمىساق ياشىغىمىز مۇشكۇل بولىدىغۇ؟ قەيسەرنى تەربىيىلەشچۇ؟ داۋۇتمۇ ئۇنچىۋالا ئەسكى ئادەممۇ ئەمەس. ئىدارىسىدىمۇ بىر كىشىلىك ئورنى بار، يىراقنى ئويلاپ ئىش قىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇدۇق. ئۇ شۇ چاغلاردىلا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشىدا چىڭ تۇرۇۋالاتتى. قەيسەرنىڭ ئىشىدا كۆڭۈل ئارىلىشىپمۇ قالغاندۇر تايىنلىق؟ لېكىن، نېمىلا بولسا قەيسەرگە ئۇنچىلىك قاتتىق تەگمىسە بولاتتى. بۇ ئىش تۈگىسە بۇ ھەقتە داۋۇت بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشىپ باقسام بولغۇدەك. بۇنداق كېتىۋەرسە... ناۋادا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا...»

دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ تۇرغۇن خىياللارنى قىلىپ چىققان سارەم چۆچۈپ ئەسلىگە كەلدى. كۆڭلىدىن يامان، مۇدھىش تۇيغۇلار كېچىپ ئۇنى پەقەت ئارامدا قويمىدى. شۇندىلا ئۇ ئاخشام قەيسەرنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ باقمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى ۋە پەلتوسىنى ئېلىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بايىدىن بېرى ئۇنىڭ ھەرد-

كىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان داۋۇت ئورنىدىن تۇردى:

— بۇ كەچتە نەگە بارىسىز؟

سارەم داۋۇتنىڭ «بۇ كەچتە» دېگەن سۆزىگە قارىتا تازا بىر تەنە قىلىۋەتمەكچى بولدىيۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

— قەيسەرگە قاراپ باقاي. كەچ بولۇپ كەتتى.

— بايا نېمە دېدىم؟ ئۆينى كېرەك قىلىدىغان ئادەم ئۆزى قايتىپ كېلىدۇ. كۆرۈپ باقاي، ئۇ قاچانغىچە سىرتتا يۈرەلەيدىكىن. بىرلا ئاخشام ئاچ قالسا ئوڭشىلىدۇ.

— ئەمدى بولدى قىلىڭ، داۋۇت! ماڭا بالىمۇ لازىم···

سارەم تەئەددى بىلەن شۇنداق دەپ داۋۇتنىڭ سۆزلىشىنى كۈتمەيلا ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. بۇ تۇيۇقسىز گەپتىن داۋۇت تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن مىيىقىدا كۈلدى: «كۈنلەر ئۇزۇن، مېنىڭ قانداقلىقىمنى بىلىپ قالىدۇ ئۇ قەيسەر، قانداقلا دېمەيلى مەن ھازىر ئۇنىڭ ئاتىسى. ھە دېسە توپىدا چىرىپ كەتكەن ئاتىسىنى تىلغا ئېلىپ جېنىمنى چىقىرىدۇ دېسە ئۇ شۇم··· ھەي، سارەم، ھەي سارەم، بىر خىللا تۇرۇپسەن، بۇ بالا سېنى دورىسىچۇ. ئەجەب بىر يارالغان ئىنسان ـ دە سەن، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدىلا ھەممىلا ئىشقا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان مىجەزىڭ يۈرەكلەرگە ئوت سالغانىدى. تەقدىر دېگەن ـ ھە!»

سارەم يول بويى «بالام، قەيسەر» دەپ ۋارقىراپ بىرقانچە كوچىنى ئارىلاپ چىقتى. مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ كوچىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى كىنوخانىنىڭ ئەتراپلىرىنى، يول بويىدىكى دەرەخلىكنى ئىزدەپ كۆردى. ھەتتا چىشلەپ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى مەھەللىسىگە باردى. ئىجارىگە ئالغان ئۇ ئۆينى قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئادەم ئولتۇرمىغان چېغى، بىرۋاقىتلاردا پارقىراپ تۇرىدىغان دەرۋازا توپا ـ چاڭغا كۆمۈلگەنىدى. سارەم بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ قەيسەرنى بۇ ئۆيگە كىرىۋالدىمىكىن

دېگەن ساددا خىيالدىمۇ بولغانىدى. ئەمما، نەدىن كىرىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن سارەم دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئىختىيارسىز هالدا خىيالى ئوغرىلاندى، تاتلىق هېسلار يۈرىكىنى ئارمانلىق تاتىلاپ ئۆتكەندەك، بەختىيار چىرايلار كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئەمما، كۈز سوغۇقى ئۇنىڭ نازۇك تەنلىرىنى قورۇپ خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن سارەم بۇ يەردىن بىر يېرى تارتىشقاندەك بولۇپ ئايرىلدى...

سارەم شۇنداق ئىزدەپمۇ قەيسەرنى پەقەت تاپالماي ئېغىر غەم بىلەن ئۆيىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا داۋۇتقا قاراپمۇ قويماي، ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە يېتىۋالدى.

— ئۇنچە غەم قىلىپ كەتمەڭ، قەيسەرگە هېچنېمە بولمايدۇ. مەن ئۇنىڭغا ساۋاق بولسۇن دېدىم، — دېدى داۋۇت بىر چاغدا سارەمنىڭ يىغىسىغا چىدىماي.

ئادەمسىز كوچا، جىمجىت كېچە ئۆزىگە خاس ۋەهىمىسى بىلەن قەيسەرنىڭ — بىر گۆدەكنىڭ يۈرىكىگە چاڭگال سېلىپ ئۇنى ئەنسىزچىلىككە پاتۇرۇپ قويغانىدى. سوغۇق قەيسەرنىڭ ئاجىز جىسمىغا هۇجۇم قىلاتتى. هەم جىسمانىي، هەم روهىي زەربىگە ئۇچرىغان قەيسەر قورقۇنچ ئىچىدە يۇگۇرۇشكە باشلىدى. ئۇزۇن كوچىلار ئۇنىڭ سوغۇق تەقدىرىدەك ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. قەيسەر ئادەمسىز شەهەر كوچىسىدا ئاجىز ئاياغ تاۋۇشىنى قالدۇرۇپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بالىلارچە ساددا خىيالىدا «تېزرەك يۈگۈرسەم بەكرەك ئىسسىيمەن» دېگەن خىياللا بار ئىدى. يېرىم كېچىدە كوچىدا قالغان بالا ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ باشقا خىيال بولسۇنمۇ؟ سوغۇق ۋە ۋەهىمە بارلىق خىياللىرىنى سىقىپ چىقىرىپ شۇ خىيالنىلا قالدۇرۇپ قويغانىدى.

ئۇ هاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ بىر خالتا كوچىنىڭ ئاخىرىغا چىقىپ قالدى. ئۇ ئاستىلاپ ئەتراپىغا قارىدى.

ئاھ، ئوت!

قەيسەر ئوت يالقۇنىغا قاراپ يۈگۈردى. ئىنسانىيەتكە يېپيېڭى بىر مەدەنىيەت ئاتا قىلغان ئوت شۇ تاپتا قەيسەر ئۈچۈن ئازراق ئىسسىنىۋېلىش پاناھگاھى ئىدى.

بۇ بىر قۇرۇلۇش ئورنى بولۇپ، گۈلخاننىڭ بىر تەرىپىدە ياشانغان بىر ئادەم پاختىلىق چاپىنىغا چىڭ ئورىلىپ، موخوركا چېكىپ ئولتۇراتتى. يۈگۈرۈپ كەلگەن قەيسەر بوۋايغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، قوللىرىنى ئوت يالقۇنىنىڭ ئىچىگە تىققۇدەك قىلىپ ئوتقا سۇندى. قورۇق ياغاچلار چاراسلاپ كۆيەتتى، بارلىق تەپتى بىلەن كىشىلەرگە يەنە ئېمىلەرنىدۇر ئاتا قىلماقچى بولغاندەك يالقۇنلاپ كۆيەتتى. بوۋاي ئوتقا ئۆزىنى ئۈرگۈدەك بولۇپ تۇرغان، پۈتى ھېلىمۇ تىترەۋاتقان بالىغا قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. قەيسەر شۇ ھالەتتە خېلى تۇرغاندىن كېيىن قولىنى ئاستا يىغىۋالدى، تىترىكىمۇ بېسىلدى، يۈزىمۇ قىزىپ كەتتى. شۇندىلا ئۇ بوۋايغا يەنە بىر قاراپ قويدى.

— ئولتۇر، — دېدى بوۋاي يېنىدىكى بىر كۆتەكنى كۆرسىتىپ. قەيسەر بېرىپ ئولتۇردى. بوۋاي يېنىدىكى خۇرجۇندىن بىر پارچە نان، بىر سىقىم قۇرۇق ئۈزۈمنى چىقىرىپ قەيسەرگە ئۇزاتتى. ناننى كۆرۈپ قەيسەرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ تارتىنىپ ئولتۇرمايلا ناننى قولىغا ئالدى، ئۈزۈمنى شەپكىسىگە قويۇۋالدى. ئۇ بوۋايغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ناننى يوغان بىر چىشلەم چىشلىدى. بايا ئۇ قورقۇنچ، سوغۇق تۈپەيلىدىن قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئەمدى قەيسەر قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا قەيسەر ناننى بىرىدىن قىزغىنىۋاتقاندەك يېيىشكە باشلىدى...

قەيسەر ناننىڭ ھەممىسىنى يەۋېتىپ، بوۋاي چوغ ئۈستىگە قويۇپ قويغان قەلەي كۇرۇشكىنى قولىغا ئالدى. چاي ئوبدانلا ئىسسىپ قالغانىدى. قەيسەر بىر كۆتۈرۈشتىلا يېرىمىنى دېگۈدەك

ئىچىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن قەيسەرنىڭ ئىچىگىمۇ ئىسسىق ئۆتۈپ خېلى يېنىك بولۇپ قالدى. ئارقىدىن ئۇ شەپكىسىدىكى قۇرۇق كىشمىش ئۈزۈمنى ئېلىپ ئون نەچچە تالنى بىر قىلىپ ئىككى ئالىقىنى ئارىسىدا ئېزىپ كاللەك قىلىپ يېيىشكە باشلىدى.

شۇندىلا بوۋاي ئۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچتى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— قەيسەر.

— سوغۇقتا يۈرگىچە ئۆيۈڭگە كەتسەڭ بولمامدۇ؟

قەيسەر جىم بولۇپ قالدى.

— يا ئېزىپ قالدىڭمۇ؟

قەيسەر بېشىنى چايقىدى.

— ئۆيۈڭدىن قېچىپ چىقتىڭمۇ؟

قەيسەر بېشىنى سېلىپ جىم تۇردى.

— يا ئاتاڭ تىرىكتىمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەر پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. ئۇ خېلىغىچە ئېزىلىپ - ئېزىلىپ ئۆكسۈگەندىن كېيىن، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ بولغان ئىشلارنى بوۋايغا سۆزلەپ بەردى. قەيسەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ ئىچى ئاغرىدى: «بىچارە بالا، كىچىك بالىنى يېرىم كېچىدە سىرتتا قويدى، دېگەن قانداق گەپ؟ ئاتا - ئانىسى ئىسسىق ئۆينىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ئولتۇرىدىغاندۇر؟ بىچارە بالا بولسا سىرتتا سەرسان. بۇ ھالدىكى بالىلار ئۈچۈن ئائىلە نېمە؟ ئائىلە خۇشاللىقى نېمە؟ بۇلار بەربىر غۇ. ھە، يېتىمچىلىكنىڭ خورلۇقى قاچانمۇ تۈگەر؟…» دەپ ئويلىدى بوۋاي. چۈنكى ئۇمۇ تاھازىرغىچە بىرەر دىلكىشى يوق تەنھا ياشاۋاتامدۇ. ئاتا - ئانىسى بولمىسىلا يېتىم ھېسابلانمايدۇ، چوڭ ئادەم بولغان بىلەنمۇ ھېچنېمىسى بولمىسا — مۇڭدىشىدىغان دىلكىشى، ئىزدىشىدىغان تۇغقىنى بولمىسا ئۇمۇ

ئوخشاشلا يېتىم، بەزىلەر كىچىك بالىلار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىل-
سا يېتىم دەپ، چوڭ ئادەملەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۈگەپ كەتسە
ئۇلارنى يېتىم دەپ قارىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككىسى ھېسسى-
يات جەھەتتە ئوخشاشلىغۇ. مانا، بوۋاي مۇشۇ ئۆمرىگىچە بۇنى
چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئەگەر بوۋاي تولىمۇ تەستە قۇرۇلۇش
ئورنىدا كۆزەتچىلىك قىلىدىغان مۇشۇ ئىشنى تاپمىغان بولسا،
قەيسەرگە ئوخشاش قايسى كوچىلارنى كېزىپ، قايسى يۇرتلاردا
سەرسان بولۇپ يۈرەتتىكىن؟ شۇڭا بوۋاينىڭ قەيسەرگە بەكلا
ئىچى ئاغرىدى. شۇنداقلا «بۇ بالا يېتىمچىلىكنىڭ خورلۇقىدا
بىرەر يامان يولغا كىرىپ قالمىغىيدى؟» دەپمۇ ئەنسىرىدى. ئۇ
قەيسەرگە نەسىھەت قىلىپ قويۇش ئۈچۈن چوڭقۇر خىيال بىلەن
ئوتقا تىكىلىپ تۇرغان كۆزىنى قەيسەرگە يۆتكىدى. ئەمما، قەي-
سەر چارچاش تۈپەيلى كۆتەكتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كۆتەككە
يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن بوۋاينىڭ ئىچى سىي-
رىلىپ كەتتى: «ئىسىت، بىر چىرايلىق بالىكەندۇق...» بوۋاي
بېرىپ قەيسەرنى تەستە كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ، ئۆزىنىڭ كونا
يوتقان ـ كۆرپىسىگە ئوبدان جايلاشتۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويدى.
قەيسەر ھېچنېمىنى تۇيماي تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئوتنىڭ يورۇقى
قەيسەرنىڭ خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان چىرايىنى سۇس يورۇ-
تۇپ تۇراتتى. خاتىرجەملىك! بۇ خاتىرجەملىك قەيسەرنىڭ ئۇيقۇ
ھالىتىدە ئەمەس، ئادەتتىكى تۇرمۇشىغا ئاتا قىلىنغان بولسا نېمە-
دېگەن ياخشى بولاتتى. بوۋاي قەيسەرنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ
بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن بېرىپ سەل سۇسلاپ قالغان ئوتقا ئىككى
پارچە چوڭ يېرىندىنى تاشلىدى ۋە چاپىنىغا چىڭ چۈمكىلىپ،
ئىككى قولىنى قوشتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدى.
ۋاقىت ئاللىقاچان يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ-
زۇن يىللاردىن بۇيان ئاشۇنداق ئۇخلاپ ئۆگىنىپ قالغان بوۋاي
ئولتۇرغان پېتى ئۇخلاپ قالدى. ئوتنىڭ يالقۇنى تۈگىگەن بو-

لۇپ، چوغلا سۇس شامالدا قىزىرىپ تۇراتتى. سەگەك ئۇخلايدى-
غان بوۋاي تاڭغا يېقىن ئاجىز بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى.
بوۋاي ئوتنىڭ ئازراقلا چوغى قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈستىگە
ئوتۇن تاشلاپ تۇراتتى، بايىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. بوۋاي بۇ
ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىدى. قەيسەر سۇس ئىڭراپ «ئاتا... ئاتا»
دەۋاتاتتى. بوۋاي بېرىپ قەيسەرنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
ھەيران قالدى. چۈنكى، ئادەم، بولۇپمۇ بالىلار قورسىقى ئاچسا-
مۇ، بىر نەرسىدىن تاسادىپىي قورقۇپ كەتسىمۇ ئىختىيارسىز
«ئاپا» دەپ ۋاقىرايدۇ، ئەمما قەيسەر «ئاتا» دەپ جۆيلۈۋاتاتتى.
بوۋاي بۇنىڭدىن قەيسەرنىڭ ئاتىسىغا نەقەدەر موھتاجلىقىنى، ئاتا
مېھرىنى سېغىنغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. شۇنداقلا قەيسەر-
نىڭ ئائىلىدە قانچىلىك خورلۇق ھېس قىلدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ
يەتتى. ئەجەبا، ئۇ ئائىلىدە ئاپىسى بار تۇرسا؟ دېمەك، قەيسەر
ئاپىسىدىن كۆڭۈلگە ئاراملىق بېغىشلىغۇدەك مېھرنى ئالالمى-
غان. بوۋاي قەيسەرنىڭ ئاپىسىنىڭ نېمىشقا بۇنداق ھالغا چۈشۈپ
قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. چۈنكى، ئادەتتە، ئانىلار ئۆگەي
ئاتىنىڭ قولىغا قالغان بالىسىغا باشقىچىلا مېھرى بېرىدۇ
ئەمەسمۇ.

بوۋاي قەيسەرنى ئويغاتماسلىق قارارىغا كەلدىيۇ، قەيسەرنىڭ
ئىڭرىشىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى
ۋە چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن بويىنىنى، مەيدىسىنى تۇتتى. قەيسەر-
نىڭ بەدىنى ئوت ئىدى. بوۋاي جىددىيلىشىپ قالدى. قەيسەرنىڭ
قىزىتمىسى ھەقىقەتەن ئۆرلەپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئەتراپ ئوب-
دانلا يورۇپ قالغانىدى. بوۋاي يېڭىلا ئىش ئورنىغا كەلگەن
ئىشچىلارغا بىرنېمىلەرنى جېكىلەپ قويۇپ قەيسەرنى كىچىك قۇ-
رۇلۇش ھارۋىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ قەيسەرنىڭ قىزىتمىسى

ياندى. دوختۇر بوۋاينى چاقىرتتى.

— بالىنىڭ قىزىتمىسى ياندى، — دېدى دوختۇر، — ھېلىمۇ ياخشى بالىنى ۋاقتىدا ئەكېلىپسىز. ناۋادا بىرەر سائەت كېچىككەن بولسىڭىز بالا ھايات قالغان تەقدىردىمۇ مېيىپ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ بولار ئىدى. ھېلىمۇ بالىنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. ئازراق دورا يېزىپ قويدۇم، ئىچىپ بەرسۇن. ھازىر بالىغا دەرھال سۇيۇقراق تاماق بېرىڭ.

بوۋاي ياتاقتا كىرىپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئولتۇرغان قەيسەرنى كۆردى. قەيسەر قانداق قىلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئىچى تىتىلداپ ھەم قورقۇمسىراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى ھازىرمۇ سەل ـ پەل ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ بوۋاينى كۆرۈپ تازا ئېسىگە ئالالمىدى. بوۋاي بولغان ئىشنى قەيسەرگە قىسقىلا سۆزلەپ بېرىپ ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ ماڭدى. قەيسەر ئاشخانىغا يېتىپ بارغىچىلا: «بۇ ئادەم نېمىشقا ماڭا بۇنچىۋالا قىلىدىغاندۇر؟» دېگەن ھەيرانلىقتىن قۇتۇلالمىدى.

بۇ كەم سۆز بوۋاي سۇيۇقئاش ئىچىۋاتقاندىمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. پەقەت قەيسەرنى كۆپرەك ئىچىشكىلا زورلىدى. قەيسەر بوۋاينىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن بەك تەسىرلىنىپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە جاھاندا بوۋايدەك ياخشى ئادەملەرنىڭ بولۇشى قەيسەرنىڭ بالىلىق قەلبىگە سىغمايتتى. ئەمما، بۇ بوۋاي قەيسەرگە نېمە ئاتا قىلدى؟ قەيسەر بۇلارنى قانداق قايتۇرۇپ بولالايدۇ؟ … بۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان خىياللار قەيسەرنى ھاياجانغا سېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش خورلانغان بالىلارنىڭ مۇشۇ بوۋايدەك ئادەملەرگە ئۇچرىشىنى تىلىدى. تەرلىرى بېسىلغاندىن كېيىن قەيسەر يېنىكلا بولۇپ قالدى. ئۇ بوۋايغا رازىمەنلىك بىلەن تىكىلدى. بوۋاي يىرىك قوللىرى بىلەن قەيسەرنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئاندىن يانچۇقىدىن ئىككى بولاق دورىنى ئېلىپ قەيسەرگە ئۇزاتتى:

— دوراڭنى ئىچىشنى ئۇنتۇما.

قەيسەر بېشىنى لىڭشىتتى. بوۋاي ناھايىتى ئېغىر، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئەمدى ئۆيۈڭگە كەت، بالام. ئاتا - ئاناڭ ئەنسىرەپ قالىدۇ. مەن ھەممىنى بىلدىم، چۈشەندىم، بالام. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن ئۆز ئۆيۈڭدە تۇرغىنىڭ ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيۈڭگە قايتماي ھەركۈنى كوچىدا مۇشۇنداق يۈرسەڭ، نېمە سەتچىلىك. ئېسىڭدە تۇت، نېمىلا بولمىسۇن ئۆيۈڭدە تۇر. قورسىقىڭنى ھەرگىز ئاچ قويما.

قەيسەر بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. پات - پات كەينىگە قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭچە بولسا قانچىلىك جاپا تارتسىمۇ بوۋاينىڭ يېنىدا قالغۇسى بار ئىدى. ئەمما، بۇنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. ئاشخانىدىن چىققۇچە دېمەكچى بولدىيۇ، بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يالتىيىپ قالدى: «ياخشى ئادەم ماڭا ياخشى بولسۇن دەيدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆيىگە كېتىش قارارىغا كەلدى. بوۋاي قەيسەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىنىڭ مېھرى بىلەن ئىللىتتى، بوۋاينىڭ مۈكچەيگەن گەۋدىسى، كونىراپ كەتكەن پاختىلىق چاپىنى، جاپا - مۇشەققەتنىڭ ئىزنالىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايى قەيسەرگە ئۆزگىچە، ھەيۋەتلىك، يېقىملىق بىلىندى. قەيسەر: «بۇ بوۋاينى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بەردى.

قەيسەر ھويلا ئىشىكىدىن قورقۇمسىراپ كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىشىگىلا داۋۇت دەھشەتلىك ھومايدى، سەت كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى. سارەم بولسا يۈگۈرۈپ كېلىپ قەيسەرنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بىراق داۋۇت سارەمنى سىلكىشلەپ قەيسەردىن ئاجراتتى.

— نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — قەھرى بىلەن سورىدى

داۋۇت. قەيسەر بېشىنى سىلىپ جىمىدە تۇردى.

— مەن ئائىلەمدىن كېچىلىرى كوچا ـ كويلاردا تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان ئادەمنىڭ چىقىشىنى خالىمايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى داۋۇت. ئەمما قەيسەر بۇ گەپكە چىدىمىدى ۋە:

— ئاخشام شۇنچە ئۇرساممۇ ئىشىك ئېچىلمىدى، — دېدى.

— ئېچىلمىدى؟ — داۋۇت ئۇنىڭغا قولىنى سانجىدى، — سەن راستىنى ئېيت! كېچىچە نەلەردە يۈردۈڭ؟ كىملەرنىڭ بىر چىنە يۇندىسىغا تەلمۈردۈڭ؟ سەن يۈزۈمنى تۆكۈپ كېچىلەردە ئۆيگە كەلمەيسەن... بۇ قاراپ تۇرۇپ مەن بىلەن ئېيتىشقىنىڭغۇ!

قەيسەر لېۋىنى چىشلىدى.

— سەن يۈزۈمنى تۆكتۈڭ، ئۆگەي ئاتا بولغىنىمغا تويدۇر-دۇڭ. سەن مېنى يامان ئاتلىق قىلاي دېگەنمىدىڭ؟ خەپ سەن بىغەرەزنى...

داۋۇت قەيسەرنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. قەيسەر قورقۇپ كەتتى ۋە پاناھ تىلىگەندەك ئاپىسىغا قارىدى.

— سېنى شۇنچە ئىزدىدىم، نەگىمۇ كەتكەنسەن، بالام؟ — دېدى سارەم كۆيۈنۈش ئارىلاش نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ، — ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغانغا باتنامسەن؟ ئۇ دېگەن ئاتاڭ، شۇنداق قىلىش يولى بار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەر ئاپىسىغا چەكچىيىپ قارىدى:

— ئاتام مېنى ئۇرۇپ باقمىغان.

— ئۇرمىغان! — داۋۇت چالۋاقىدى، — يەنە ئېيتىشىۋات-قىنىنى بۇنىڭ. مانا كۆر، ئۇردى دېگەن.

شۇ گەپ بىلەن داۋۇت قەيسەرنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سال-دى. شاپىلاق تەگكەن چاغدا قەيسەر قىلچە ئاغرىق سەزمىدى. پەقەت قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ كەتتى ۋە يانغا يىقىلىپ چۈشتى.

— يەنە مەن بىلەن ئېيتىشامسەن؟ — دېدى داۋۇت قەيسەر-

نىڭ يۈتىغا تېپىپ. بۇ تېپىك قەيسەرنىڭ ئۈستىخىنىغا تەگكەچكە ئاغرىق جان ـ جېنىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈزىمۇ چىدىغۇسىز ئاغرىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا غەيرەت قىلالمىغان قەيسەر مىشىلداپ يىغلىۋەتتى ۋە ئارانلا:

— ياق، گەپ ئاڭلايمەن، ئېيتىشمايمەن… ، — دېيەلىدى.

بۇنىڭدىن ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن سارەم بېرىپ قەيسەرنىڭ يۈزىنى ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىپ سىلاپ كەتتى. بىراق داۋۇت يەنە ئۇنى سىلكىۋەتتى ۋە:

— سىز ئارىلاشماي تۇرۇڭ! — دېدى، ئاندىن قەيسەرگە ۋارقىرىدى، — قوپ ئورنۇڭدىن!

قەيسەر ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، يىغىدىن ئۆزىنى بېسىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزى ۋە پۈتى ھېلىمۇ لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا ئاران چىداۋاتقان قەيسەرنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا قاپساپ تۇرسىمۇ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئاۋازىنى چىقارمىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ سارەم يەنە چىدىمىدى، ئانىلىق باغرى ئېزىلدى. ئۇ ئاشخانا ئۆيدىن ھورى چىقىپ تۇرغان تۆت تال مانتا ئاچىقتى. قەيسەر ھېلىقى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئويلاپ، كۆز ـ يېشى تاراملاپ تۆكۈلگەن ھالدا مانتىنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يېشى مانتىغا تېمىپ مانتا بىلەن بىللە ئېغىزىغا كىرەتتى. شۇنداقتىمۇ قەيسەر ئاۋازىنى چىقارماسلىققا تىرىشتى. بۇنىڭ ئۇچۇن مانتىنى مەھكەم چىشلەپ تۇرۇۋالدى. كۆڭلى بەك بۇزۇلغانلىقتىن يېگەن مانتىسى كەينىگە يېنىپ تۇرسىمۇ، ئۇ مەجبۇرىي يۇتۇۋېتەتتى. ھەتتا، ئاشقازىنىدىن ئاغزىغا يېنىپ چىققان مانتىنىمۇ يەنە يۇتۇۋېتەتتى. قەيسەرنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ سارەم پەقەت چىداپ تۇرالماي مىچىلداپ يىغلىۋەتتى ۋە بېرىپ قەيسەرنى باغرىغا باستى. ئەمما، قەيسەر ھېچقانداق ئىپادىدە بولمىدى ۋە يەنىلا ئاۋازىنى چىقارماسلىققا تىرىشتى.

بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان سەلىمە ئانىسى بەرگەن ئىككى يۈەن-

لىكتىن ئۇچنى چىقىرىپ يەلپۇگۇچ شەكلىدە يېيىپ ئۆزىنى يەلپۇپ قەيسەرگە كۆز - كۆز قىلدى. قەيسەر بۇنى كۆرۇپ سەلىمەگە غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ، ئاغرىۋاتقان يۇزى ۋە پۇتىنى سىلاپ قويدى. بــۇنى كــۆرگەن سەلىمەنىڭ تېنى شۇركۇنۇپ كەتتى.

## ئالتىنچى باب

# ئېتىبارسىز ئەجىر

ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىنىڭ توشۇشى بىلەن قەيسەر كىيىم-لىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىدى. ئىشداشلىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى.

— ھە، قەيسەر، ئالدىراپ نەگە؟ جانانىنى ساقلاپ قالمىسۇن دەۋاتامسەن؟

— ھوي، ھوي، كۆپكۈندۈزدىلا سۆرىشىپ يۈرسەڭلار سەت تۇرار.

— ھازىرقى ياشلار ھېيىقمايلا كۈندۈزلەردىلا كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

— قەيسەر گۈزەلىڭنى بىزگە قاچان كۆرسىتىسەن؟

قەيسەر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە:

— ئۆيدە ئىش بار. ئاشخانا ئۆي سېلىۋاتىمىز، — دېدى قەدىمىنى تېزلاتقاچ. ئىشداشلىرى سوغۇق چاقچاقلارنى قىلغىنىچە قالدى. قەيسەر بولسا ئۇدۇل ئۆيىگە ماڭدى.

1986 - يىل 5 - ئاي، قەيسەر ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ۋاقىتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. قەيسەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى. شۇنداقلا، قايتا ئىمتىھان بېرىش پۇرسىتى بولمىدى. چۈنكى، قەيسەرنىڭ يېشى چوڭىيىپ ئون سەككىزگە كىرىپ قالغان بولسىمۇ، داۋۇتنىڭ قەيسەرگە بولغان مۇئامىلىسىدە ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. ئۇ

يەنىلا شۇ داۋۇت ئىدى. قەيسەرگە تىكىلگەن نەزىرىدە بىر خىل ياراتماسلىق ۋە ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرى يەنىلا بار ئىدى. شۇڭداق بولغاچقا قەيسەر بۇ بەش ـ ئالتە يىلنى دىل رەنجىش، خورلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى، ئوقۇشنىمۇ ئارانلا توگەتتى. جاھان، ئادەملەر ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، قەيسەرنىڭ بۇ ئائىلىدىكى تەقدىرى ئۆز-گەرمىدى. بىر مۇدھىش قىسمەت ئۇنى دائىم ئەگىپلا يۈردى. سارەمنىڭ ئارزۇسى بويىچە قەيسەر «ئۆلمەي، ساق ـ سالامەت» چوڭ بولدى. بىراق، سارەم بىر ئىنسان ئۈچۈن «ھاياتلىق، سالامەتلىك» نىڭلا كېرەك ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىدى.

قەيسەرنىڭمۇ قايتا ئوقۇغۇسى كەلمىدى. «بىر موچەنگە زار بولۇپ، بىر بۇردا نانغا خار بولۇپ» ئوقۇشنى راۋا كۆرمىدى. ئۇنىڭ خىيالى بىرەر يەردىن ئىش تېپىپ ئىشلەش، شۇ ئارقىلىق ئائىلىسىدە ئۆزىنىڭمۇ كېرەكلىك «ئەزا» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، داۋۇتنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى. گەرچە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قەيسەرنىڭ ئاقىۋەتتە قانداق ئادەم بولۇشى ئانچە مۇھىم بولمىسىمۇ، پۇل تاپىدىغان ئادەم بولۇشىنى ئۇنىڭ قايتا ئوقۇشىدىن ئەۋزەل كۆرگەنىدى. نەتىجىدە، قەيسەر بىلەن داۋۇتنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىيالى بىر يەردىن چىقىپ قالدى.

قەيسەر ئۆيدىكىلەر مېنى «ئەمدى چوڭ بولدى، كارغا كېلە-دىغان ئادەم بوپتۇ دەپ قارايدىغان بولدى» دەپ ئويلىسا، سارەم «ئۇلار ئەمدى چۈشىنىشىپتۇ، قەيسەر چوڭ بولۇپ ئىشقا يارىغۇ-دەك بولۇپ قېلىۋىدى، مانا، مەن باشتا ئويلىغاندەك بولدىغۇ» دەپ ئارام تېپىپ قالدى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئۆزگىرىشچانمۇ، مۇقىممۇ؟ بەزىدە ناھايىتى ئۆزگىرىشچان، بەزىدە بەكلا مۇقىم. ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت نۇقتىسىدا ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. بىر ئىللىق مېھىرگە يولۇقسىڭىز ئىچى-ڭىز ئىسسىقلا بولۇپ قالىدۇ. ئازراقلا قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرى-

سىڭىز بىئارام بولۇپ كېتىسىز ۋە «كەچۈرۈڭ» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۇ بىئاراملىقنى ئۇنتۇپ كېتىسىز. ئەمما، سىز بىر ئادەمگە، بىر ئىشقا ھەقىقىي تۈردە نەپرەتلەنگەن بولسىڭىز بۇ نەپرەتنى ئۆچۈرۈش ياكى ئۆزگەرتىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.

ئادەمنىڭ بالىلىق دۇنياسىمۇ شۇنداق. بالىلىقتىكى كۆپىنچە خۇشاللىق ۋە ئازابلار ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بالىلار بالىلارچە ساددا تەپەككۇرى ئارقىلىق خۇشاللىق بىلەن ئازابنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە بولسا، ناھايىتى ئاز ساندىكى تۇيغۇلارلا ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ، قەيسەر بۇ ئىشتا داۋۇتنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭدىن خېلى خۇش بولۇپ قالدى ۋە ئۆزىنى ئازادە سەزدى.

داۋۇت ھەقىقەتەن بىرنەچچە ئورۇن بىلەن كۆرۈشتى. قەيسەرمۇ ئۆز ئاتىسىنىڭ دوستلىرىنى ئىزدەپ ھال ئېيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەيسەرنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىدىن خەۋەردار بولغاچقا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشتى. ئاخىرى قەيسەر قۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئورۇنلاشتى. يېپيېڭى بىر دۇنياغا قەدەم تاشلاپ، ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى تېتىغان قەيسەر قۇرۇلۇش ئىشىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ، ئىشچانلىقى، تېتىكلىكى بىلەن كۆزگە كۆرۈندى ۋە سەپداشلىرى ئارىسىغا سىڭىپلا كەتتى.

مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە داۋۇت ھويلىغا كىچىكرەك ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ ئىشقا ھەممە قوشۇلدى، بولۇپمۇ قەيسەر بەك خۇشال بولدى. ئۇ «قۇرۇلۇش قىلىش مېنىڭ خىزمىتىم تۇرسا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

ئۇلارغا بىر ئىش قىلىپ بېرەي» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭچە، بۇ ئۆگەي ئانىسى ۋە ئاپىسىنى راسا رازى قىلىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەيسەر ئىشتىن چۈشكەن ھامانلا قايتىپ كېلىپ، مەھەللە چېتىدىكى سايلىقتا كېسەك قۇيۇشنى باشلىۋەتتى. ئۇ تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، ئىككى يۈز كېسەك قۇيغۇدەك لاينىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇپ ئىش ئورنىغا كېتەتتى. چۈشتىن كېيىنلىكى بۇرۇنقىدەك ئىشداشلىرى بىلەن ئارام ئالغاچ يېرىم سائەتتەك چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشنى قويۇپ، ھېچ يەردە توختىماي قايتىپ كېلەتتى ـ دە، سۈيى تازا سىڭىپ ئېۋىگەن لاينى چىقىرىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە كېسەكنى قۇيۇپ بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈن بويى ئىشلىگەن قەيسەرنىڭ پۇت ـ قولى تېلىپ ئاغرىپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ ھەرگىز ۋايسىمايتتى. بارغانچە كۆپىيىۋاتقان كېسەككە قاراپ تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلەتتى.

ئۇنىڭ بايا ئالدىراپ مېڭىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. بۈگۈن ئىككى يۈز دانە كېسەك قۇيسا، قويغان كېسىكى ئالتە مىڭ دانىگە يېتىپ يېڭى ئۆي سېلىشقا يېتەتتى. شۇڭا ئۇ ئىشداشلىرىنىڭ چاقچاقلىرىغا كۈلۈپ قويۇپلا، كېسەك قۇيۇش ئورنىغا قاراپ ماڭدى.

قەيسەر كېسەك قۇيۇش ئورنىغا يېتىپ كەلدى. گەرچە، كۈن قىزىرىپ ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرسىمۇ، ھاۋا دىمىق ئىدى. بۇ تۇرپان ۋادىسىدا تومۇز ياز پەسلىدە كۈن ئولتۇرارغا يېقىن بولىدىغان كىشىنى بىئارام قىلىدىغان تىنچىق ئىسسىق ئىدى. شۇنداقلا، بۇنداق ئىسسىق كىشىنى ئەڭ بىزار قىلىدۇ. ئەمما، قەيسەر قاتتىق ئىشلەش بىلەن بۇنداق ئىسسىقتىن نۇرغۇنىنى ئۆتكۈزدى. گەرچە بۇ ئىسسىق ئۇنىڭ جىسمىغا توسقۇنلۇق قىلسىمۇ، ئەمما قەلبىدىكى ئىنتىلىشكە ئازراقمۇ زەرەر يەتكۈ-

زەلمىدى. رەتلىك قىرلاپ قويۇلغان كېسەكلەر قەيسەرگە شادلىققا تولغان بىر ئەتىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

قەيسەر سەل قورۇشۇپ قالغان لاي دۆۋىسىگە سۇ چېچىپ لايىنى يۇمشاتتى ۋە كېسەك قۇيۇشنى باشلىۋەتتى. خۇددى ئۇ ھەربىر كېسەكنى قۇيۇپ بولغاندا يېڭى ئۆينىڭ تېمى بىر كېسەك-چىلىك ئېگىزلەۋاتقاندەك ۋۇجۇدىدا بىر خۇشلۇق بار ئىدى. لايىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋە لايىنى قېلىپقا بېسىش ئۈچۈن ھەر ئېگىلگەندە بەل، لايىنى ئۇزۇپ ئېلىپ ماڭغاندا قولىنىڭ بېغىشى ئاغرىپ تۇرسىمۇ، قەيسەرنىڭ كۆز ئالدىغا يېڭىلا پۈتكەن ئۆي ۋە چىرايى-دىن مىننەتدارلىق كۆلكىسى يېغىپ تۇرغان ئاتا - ئانىسى كېلى-ۋېلىپ ئۇنىڭ ئازراقمۇ ئارام ئالغۇسى كەلمىدى. يەنە تېخى... ئۇ تۇرۇپلا ئىشداشلىرىنىڭ چاقچاقلىرىنى ئويلاپ قالدى. «جا-نان»، «گۈزەلىڭ»... توغرا، ئۇنىڭ يەنە سۆيگەن قىزى بار، قېنى مۇشۇ ئۆي پۈتسىچۇ، شۇ چاغدا قەيسەر قىزنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ تۇرمايدۇ. قىزنىڭ ئالدىدا ئاپىسىنى ۋە ئۆگەي بولسىمۇ ئاتىسىنى بىمالال تىلغا ئالالايدۇ. ھەرگىزمۇ بۇرۇنقىدەك گەپنى ئەگىتىپ ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. كۆڭلى ئازادە، خۇشال - خۇرام ھالدا باغچىلاردا سەيلە قىلىپ يۈرەلەيدۇ... ئېھ، ئۇ قىز نېمىدې-گەن ئوبدان - ھە! قەيسەرنى — ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى، روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىدۇ، قەيسەرگە كۆيۈنىدۇ، تۇرمۇشتا قەيسەر-دىن ئارتۇقچە نەرسىلەرنى كۈتمەيدۇ... بۇلارنى ئويلىغان قەيسەر ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇ بۇنداق تاتلىق كۈلۈپ باقمىغى-لى ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالغاندۇر؟ تاتلىق كۈلكە ئادەمنىڭ ۋۇجۇ-دىنى قانچىلىك ياشارتىدۇ - ھە!

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن قەيسەرنىڭمۇ ئىشى ئاياغلىشىپ قالدى. ئۇ پۇت - قولىنى، قېلىپنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن كېسەكلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ كېسەكلەر ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ يېڭى ئىشكىنى ئېچىپ بېرىدۇ، سۆيگۈنىڭ يېڭى

گۈلىستانىغا باشلايدۇ. كېسەكلەر، كېسەكلەر، ئاھ كېسەكلەر، مەن تەشنا بولغان شۇ نەرسىلەرنىڭ سىلەردە بولۇپ قالغىنى قىزىق. نېمە ئۈچۈن ئالتۇن قاتارلىق جانسىز نەرسىلەر ئادەملەرنىڭ — ھەقىقىي جانلىقلارنىڭ تەقدىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭالايدۇ؟ گول پاقلان بىر بۇردا نان بىلەن قاسساپ ئالدىغا باشلاپ بېرىلغاندەك سېرىق رەڭگىنىڭ شۇنچە كىشىنىڭ قەلبىنى بۇزۇپ تاشلىيالايدۇ؟ ئەمدى بولسا مۇنۇ كېسەكلەر مەن يارىتالمىغان تۇرمۇشنى ماڭا ئاتا قىلىش ئۈچۈن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. يەنە كېلىپ مەن لېيىنى پىشۇرۇپ، مەن قۇيغان كېسەكلەر...

قەيسەر ئۇھ تارتىپ قويۇپ: «بولدىلا، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى» دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ كېسەكلەرگە قاراپ پىچىرلىدى: «مەيلى كېسەك ئاتا قىلسۇن، ياغاچ بەرسۇن، مەيلى كېيىنكى تەقدىرىمنى ئۆي بەلگىلىسۇن، ئىشقىلىپ ماڭا يېڭى تۇرمۇش كېرەك.»

قەيسەر ئۆيىگە كىرگەندە سارەم كەچلىك تاماق تەييارلاۋاتاتتى. داۋۇت گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا، چىرايىدىن قەيسەر ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كۈلكە تۆككىنىچە بىر پارچە گېزىتكە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ قەيسەرنى كۆرۈپ كۈلۈپ باش لىڭشىتتى ھەمدە قەيسەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ: «تامىقىڭنى ئىسسىقىدا يەۋال» دېدى. قەيسەر بۇ ھالدىن ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم ئىچى پۇشۇپ تۇرۇۋىدى، ئاپىسى بىر تەخسە لەڭمەن كۆتۈرۈپ كىردى.

— قارا، قەيسەر، — دېدى ئاپىسى ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، — بۈگۈن ئاتاڭغا خۇشاللىق كۈن بولدى.

قەيسەر ئاپىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— ئاتاڭنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى چىقىپتۇ.

سارەم شۇنداق دەپ داۋۇتنىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئىشارە قىلدى. قەيسەر:

— مۇبارەك بولسۇن! — دەپ داۋۇتنىڭ يېنىغا بىر قەدەم ئېلىۋېدى، داۋۇت چاققانلىق بىلەن قولىدىكى گېزىتنى قەيسەرگە سۇندى. قەيسەر گېزىتنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك يېرىگە بېسىلغان خەۋەرنى تېزلا ئوقۇپ چىقتى. خەۋەردە يېزىلىشىچە، داۋۇت باشچىلىق قىلغان ئۇزۇمنى مۇددەتتىن بۇرۇن تېز قۇرۇتۇش دورىسى تەتقىقاتى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىدىن ئۆتۈپ يېقىندا ئاپتونوم رايوندىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىغا سۇنۇلغان ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن. بۇ تەتقىقاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشىدا زور بۇرۇلۇش ۋە ئۇنۇم ھاسىل قىلىدىكەن.

— ۋاھ، بۇ ھەقىقەتەن چوڭ ئىش ئىكەن، — دېدى قەيسەر خەۋەرگە قايتا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ.

— ئەمدى ھاردۇقۇم چىقتى، — دېدى داۋۇت خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا. ئاندىن گېزىتنى چىرايلىق قاتلاپ بىر كونۋېرتقا سالدى، — گېزىتتىن يەنە بىرنەچچە نۇسخا تېپىپ قويمىسام بولمايدۇ. ئالدىمىزدا تازا ئەسقېتىدىغان ۋاقىتلىرى بار.

ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقان قەيسەر تۇيۇقسىز نېمىنىدۇر ئويلاپ قالدى. ئەمما، ئويلىغىنى ئېنىق بولماي ئىچىنى بەك پۇشۇرۇۋەتتى. قايتا - قايتا ئويلىدى، بىراق ئويىدىن نېمە كەچكىنىنى بىلەلمەي تىتىلداپ كەتتى. خەۋەردە يېزىلغان گەپلەر قەيسەرگە تونۇشتەكلا بىلىنىدىيۇ، لېكىن زادى نەدە كۆرگەنلىكىنى پەقەت ئېسىگە ئالالمىدى. ئاخىرى بولماي «بەلكىم، مۇشۇ ئۆيدە دېيىلگەن بولسا قۇلىقىمغا كىرىپ قالغاندۇر» دەپ تامىقىنى يېيىشكە كىرىشتى. شۇ چاغدا ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىرايى 6 - ئايدىكى تۇرپان ھاۋاسىدەك ئېچىلىپ كەتكەن داۋۇت چىقىپ قەيسەردىن سورىدى:

— كېسەكلەر قانداق بولدى؟

— يېتەرلىك بولدى، — دېدى قەيسەر خۇشال ھالدا.

— ئۆيىنى قانداق سالىمىز؟ دېمەكچى، ئادەم يالىلايمىز مۇ...
— ياق، — دېدى قەيسەر ھەم ئالدىراپ، ھەم خۇش-لۇقتا، — مەن ئويلىنىپ قويدۇم. رۇخسەت سورىسام يا دەم ئېلىش كۈنلىرى بىرنەچچە دوستۇمنى چاقىرىپ ئۆزىمىز سېلىۋې-تىمىز.
— ھە، ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى، — دېدى داۋۇتنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ. بۇنىڭدىن قەيسەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قال-دى. چۈنكى، داۋۇت ھازىرغىچە قەيسەرگە بىرەر چوڭ ئىشنى مەسلىھەت سېلىپ باقمىغان ھەم بۇ قەدەر ماختاپمۇ باقمىغان. قەيسەرمۇ ھەر قېتىم ئىككى يۈز ئوتتۇز يۈەن مائاشىنى شىرەگە قويغاندا، ئۇلار «خەجلە» دەپ ئون - يىگىرمە يۈەن پۇل بەرگەن-دىمۇ بۇنچىلىك خۇشال بولمىغان، روھىي ئازادلىكنىڭ سېھرىي كۈچى قانچىلىك قالتىس - ھە!
شۇ ئاخشىمىلا قەيسەر بىرنەچچە يېقىن دوستىنى ئىزدەپ باردى. قەيسەرنىڭ دەردىنى چۈشىنىدىغان بۇ دوستلىرى قەيسەر-نىڭ بۇ ئارقىلىق ئائىلىسىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان ئۈمىد بىلەن ماقۇل بولۇشتى. ئۇلار نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ئاق كۆڭۈل دوستىنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتىشىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، بۇ قېتىمقى ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى باشقىلارغا قارىغاندا چوڭقۇر-راق چۈشىنەتتى.
ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئىشنى باشلىۋەتتى. قەيسەر ئۆزى ئۇستا بولدى. دوستلىرى لاي ئېتىپ، كېسەك توشۇدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە يېڭىچە بىر تۇيغۇ بولغاچقا، ئەتىگەن كېلىپ ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنلەردىمۇ ۋايىسماي ئىشلەۋەردى. ئۇلار ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىشلەۋاتقاندا داۋۇت قولىنى كەينىگە قىلىپ ئىش ئورنىنى بىرەر قۇر ئايلىنىپ چىقاتتى ۋە رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ شۇ كۈلكىسىلا يىگىتلەرگە كۈچ - قۇۋ-ۋەت ئاتا قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار داۋۇتنىڭ شۇ كۈلكىسىدىن

قەيسەرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى شادلىق كۈلكىلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتى. سارەم بولسا بۇ ئىشلاردىن: «ئۇھ، ئادەم دېگەن چوڭ بولۇپ، قاتارغا قوشۇلۇپلا قالسا ئىشلار يورۇشۇپ كېتىدىكەن» دەپ كۆڭلى خېلى ئارام تېپىپ قالاتتى.

يىگىتلەر تاملىرى ئېگىزلەۋاتقان ئۆينىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ تاماكا چېكىشىپ، يىگىتلەرگە خاس ئۇتلۇق، تەلپۈنۈشلۈك چاقچاقلارنى قىلىشىپ تومۇز ئىسسىقتىكى لاي ئىشنىڭ جاپاسىنى يېڭىپ كېتىۋاتاتتى. يىگىتلىكتە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئارامچىلىك بارمۇ؟

— ئۆي چېپىدا قاتتىق ئوينايمىز جۇمۇ، ئاغىنىلەر، — دېدى يىگىتلەردىن بىرى سەلگىنە ئارامچىلىق بولغاندا، — ھەممىڭ تۆمۈچۈقۇڭنى باشلاپ كېلىسەن.

— سايىسىز كەلگەنلەرگە سورۇندىن ئورۇن يوق، — دېدى يەنە بىرى.

١ — توچىيىنى[①] سۆرەپ كېلەلمىگەنلەر يېرىم يولدا كەينىگە يانسۇن، — دېدى قىزىقچى بىرى.

ئاخىرى گەپ قەيسەرگە كۆچتى.

— قەيسەر، ئۆي چېيى قىلغان كۈنى تانسا ئوينايمىز جۇمۇ. سەن باشتا زۆھرە بىلەن باشلاپ بېرىسەن، — دېدى بىر دوستى.

— مەن... مەن...، — دەپ ھودۇقتى قەيسەر، — مەن تانسا ئۇقمىسام؟ بىلىدىغان بولغاندىكىن، سىلەر باشتا ئويناڭلار.

— بولمايدۇ! بىلمىسەڭ، ئاخشىمى ئۇچراشقاندا تۆگىمەس پاراڭ قىلىشقىچە تانسا ئۆگەن.

بۇ گەپتىن يىگىتلەر خېلىغىچە كۈلۈشتى. قەيسەر قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ دوستلىرىدىن ھەقىقەتەن مىننەتدار ئىدى. دوستلىرى توغرۇلۇق ئويلانغاندا ئۆزىگە «ئۇلارنى بىر ئۆمۈر يېقىن

① توچىيى — كۆزۈپ، يەنى سۆيگىنىنى دېمەكچى.

كىشىم دەپ بىلىمەن» دەپ ۋەدىلەرنى بېرىپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ۋاپادار، كۆيۈمچان، بىر ـ بىرىنىڭ جاپاسىغا ھەرقاچان تەييار تۇرىدىغان دوستلىرىنىڭ بولغىنىدىن سۆيۈنەتتى، پەخىرلىنەتتى.

ئاخىر ئۆيمۇ پۈتتى. بۇ يېڭى ئۆيلەرگە داۋۇت ئەر ـ خوتۇنلار كۆچۈپ چىقىپ، چەتتىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆينى قەيسەرگە بىكارلاپ بەردى. قەيسەر بۇنىڭدىن يەنىلا خۇش بولدى. ئۆزىنىڭ ئۆيىنى تېزلا سەرەمجانلاشتۇرۇۋالدى. ئۇ بەزىدە ئۆزلىرى سالغان يېڭى ئۆيگە قارىغىنىچە ئۆز ـ ئۆزىدىن مەمنۇن بولاتتى ۋە دوستلىرىنى ئوبدان رازى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى.

بىر كۈنى، تاماق ئۈستىدە يېڭى ئۆينىڭ ئۆي چېيىنى قاچان ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا مەسلىھەت بولۇپ قالدى. بىرى، ھاۋا ئىسسىق دېسە، يەنە بىرى «بۇ ئائىلىمىزدىكى تۇنجى مەرىكە، ئوبدان تەييارلىق قىلىپ ياخشى ئۆتكۈزمىسەك بولمايدۇ» دەپ بىرلىككە كېلەلمىدى. ئاخىرى داۋۇت:

— بولدى، سىلەر تەييارلىقلارنى قىلىۋېرىڭلار، ياخشى بىر پۇرسەتتە ئۆتكۈزەيلى، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. قەيسەر ئۇنىڭغا ئۇلاپلا دوستلىرىنىڭ گېپىنى قىلماقچى بولدىيۇ: «بولدىلا ۋاقتى كەلگەندە ئېيتاي، ئۇلار دوستلىرىمدىن خۇش، دوستلىرىممۇ تەييارلا بولغاندىكىن» دەپ ئېغىز ئاچمىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇلار تەييارلىقنى باشلىۋەتتى. ئەمما، شۇ مەسلىھەتتىن كېيىن داۋۇت ئۆي چېيىنى قانداق ئۆتكۈزۈش، يەنە قانداق ئالاھىدە تەييارلىق قىلىش، ئۆيلەرنى قانداق تۈزەش، مەرىكىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىش، كىملەرنى چاقىرىش توغرىسىدا قەيسەرگە پەقەت ئېغىز يارمىدى. لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئاز بولسا ئۆزى، كۆپ بولسا ئادەم ياللاپ ئەكېلەتتى. سارەمگە، سەلىمە، گۈلشەنگە ئىش تاپىلايتتى، ئۇششاق ـ چۈشـ

شەك نەرسىلەرنى ئەكېلىش ئۈچۈن پۇل بېرەتتى··· بىراق، بۇ ئالدىراشچىلىق خۇددى قەيسەر بىلەن مۇناسىۋەتتى يوقتەك جىملا يۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قەيسەرنىڭ كۆڭلى بىئارام بولدى.

قەيسەر بۇ ئىشلاردىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرگەندە، ئىدارىسى ئۇنى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇيدىغانلارغا ياردەملىشىش ئۈچۈن توقسۇننىڭ كۆمۈش بازىرىغا ئەۋەتتى. بىر كۈندە پۈتىدىغان ئىش ئەپلەشمەي ئۈچ كۈن دېگەندە ئاران پۈتتى. شۇنداق قىلىپ قەيسەر توقسۇندا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى.

ئۈچىنچى كۈنى قەيسەر قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىدارىسىدىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ، چۈش بىلەن تەڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ هويلىغا كىرىپ تۇرۇپلا قالدى. هويلىغا چوڭ قازان ئېسىلىپ، بەش دانە شىرە تىزىپ قويۇلغانىدى. كىر يېيىش ئۈچۈن تارتىلغان سىمغا بىرنەچچە داستىخان ئېسىپ قويۇلغانىدى. چالا كۆيگەن ئوتۇنلار يېنىغا قويۇلغان چوڭ سېۋەتكە پارچە نان توشقان، بىر چەتتە سارەملەر پولۇ يۇقى لېگەنلەرنى يۇيۇۋاتقان··· بۇ ئالامەتلەردىن نېمە ئىشلىقىنى سەزگەن قەيسەر سېكۇنت ئىچىدە غەزەپلىك تىترەپ توختىدى. ئۇنى كۆرۈپ باشقىلارنىڭمۇ قولى ئىشتىن توختاپ قالدى. سارەم بېشىنى ئاستا تۆۋەن قىلىۋالدى. قەيسەر ئاغزىنى ئەمدى ئۆمەللىۋىدى، ئۆيدىن ئەسنىگىنىچە داۋۇت چىقىپ قالدى. ئۇ قەيسەرنى كۆرۈپ سەل ئەندىكتى ۋە ئەسنىكى يېرىم يولدا ئۈزۈلدى.

— هە، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دېدى داۋۇت ئۆزىگە تەبىئىيلىك بېرىشكە تىرىشىپ. قەيسەر يەنە بىر ئۈمىد باردەك يېنىكلەپ ئالدىغا ماڭدى ۋە ئالدىراپ:

— چۈشكە يېقىن قايتىپ كەلگەن، — دېدى، ئاندىن داۋۇتقا ئۈمىد بىلەن باقتى.

— تەييارلىقلار پۈتۈپ قېلىۋىدى، — دېدى داۋۇت تاماكا

ئوراپ، — سېنى شۇنچە ساقلىساقمۇ كەلمىدىڭ. شۇنداق قىلىپ
تۇنۇگۈن ئۆي چېپىنى ئۆتكۈزۈپ بولدۇق.

قەيسەرنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. «شۇنچە ساقلىدۇق،
دەپ بىر كۈنلا ساقلاپسىلەرغۇ؟» دېگۈسى كەلدى. بىراق يەنە شۇ
هامان ۋۇجۇدىدا قىمىرلاپ تۇرغان تەسەللى ئۇنىڭغا هاي بەردى:
«ئۆزۈمنىڭغۇ بىر كۈنلۈك دەپ بىر يېرىم كۈن ئاشۇرۇۋەت-
تىم» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

— ئاغىنىلىرىم كىچىك ئۆيۈمگە پېتىشتىمۇ؟ كەچكىچە ئۆيدە-
ندىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن بولمىغاچقا ئۇلارنىمۇ چاقىرالماي قالدۇق، — دېدى
داۋۇت هېچبىر ئەهمىيىتى يوق ئىش توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندەك
تەلەپپۇزدا.

قەيسەر قېتىپلا قالدى، ئاغزىغا سۆزمۇ كەلمىدى، ئەمما
ۋاقىرىغۇسى، قولىغا ئىلىنغان نەرسىنى ئېلىپ يەرگە كۈچەپ
ئۇرغۇسى، يېڭى ئۆينىڭ ئاپئاق تاملىرىنى مىتىن بىلەن چاپقۇسى
كەلدى. يەنە نېمىلەرنىدۇر قىلماقچى بولغاندەك ئەتراپقا چەكچى-
يىپ قارىدى. ئەمما، ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ نېمە دېيەلىسۇن؟

— ئۇيقۇم چالا بولۇپ قاپتۇ، — دېدى داۋۇت ئۆيگە مېڭىپ
ۋە سەلىمەنى بۇيرۇدى، — سەلىمە، ئۆيدىكى قۇتىلارنى
ئاچقىنۋەت.

سەلىمە مەسخىرىلىك كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى. سارەم بىر
پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— بىزمۇ تاماقنى هېلىلا يېگەن. ئىسسىقىدا
يەۋال، — دېدى.

— ئاكا، يورۇقۇڭ، تامىقىڭىزنى مەن ئېلىپ بېرەي، — دېدى
گۈلشەن بىرخىل ئوڭايسىز قىياپەتتە. بىراق، قەيسەر هېچقانداق
ئىنكاس قايتۇرماستىن ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى جالاقلىتىپ ئې-
چىپ كىرىپ كەتتى.

قەيسەر ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كاڭغا تاشلىدى. «ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟» قەيسەر ئۆز - ئۆزىگە تەكرار - تەكرار سوئال قويۇپ ياستۇقنى جەھلى بىلەن چاڭگاللىدى. ئۆزىنى ئەخمەق قىلىنغاندەك، ئالدانغاندەك ھېس قىلدى. ئەجەب - ھە، قەيسەر ھېچبولمىسا ئۇلارنىڭ «يېڭى ئۆيدە ئوغلىمىزنىڭ، ياق، قەيسەرنىڭ كۆپ ئەجرى بار» دېگەن بىر جۈملە سۆزگە بولسىمۇ تەشنا ئىدىغۇ؟ ياق، ئۇلار دېمىدى، ئاشۇ بىر جۈملە سۆزنى دېيىشنى خالىمىدى! قەيسەرنىڭ مېڭىسى ۋىڭىلدايتتى. ئۇ شۇنىڭدىن باشقىنى ئويلىيالمىدى. ئۇ مېڭىسىنىڭ بۇنچىلىك غۇڭۇلدىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆيدىن، ھويلىدىن ھېچنېمىگە قارىماي چىقىپ كەتتى.

قەيسەر بېشىنى سالغىنىچە ماڭدى. مەھەللىدىن چىقتى، شەھەر كوچىلىرىنى كېزىپ ئۆتتى. تونۇشلىرى ئۇچرىدىمۇ، ئۇچرىمىدىمۇ ھېچكىمگە دىققەت قىلمىدى، ھېچكىمگە گەپ قىلمىدى.

ئۇ خېلى مېڭىپ ئاستا - ئاستا بېسىلدى، مېڭىسىنىڭ غۇڭۇلدىشىمۇ بىر ئاز قويۇپ بەرگەندەك بولدى. ئۇ شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ يېڭى بېكەت رايونىغا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئىككىلەنمەيلا دۇكانغا كىردى.

— پارچە ھاراق! — دېدى ئۇ بىر يۈەن پۇلنى پوكەيگە قويۇپ. دۇكاندار گەپ قىلماي ئوتتۇراھال قاچىغا لىققىدە ھاراق قۇيۇپ قەيسەرگە سۇندى ۋە پوكەيگە ئىككى تال كەمپۈت تاشلاپ قويدى.

قەيسەر كۈمۈش بازىرىدا باشقىلارنىڭ تولا زورلىشى بىلەن تۇنجى قېتىم ھاراق ئىچىپ باققان. مانا ئەمدى ئىككىنچى قېتىم ئىچىشى. ئەمدى ئىچىدۇ، مۇشۇنىڭ ھەممىسىنى ئىچىدۇ، راستىنلا ئەلەمنى، ئاچچىقنى باسىدىغان - باسمايدىغانلىقىنى بىلىپ

باقىدۇ. قــەيسەر چىننىنــى ئــاغزىغا ئــەكەلدى. قــاڭسـ
راق... قەيسەر سەسكەندى. سەسكەنگەن بىلەن ئەلەم بىسىا
قەيسەر بىر ئوتلىدى، ئوت، كۆيدۈرگۈچ ئوت. بۇنچىلىا
دىلىنىڭ ئاچچىق ئوتى ئالدىدا نىمىتى! ئۇ چوڭراق ئوت
كۆيە، كۆي... قەيسەر بىر تال كەمپۈتنى قاراسلىتىپ چاپ
غاندىن كېيىن غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. ھۆ بولغ
سەسكەندى. بىراق ئىچىۋەردى، ئىچىۋېرىپ كۆزلىرىدىن
چىقىپ كەتتى. چىقساڭ چىق، چىقمىغان، تۆكۈلمىگەن، ئا
غان ياشلارمىتى بۇ!

قەيسەر ئاخىر ئىچىپ بولۇپ، قاچىنى پوكەيگە قويدى
يەنە بىر تال كەمپۈتنى ئاغزىغا سېلىپ شۈمىگىنىچە دۇكاند
چىقىپ كەتتى. ئۇ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن يول بويىدىكى ب
تۈپ تېرەكنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزل
«سىلەر مېنىــى ئازراقمۇ ئويلىمىدىــڭلار، كۆڭلۈمنــى ئا
دىڭلار ... مەن ... مەن ھەقىقەتەن يېتىم ئىكەنمەن...» قا
بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ تولىمۇ ئېچىنىشلىق يىغلىدى.

## يەتتىنچى باب

# ھاقارەت

ئەتىسى قەيسەر ئۇلارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ناشتى-
سىغىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەلەم، ۋۇجۇ-
دىدىكى ئاچچىق تېخى تارقىمىغانىدى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىچى
ئۆرتەندى. تۇرپاننىڭ شۇنچە پىژغىرىم ئىسسىقىدا كېسەك قۇ-
يۇش، تام قوپۇرۇشلار، يېڭى بىر كۈننىڭ تېزرەك يېتىپ كېلى-
شى ئۈچۈن ئەمەسمىدى... قېنى قەيسەرنىڭ كۆتكەنلىرى؟ قەيسەر
خورلۇقتىن بوغۇلدى: «ھېچبولمىسا... ھېچبولمىسا دوستلىرىم-
نى بولسىمۇ...» قەيسەرنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ يەنە بوشى-
دى... ئۇ ئاخىرى «ھەي...» دېگەن ئەلەملىك تىنىش بىلەن
ئۆزىگە ھاي بەردى.

قەيسەر ئىش ئورنىدا بىر دانە ھورنان يەۋالغاندىن كېيىن
خىش توشۇشقا چۈشۈپ كەتتى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا ھەيران
بولۇپ قارىشاتتى. ئادەتتە، چاقچاق قىلالمىسىمۇ، سۆزدىن قال-
مايدىغان، ئۇستىسىدىن سوراپ تىنمايدىغان، ئىش مەيدانىدا باش-
قىلار ئىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن ۋايىسا، چىرايىدىن كۈلكە ئۆچ-
مەيدىغان قەيسەرنىڭ بۇ قەدەر جىمىغۇرلۇقى، پەرىشانلىقى ئىش-
داشلىرىغا غەلىتە بىلىندى.

— قەيسەر، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ — سوراشتى ئۇلار.
قەيسەر ئۇنسىز بېشىنى چايقىدى.

— نېمە بولدۇڭ ئەمىسە، چىرايىڭ ئېچىلمايدىغۇ؟

قەيسەر «ھېچ ئىش يوق» دەپ ئىشنى داۋام قىلىۋەردى. ئىشداشلىرى بىر ـ بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراشتى.

— ھە، ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، — دېدى ئۇستىسى، — ئادەم دېگەن بەزىدە شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

قەيسەر لېۋىنى بىر چىشلىۋېتىپ يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ئوڭشاشقا تىرىشتى. «نېمىشقا ئۇلارنىمۇ بىسەرەمجان قىلىپ يۈرىمەن» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى ئىچىدە.

ئەمما، ئىنسان روھىي دۇنياسىدىكى داۋالغۇشنى قانداقمۇ مەجبۇرىي تەڭشەپ تەبىئىي ھالغا كەلتۈرەلىسۇن؟ تەن ۋە قەلبنىڭ بىرلىكى قەلبنىڭ يۈكسەكلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، قەلب مەجبۇرلانسا ئۇنىڭدا يۈكسەكلىك نېمە ئىش قىلسۇن!

قەيسەر ئۇ ئەلەمنى ھەقىقەتەن ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى. ئۆزىنى ئىشقا ھەرقانچە بەند قىلىپ باقاي دېسىمۇ، قەلبىدىكى غەليان ئۇنىڭغا ھېچ ئارام بەرمىدى. ۋاقىتنى چۈش قىلماق قەيسەرگە ناھايىتى تەس كەلدى، بۇرۇن ۋاقىت بىردەمدىلا توشۇپ قالاتتى. «ئەجەب بىر تەمەددە بولۇپتىكەنمەن. مۇشۇ يېشىمغىچە كۆزۈم كۆرگەنلىرى ئازمىدى، ئىسىت، كالتە پەملىكىم، بىكارلا تاپتىم بۇ كۆڭۈل ئاغرىقىنى، نېمىشقىمۇ… ھەي…» قەيسەرنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ، دىلىدا ئاشۇ خىياللار كېزىپ يۈرەتتى. دېمىسىمۇ، چوپچوڭلا بولۇپ قالغان يىگىتنىڭ كۆڭلى قىلچىمۇ نەزەرگە ئېلىنمىسا… ئۇ يېتىم بولسىمۇ، ئۆگەي بولسىمۇ شۇ ئۆينىڭ ئادىمى ـ دە، ھەرگىز قۇل ئەمەس. قەيسەرگە ئەڭ ئېغىر كېلىۋاتقىنى شۇ ئىدى.

ئاخىرى چۈشمۇ بولدى. قەيسەر تاماقنى تولىمۇ ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يېدى. ھازىر ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق بولغاچقا،

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئۆزۈن ئىدى. ئىشچىلار يېڭى سېلىنىۋاتقان بىنانىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈپ ئۇخلىشاتتى. قەيسەر بولسا ئىش ئورنى ئۆيىگە يېقىن بولغاچقا ئادەتتە چۈشلۈكى ئۆيىگە بېرىپ ئۇخلايتتى. بۈگۈن ئۇ تۇنجى قېتىم قايتمىدى. ئىشچىلار بىلەن بىردەم - بىرىمدەم يىگىتلەرگە خاس چاقچاقمۇ قىلىشمىدى. بەلكى، چەتتىكى بىر ئۆيگە بېرىپ جىممىدە ياتتى. ھازىر ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقىنى دوستلىرىغا، زۆھرەگە قانداق قاراش، قانداق چۈشەندۈرۈش مەسىلىسى ئىدى. «ئۇلارنى ئەھۋالىمنى چۈشىنىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇنچىلىك بولۇپ كەتسە... ھەي... نېمىشقىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈي چىيى توغرۇلۇق پاراڭغا ئۇلار بىلەن تەڭ قوشۇلۇپ كەتكەندىمەن... يا مەن ئائىلىدە ئۇلاردەك بالا بولمىسام...» قەيسەر خىياللار ئىلكىدە پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. ئاخىرى «بوپتۇلا، جىم تۇرۇۋالسام ئۆتۈپ كەتمەمدۇ» دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇ مۇشۇ قارارى بىلەن جىم تۇرغان بولسا نېمە بولاتتىكىن؟ لېكىن...

شۇ كۈنى كەچ قەيسەرنىڭ ئۆيىگە قايتقۇسى كەلمەي (گەرچە دېيىشىپ قويمىغان بولسىمۇ)، زۆھرەنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەن تۆۋەن تەرەپتىن يېقىن ئارىلىشىدىغان (ئۆزي سېلىشقا كۆپ كۈچ چىقارغان) ئىككى دوستى كېلىپ قالدى. قەيسەر ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تامدىكى ئۇقتۇرۇشلارنى ئوقۇغان بولۇپ تۇرۇۋالدى. ئەمما، ئۇ بەك ھودۇقۇپ كەتكەچكە ۋە كۆڭلى تېنەپ تۇرغاچقا، قەغەزدىكى «ئۇقتۇرۇش» دېگەن خەتتىن باشقىسى كۆزىگە چېلىقمىدى.

— ھە، كەچتە كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى دوستلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ. قەيسەر كەينىگە بۇرۇلۇپ دۇدۇقلىدى:

— ھە، سىلەر ... سىلەرمىدىڭلار.

— ساقلاۋاتامسەن، بارماقچىمۇ؟ — سورىدى دوستلىرى كۈلۈشۈپ.

— بارماقچى، بارماقچى، — دېدى قەيسەر ئالدىراپ. ئۇ دوستلىرىغا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇلاردا ھېچبىر غەيرىي ئالامەتلەر يوق ئىدى. «خۇداغا شۈكرى، — دېدى قەيسەر ئىچىدە، — ئۇلار ئۆي چېيىنىڭ ئىشىنى ئۇقماپتۇ.» بىراق...

— ئۆي چېيىنى ئۆتكۈزۈپ بوپسىلەر ـ ھە؟ — دەپ سوراپ قالدى بىر دوستى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمدىلا كۆڭلى جايىغا چۈشكەن قەيسەر ھودۇقۇپ كەتتى:

— شۇ... شۇنداق. تەييارلىقلار پۈتكەندە، مەن... مەن توقسۇنغا كېتىپ قېلىپ... شۇڭا سىلەرنى...

— بۇنى ئۇقتۇق، — دېدى يەنە بىر دوستى، — بىزنى ئايرىم چاقىرىمەن دېگىنىڭمۇ بوپتۇ. چۈنكى بىز ياشلارنىڭ ئىشىدىمىز باشقىچە.

— ھە، قاچان چاقىراي دەيسەن؟ تەييارلىقنىڭ كەم بولسا غاچ ـ غۇچلا ياردەملىشىمىز.

— ھازىر قۇرۇلۇشنىڭ بەك ئالدىراش ۋاقتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتسۇن، شۇ چاغدا...، — دېدى قەيسەر يالغان ئېيتىپ ۋە دەررۇ قىزىرىپ كەتتى.

— ھە بوپتۇ. ئۇنداقتا ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈڭ يالغۇز جاپا تارتماي بىزنى ھايت دە، خوش بىز ماڭدۇق.

دوستلىرى كەتتى. قەيسەر ئېغىر ـ ئېغىر تىنغىنىچە ئورنىدا خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن باغرى (تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى) غا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى باغرى يولىدىكى قەبرىستانلىق. ئۇ شۇ يەردىن ئۆتسىلا سۈر باساتتى. ئەگەر زۆھرە بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى ئۈستۈن كەلمەيدىغان بولسا، كەچلەردە بۇ يەردىن مېڭىشتىن قورققان بولاتتى. بىر كىچىك بالىنى زۆھرەلەرنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزۈپ زۆھرەنى چاقىرتىپ چىقتى. زۆھرە قەيسەرنى كۆرۈپلا:

— ئۆي چېيىنى قاچان قىلىدىغان بولدىڭىزلار؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، سىزمۇ بىلىسىز، مەن توقسۇنغا كېتىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئارتۇق تۇرۇپ قالدىم. ئۆيدىكىلەر ساقلاپ بولـ- ماي... ، — دېدى قەيسەر تۆۋەن ئاۋازدا.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟ — سورىدى زۆھرە ئېھتىيات بىلەن. چۈنكى، ئۇ قەيسەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈ- شىنەتتى.

— شۇنى سىز بىلەن مەسلىھەتلىشەي دەپ كېلىشىم، — دېدى قەيسەر يەرگە قاراپ تۇرۇپ، ئۇ يالغان ئېيتقانىدى. ئۇ ھەرقانچە ئۆگەيلەنسىمۇ، سۆيگەن قىزىنىڭ ئالدىدا يەنىلا يىگىت- دە! سۆيگەن قىز ئالدىدىكى يىگىتلىكنى بىر نەرسە بىلەن تەڭلەش- تۈرگىلى، ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا يىگىتلەرنىڭ بىر قولىدا يىگىتلىك غۇرۇر، يەنە بىر قولىدا ئۆلۈم (روھىي بەرباد- لىق) بولغان بولىدۇ ھەم بۇ ئىككىسى خۇددى ئىككى قول مۇرە ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرغاندەك، بىر - بىرىگە چىگىلگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئەي سۆيۈملۈك قىزلار، ئۆزۈڭلار كۆڭۈل بەرگەن يىگىت- لەرنى سىنايمىز دەپ، يىگىتلىك غۇرۇرى جاراھەتلىنىدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىماڭلار.

— مېنىڭچە، — دېدى زۆھرە، — ئۆتكۈزمەي بولمايدۇ، ئەپلەشكەن ۋاقىتتا ئاددىي بولسىمۇ ئۆتكۈزەيلى.

زۆھرەنىڭ «ئەپلەشكەن ۋاقىت» دېگەن سۆزى تولىمۇ ئەپ- لىك، مەنىلىك ئېيتىلغان سۆز بولدى. بۇنى قەيسەر ئوبدانلا چۈشەندى. بولۇپمۇ زۆھرەنىڭ «ئۆتكۈزەيلى» دېگەن سۆزى ئۇنى بەك ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى باسالماي زۆھرەنىڭ قولىنى تۇتتى...

ھاياجانلىق دەقىقىلەر تۈگىگەندە بولسا قەيسەرنى يەنە غەم باستى. «ئۆتكۈزەيلى». قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ نەدە ئۆتكۈزىدۇ؟ نېمە بىلەن ئۆتكۈزىدۇ؟ مائاشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيىگە بېرىدۇ. ئاددىي دېگەن ھالەتتىمۇ داۋۇتلار قەيسەرنىڭ ئۆيىگە مېھمان چاقىـ-

رىشغا قوشۇلامدۇ؟» بۇ خىل ئىزگۈ خىياللار قەيسەرنى زۆھرەنىڭ يېنىدىن تېزرەك كېتىشكە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى.

— بولىدۇ، مەن سىزگە خەۋەر قىلاي.

قەيسەر خوشلاشتى. زۆھرەنىڭمۇ خىيالى شۇ ئىشتا بولغاچقا بۇنداق تېز خوشلىشىشتىن غەلىتىلىكمۇ ھېس قىلمىدى. قەيسەر ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى قانداق يىغىشتۇرۇشنىڭ باش قېتىنچىلىقىدا قەبرىستانلىقتىن قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى يەنە تۇيماي قالدى.

قەيسەر ئاستا قەدەملەر بىلەن ماڭغاچ زادى قانداق ئامال قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردى. قەرز ئېلىش؟ مائاشىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قېلىش؟ ئۆيدىن يېتەرلىك ئىقتىساد بېرىشنى تەلەپ قىلىش؟ بۇلار قەيسەر ئۈچۈن نەقەدەر ۋەھىمىلىك گەپلەر - ھە؟ «كىشىلەر مەرىكە ئۆتكۈزۈشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. پۇلى يوق ئادەملەرنىڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈشى، باشقىلارنى دورىشى ئۆز - ئۆزىنى ئىزا - نومۇسقا قويۇشقۇ. بولۇپمۇ مەندەك ھەم ئۆگەي، ھەم پۇلىمۇ يوق ئادەم ئۈچۈن مەرىكە ئۆتكۈزۈش ئۆلۈم بىلەن تەڭ تۇرمامدۇ.» قەيسەر شۇلارنى ئويلىدى. تۇرۇپ «مېنى نەزىرىگە ئىلمىغانلارنىڭ ئۆيىدە ئۆي چېپىپ ئۆتكۈزۈش مەن ئۈچۈن ئەرزىمەس ئىشقۇ» دەپ ئويلاپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپمۇ قالدى. لېكىن، يەنە «مەنغۇ مەيلى، مەن بىلەن تەڭ جاپا تارتقان، مېنىڭ يۈزۈم ئۈچۈن شۇ ئىسسىق كۈنلەرنىڭ مۇشەققەتلىك ئەمگىكىگە بەرداشلىق بەرگەن دوستلىرىمغا رەھمەت ئېيتمىسام قانداق بولىدۇ؟ بولۇپمۇ ماڭا كۆيۈنگەن دوستلىرىمنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى. دەل مۇشۇ نۇقتا ئۇنىڭغا كۈچ، مەدەت بولدى. «چوقۇم ئۆتكۈزىمەن!» دېدى ئۆز - ئۆزىگە. شۇ قەتئىي قارارى بىلەن ھويلا ئالدىغا يېتىپ كەلگۈچە چاي ئۆتكۈزۈشنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا بولسا، ھويلا ئىشىكىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇش بىلەن

ئۆزىگە كەسكىن پىچىرلىدى: «مۇشۇ ئايلىق مائاشىمدىن ئوتتۇز كوي ئېلىپ قالىمەن!»

بىراق، مەرىكىنى يەنە مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزۈش كېرەك بول-
غاچقا، قەيسەر ئەتىسى ھويلىغا خۇش چىراي چىقىشقا مەجبۇر بولدى. موھتاجلىق دېگەن ـ ھە! قەيسەرنىڭ خۇشلۇقى ياكى خاپىلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان بۇ ئۆيدىكىلەر قەيسەر-
نىڭ مۇئامىلىسىگە قارىتا چىراي ئېچىپ قويىدى، خالاس. پەقەت سارەملا ئوغلىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ «شۈكرى» دەپ يې-
نىك تىنىدى.

قەيسەر گەرچە «مائاشىدىن ئوتتۇز كوي ئېلىپ قېلىش» پىلانىنى تۈزگەن بولسىمۇ، ئىككى كۈنگىچە دېلىغۇللۇقتىن قۇ-
تۇلالمىدى. ئىش ئورنىدىمۇ روھى چۈشكۈن ھالەتتە يۈردى. ئۈچىنچى كۈنى چۈشلۈك ئارامدا قەيسەر ئىسسىققا چىدىماي ئانچە يىراق بولمىغان كارىزغا بېرىپ سۈزۈك، مۇزدەك سۇدا ئۆزىنى ھۆلدىۋالغاندىن كېيىن سايە جايغا كېلىپ يەنە شۇ خىيال، شۇ غەم بىلەن ياتتى. شۇ چاغدا بىر ئىشدىشى ئىككى تال چوكا مۇز كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— مە، ئەجەب خۇشياقتى، — دېدى ئۇ بىر تال چوكا مۇزنى قەيسەرگە بېرىپ، يەنە بىر چوكا مۇزنى ئالدىراپ شوراپ، — ئىدارە بۇ قېتىم ئەجەب ياخشى قىلدى ـ ھە؟

— نېمىنى؟ — سورىدى قەيسەر قولىدىكى چوكا مۇزغا بەند بولۇپ. ئىشدىشى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى:

— ھوي، سەن تېخى ئۇقماپسەنمۇ نېمە؟ بايا باشلىق «ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى» دەپ ھەربىرىمىزگە ئوتتۇز كويدىن تۇر-
مۇش پۇلى تارقاتتى. ماڭ بېرىپ ئېلىۋال.

— نېمە؟ — قەيسەر خۇشاللىقىدىن قولىدىكى چوكا مۇزنى تاشلىۋەتكىلى تاسلا قالدى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. قەيسەر قولىدىكى ئون يۈەنلىك پۇلدىن ئۈچ ۋاراقنى

تۇتقىنىچە ھاياجانغا چۆمدى. بۇ ئوتتۇز يەن ئۇنىڭغا غايەت زور چىقىش يولى بولۇپ كۆرۈندى. خۇشاللىقتىن قەيسەرنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، پۇت - قوللىرى تېتىكلىشىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئۇ سۆيگىنى، دوستلىرى، ئاتا - ئانىسى (بوپتۇلا، ئاتا - ئانىسى بولسۇن) ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدىغان بولدى.

شۇ ئاخشىمى زۆھرەنىڭ ئۇنى چاقىرتىشى خۇشلۇققا خۇشلۇق قوشتى. قەيسەر يولدا تېز قەدەملەر بىلەن، ئەتراپقا ئازادە نەزەر تاشلاپ، تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ باغرىغا يېتىپ كەلدى.

— تەييارلىقلار قانداقراق؟ — سورىدى زۆھرە ئەھۋاللىشىپ. دېمەككى، بۇ قىزمۇ ئۆز يىگىتىنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى.

— بەك چوڭ بولمىسىمۇ، تەييارلىق ھەر ھالدا پۈتۈپ قالدى، — دېدى قەيسەر ئىككىلەنمەيلا، — مۇشۇ شەنبە ئاخشىمى چاقىرايلى.

— ئاددىيلا بولسا بولدى، — دېدى زۆھرە تاتلىق كۈلۈپ. ئاندىن ئۇ يانچۇقىدىن بىر نەرسە چىقاردى، — بۇ يىگىرمە كوي، ئاز بولسىمۇ سېلىپ قويۇڭ. كەم نەرسىلەر بولسا ئېلىڭ.

— ياق، ياق، — دېدى قەيسەر ھەم ھودۇقۇپ، ھەم قىزنىڭ بۇ ئىشىدىن سۆيۈنۈپ، — مەندە يېتەرلىك بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدارىدىن بۈگۈن تۇرمۇش پۇلى تارقاتتى.

— كۆڭلۈمنى قايتۇرماڭ، — دېدى زۆھرە قەتئىي ھالدا، — مېنى يېقىن ئادىمىڭىز بىلسىڭىز، گېپىمنى ئاڭلاڭ.

قەيسەر بۇنداق سەمىمىي مېھىر - مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولمىغىلى قانچە ئۇزۇن يىللار بولغانىدى - ھە؟ گەرچە بۇ سۆيگۈ مېھرى بولسىمۇ، قەيسەر ئاتىسىنىڭ كۆيۈمچانلىقىنى، ئاپىسىنىڭ بۇرۇنقى مېھرىبانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئىنسانىي مېھرلەر، ساپ ئىنسانىي مېھرلەر ئادەم ئۈچۈن ئاجايىپ قۇدرەتكە

ئىگە مەنىۋى ئوزۇق بولىدۇ.
قەيسەر ئەتىسى ئۆزى ئۇچۇن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ ئىشنى ئۆيىدىكىلەرگە ئاشكارىلىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان داۋۇت چىرايىنى ھېچبىر ئۆزگەرتمەي، شىرە ئۈستىگە قويۇلغان قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى شىرەگە رىتىملىق ئۇرۇپ، بېشىنى شۇنىڭغا ماس لىڭشىتىپ ئولتۇرۇۋەردى. سارەم بولسا بۇ گەپ چىقىشى بىلەنلا قەيسەرگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، بېشىنى يەنە سېلىۋالدى. قەيسەر داۋۇتنىڭ باش ۋە بارماق ھەرىكىتىدىگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىشقا بېرىش ۋاقتى توشۇپ قالغاچقا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.
قەيسەر بۇ گەپنى دەۋالغىنى ئۈچۈن خېلى يېنىكلەپ قالدى. بىراق، داۋۇتنىڭ پوزىتسىيىسى... «ئۇ شۇنچىلىكلا ئىپادە بىلدۇرىدۇ ـ دە يا بولمىسا، ‹ۋاي ياخشى بوپتۇ› دەپ يۇگۈرۈپ كەتسە بولۇرمىدى... مەيلىلا نېمىلا بولسا بۇ ئىش تىنچ تۈگىسىلا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىدى قەيسەر ئۆيدىن چىقىۋېتىپ.
— قەيسەر! — قەيسەر كەينىگە بۇرۇلۇپ نېمىدىنىدۇر قىدىسلغاندەك پەشتامىسىنى مىجىقلىغىنىچە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاپىسىنى كۆردى.
— سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ. شۇنداق قىلىش يولۇڭ بار. قېرىشقاندەك ھالقىلىق ۋاقىتتا سېنى توقسۇنغا ئەۋەتىپ قالدى. سەن بۇ ئۆيلەرگە جىق كۈچ چىقاردىڭ، دوستلىرىڭغىمۇ رەھمەت ئېيتمىساڭ بولمايدۇ، بىراق، بالام، — دېدى سارەم تولىمۇ قىيىنىلىپ، — ساڭا بىر ئاز پۇلنىڭ يولىنى قىلىپ بەرگۈچە غەيرەت قىلىپ تۇرساڭ، ئاندىن بىر ئېپىنى تېپىپ...
— بولدى، غەم قىلما، ئاپا. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يىغىپ قويغان پۇلۇم بار ئىدى. مەنمۇ بىلىمەن، ئۆيگە ئېغىرچىلىقىمنى سالسام بولمايدۇ، — دېدى قەيسەر يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ، — بۇ جەھەتلەردىن ئەنسىرەپ كەتمىگىن، ئۆزۈمنى

جايلىغۇچىلىكىم بار. ماڭا شارائىت يارىتىپ بەرگىنىڭلارلا ماڭا يېتەرلىك بولدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، بالام، قىينالساڭ ماڭا دە.

— بولىدۇ، ئاپا، — قەيسەر مېڭىپ كەتتى.

«بالامنىڭ مۇشۇ خۇشاللىقى بولسىمۇ تىنچ ئۆتسىدى.» سارەم يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدىغاندەك يۈرىكىنى مەھكەم تۇتۇپ قايتا ـ قايتا تىلىدى. سارەم شۇ ھالدا ئۆيگە كىرىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن داۋۇتقا ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— بالىمۇ چوپچوڭلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ تەلىپىنى بولسىمۇ ئورۇنداپ كۆڭلىنى ئۆستۈرۈپ قويۇڭ. نەچچە ۋاقتتىن بەرگەن پۇللارنى يىغىپ قويۇپتىكەن، خەج ـ خىراجىتىمۇ تەييار ئىكەن... بىلىمەن، تەتقىقاتىڭىز سىزنى بەك چارچىتىۋەتتى. مانا ئەمدى ئەجرىڭىزگە تۇشلۇق نەتىجىگىمۇ ئېرىشتىڭىز. خۇشاللىق كۈنلەرنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن بولسىمۇ...

— ۋۇي، بۇنچىلىك دەپ كېتىدىغان ئىش ئەمەسقۇ بۇ. قېنى ۋاقتى كەلسۇن، ئۆزىڭىزلەرلا بىر تەرەپ قىلىسىڭىزلار بولىدىغان ئىشلارغۇ، — دېدى ـ دە، ئۆزىنى تەبىئىي تۇتۇپ سىرتقا ماڭدى. «ھەر نېمە بولسا ئىلمىي ئادەم، ئىشنىڭ يولىنى بىلگۈچىلىكى بار. ئۇھ...» داۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن يېنىك تىندى سارەم.

ھويلا ئىشىكىدىن چىقىپلا داۋۇتنىڭ جۇدۇنى تۇتتى: «قارا بۇنىڭ دەۋاتقىنىنى، بىز نېمىسى ئۇنىڭ؟ ئۆزىچە ۋاقىتلىرىنى بېكىتىپ، ئۇقتۇرۇپ كەتكىنىنى. مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ ئۇ؟ تاپقان تۆت ـ بەش تەڭگىسىگە شۇنداق چوڭلاپ كەتتىمۇ ئۇ؟ قېنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرسۇن...»

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن قەيسەر ئۆز كۆڭلىدىكى تەييار-

لىقلىرىنى قىلىپ بولدى: مىۋە - چېۋىلەرنى يېتەرلىك ئالدى، ئاشخانا ئۆيگە بەش كىلوگرام گۆش ۋە بىرنەچچە خىل كۆكتات ئەكىرىپ قويدى. شۇ ئــارىدا پــارچە هاراقتىن بىر يېرىم كى- لوگرامنى كارىۋاتنىــڭ ئــاستىغا يوشــۇرۇشقىمۇ ئــۈلگۈردى. قازان - قومۇچ تەييار. ئەمدى دوستلىرى كەلسىلا بولىدۇ. هەرقاچان زۆهرە خىجىل بولۇپ كېيىنرەك كېلەمدىكىن؟

قاراڭغۇ چۈشتى. قەيسەر ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ... شۇ چاغدا يېپىق تۇرغان ئىشىكنىڭ سىرتى شاراقشىپ قالدى. بۇ ئىش قەيسەرگە غەلىتە بىلىنىپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى، بېرىــپ ئىشىكنــى ئــاچماقچــى بــولدى. بىراق ئىشىك ئېچىلمىدى. «هــە! بۇ نېمە ئىش؟»

ئىشىك سىرتتىن قۇلۇپلانغانىدى. قەيسەر جىددىيلىشىپ قالدى. ئاندىن «بىرەر ئاغىنەم بالدۇر كېلىپ قېلىپ چاقچاق قىلىۋاتامدۇ - يە» دەپمۇ ئويلىدى.

— هوي، كىم ئۇ چاقچاق قىلغان؟ — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. هويلا جىم. قەيسەر رېشاتكىلانغان دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ هويلىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — هوي، ئىشىكنى ئېچىڭلار!

هويلىدا تۇرغان داۋۇت بۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندەك سىرتقا قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن قەيسەر يەنە ۋارقىرىدى:

— ئاتا، ئاتا! ئاپا!

هېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى.

بۇ چاغدا داۋۇت ئىشىك ئالدىدا موخوركىنىنى چېكىپ ئول- تۇراتتى. بىر ۋاقىتتا يىگىتلەر قىزلىرىنى باشلاپ شېرىن تاما- شىنىڭ هۇزۇرىنى خىياللىرىدىن دەممۇ دەم ئۆتكۈزۈشۈپ، بىر- بىرىگە كۆز قىسىشىپ، هەتتا بەزىلەر قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ قوللىرىنى چىمدىشىپ يېتىپ كېلىشتى. ئەمما، ئىشىك ئالدىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالغىنى قىزغىن ساهىبخانا ئەمەس، بەلكى، پەرۋا-

سىز ھالدا موخوركىسىنى چېكىپ، سوغۇق كۈلۈپ ئولتۇرغان داۋۇت بولدى.

— تىنچلىقمۇ، داۋۇتكا! — يىگىتلەر تۇشمۇ تۇشتىن ئەھۋال سوراشتى.

— ھە، يىگىتلەر، بۇياققا ئۆتۈپ قاپسىلەرغۇ؟ — سورىدى داۋۇت ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويماي.

— چاقچاق قىلماڭا، داۋۇتكا، — دېدى يىگىتلەردىن بىرى چاقچاق قىلىپ، — ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ قويۇپ، ئەمدى چىقىمىدىن قورقۇپ يېنىۋالدىڭىزمۇ نېمە؟

قىز - يىگىتلەر كۈلۈشتى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن يىگىتلەرگە چاقچاق قىلىشقا، سۆزلەشكە ئورۇن قالمىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا داۋۇتنىڭ قوشۇمىلىرى چىڭگىدە تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— قەيسەر مېھمان چاقىرغۇدەك بېيىپ كەتكىنى يوق. ئۇنىڭ بۇ ئۆز بېشىمچىلىقى ئۇچۇن ئۇنى ئەدەپلەي دېسەم، مېنىڭ «ئۆگەي ئاتا» دەيدىغان يامان نامىم بار. شۇڭا سىلەر قەيسەرنى ئايايمىز دېسەڭلار، چىرايلىقچە قايتىپ كېتىڭلار، — دېدى داۋۇت سوغۇق تەلەپپۇزدا. بۇ سۆزدىن قىز - يىگىتلەر چۆچۈپ كېتىشتى، ئەندىكىشىپ بىر - بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىشىپ قالدى.

— ھوي، داۋۇتكا، بۇ… بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ — دېدى بىر يىگىت قىزلار ئالدىدا ئوسال بولۇپ قالماسلىققا تىرىشىپ. ئەمما، داۋۇت ئۇ يىگىت ئۈمىد قىلغاندەك چىرايلىقچە گەپ قىلاي دېمىدى.

— مېنى ئارتۇقچە گەپ قىلدۇرماڭلار. شۇنداق بولسۇن…

قىز - يىگىتلەر داۋۇتنىڭ ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئامالسىز ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇشتى. چۈنكى، ئۇلار داۋۇتنىڭ قەيسەرگە قانچىلىك زۇلۇملارنى سالغانلىقىنى،

قانچىلىك كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى ئەكەلگەنلىكىنى، قانچىلىك پەس- كەشلىكلەرنى قىلغانلىقىنى ھەرھالدا چۈشىنىشەتتى. ئۇلار كەي- نىگە بۇرۇلۇپ ئەمدىلا بىر قەدەم ئېلىشىغا ئارىسىدىكى چىرايلىق- قىنە كىيىنگەن بىر قىز ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كې- تىپ قالدى.

ئۇ — زۆھرە ئىدى!

توي ئىستىكى يۈرىكىنى تاتلىق غىدىقلاپ تۇرغان مەزگىلدى- كى قىزلارغا ئوخشاش زۆھرەمۇ بۇ يەرگە كەلگۈچە كەلگۈسىدىكى ئۆيى ۋە بىللە ياشايدىغان ئادەملەرنى كۆرۈشكە بولغان خۇشاللىق ۋە ئۈيىلىشتەك مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە قالغانىدى. قەي- سەرنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا بولسا يۈرىكى ئالدىغا، پۇتى كەينىگە تارتىپ بولالماي قالدى. داۋۇتنى كۆرگەندە بولسا ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، داۋۇتقا چوڭقۇر مېھرى بىلەن سالام قىلماقچى بولدى. ھەييار، شوخ يىگىتلەر بۇنى بىلىۋالغاندەك ھە دېسە زۆھرەنى قىستاپ، يالغاندىن يۆتىلىپ ئۇنى خىجىل قىلىشقا تىرىشتى. زۆھرەمۇ خىجىل بولغاندەك قىلغان بىلەن يۈرىكى تاتلىق ھېسلار- غا چۆمۈلدى. ئۇ بۇگۈن ئاخشام مۇھەببەت خۇشلۇقىغا يەتكۈچە چۆمۈلۈشنى، ئائىلە لەززىتىنى ئۇنتۇمىغۇدەك سۈرۈشنى ئارزۇ قىلدى.

زۆھرە ئەنە شۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە مۇنداق زەربىگە ئۇچراشنى زىنھار ئويلىمىغانىدى. ئۇ دەسلەپتە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن گاڭگىرىدى. ئاخىرى گەپ ئوچۇق بولغاندا كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، پۇت - قولىدا جان قالمىدى. دوستلىرى كەينىگە بۇرۇلغاندا بولسا ئۆزىنى پە- قەت كونترول قىلالماي يىغلىغىنىچە كوچا بېشىغا قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە دوستلىرىنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىشىغى- مۇ پەرۋا قىلماي باغرىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ھارغىچە يۈگۈرۈپ

باغرى يولىغا چۈشكەندە توختىدى. بايىقى ئىشنى ئويلىسىلا ئۈنى تىترەك باساتتى، بىر قورقۇنچ يۈرىكىنى ئېزەتتى. «ياق، ياق، — دەپ نالە قىلدى ئۇ، — ئادەم مۇنداقمۇ بولامدۇ؟ شۇنداق ياخشى بىر ئادەم مۇشۇنداق بىر مۇئامىلە ئىچىدە ياشىسا... ھەرقانداق ئۆگەي بولسىمۇ بۇنچىلىك ئۆگەيلەمدۇ؟ قەيسەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەممۇ يا... ئاھ، خۇدا!» زۆھرە تېخىمۇ بەك يىغلاپ كەتتى. گەرچە ئۇ قەيسەرنىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇنچىلىك خورلۇق ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى...

زۆھرە ئەنە شۇنداق دىل ئازارلىقىدىن پەيدا بولغان غەزىپى تۈپەيلىدىن قەبرىستانلىقتىن قانداقلارچە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇ كوچىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالدى ۋە كۆز - ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيىگە كىرمەكچى بولدى. لېكىن، ئۆزىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن ئۆيىگە كىرگۈسى كەلمەي، شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. «بىچارە قەيسەر، — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — بىزنىڭ ئالدىمىزدا بۇنچىلىك بولغان يەردە، ئادەتتە قانداق كۈنلەرنى كۆرىدىغاندۇر؟ ئاشۇنداق قىلىقى پەس ئادەم بىلەن قانداقمۇ چىقىشىپ ئۆتىدىغاندۇر؟... ئاشۇنچىلىك خورلىنىشتىن زېدىلەنگەن يۈرىكىڭىزنى مەنمۇ بەزىدە رەنجىتىپ يۈرۈپتىمەن، ھەي ئىسىت، قەيسەر!... ئاھ، قەيسەر، سىز تولىمۇ جاپالىق ياشاۋېتىپسىز، قانداقمۇ چىداۋاتقانسىز؟... تۇۋا، داۋۇتتەك ئادەم بىلەن قانداقمۇ سۆزلەشكىلى، ھۇزۇرلىنىپ بىللە تاماق يېگىلى، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغىلى بولىدىغاندۇر؟» خىيالى شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە زۆھرە ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى. «مۇشۇنداق بىر قەدىرسىز ئادەم بىلەن... قەيسەر ئاشۇنچىلىك خورلىنىۋاتقان ئۆيدە...» زۆھرەنى يەنە سوغۇق تەر باستى.

قەيسەرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئىككى مۇشتى چىڭ تۈگۈلدى. ئۇ ئەسلىي ئىشىكنى مۇشتلاپ، تېپىپ، يېرىپ ئاچماقچىمۇ بولدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئورنىدىن تۇرۇشقا مادارى يەتمىدى.

يىغىدىن سارەمنىڭ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. خۇددى هويلىدىن بىرەر ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالسا يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئىككى قولى بىلەن قۇلىقىنى چىڭگىدە ئېتىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ قەيسەرنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى، داۋۇتنىڭ زەھەرخەندە سۆزىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، يۈرىكى سانجىپ ئاغرىدى. ئۇ بۇنچىلىك بولۇپ كېتەرىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى. شۇ دەقىقىدە سارەم داۋۇت بىلەن توي قىلغىنىغا تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلغاندەك ھېسسىياتقا كەلدى. راست، ئۇ زادى خاتا قىلدىمۇ؟ ئۆمرىدىكى مۇشۇ بىر قەدەمنى خاتا باستىمۇ؟ قەيسەرنى چوڭ بولسۇن دېدى، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتار دېدى، ئىشقا يارىغۇدەك بولار دېدى، مائاشلىق بولسۇن دېدى… شۇلارنىڭ ھەممىسى بولدى. لېكىن، قەيسەرنىڭ بۇ ئۆيدىكى تەقدىرىدە ئۆزگىرىش بولاي دېمىدى. داۋۇت يەنە بۇرۇنقىدەك ياكى داۋۇتنىڭ قەيسەردىن كۈتۈۋاتقىنى باشقا نەرسىمىكىن؟ ئۇنداقتا نېمە؟ قەيسەرچىلىك باللاردىن ئەمەلىيەتتە يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟ ھەي، بۇ كۈنلەر قاچانمۇ ئاخىرلىشاركىن؟ مانا بۈگۈنمۇ قەيسەرنىڭ دىلى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرىجىدە ئازار يېدى. بىچارە بالام، ئاپاڭنى كەچۈر، ئۆز تۇرمۇشىنى دەپ سېنى مۇشۇ كۈنگە قويدى…

ئىشىكنىڭ قوپال ئېچىلىشى بىلەن سارەمنىڭ ئازابلىق خىيالى بېلىدىن ئۈزۈلدى. داۋۇت قاپىقىنى تۈرگىنىچە تۇراتتى. سارەم ياشلىق كۆزلىرىنى داۋۇتقا سوغۇق تىكتى. داۋۇت بۇنى كۆرۈپ سەل ئەندىككەندەك بولدىيۇ، يەنە ئۈزەڭگىدىن چۈشكۈسى كەلمىدى.

— ھېلىتىنلا ئولتۇرۇشنىڭ جېدىلىنى قىلغىنىنى، — دېدى داۋۇت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئىش دېگەن چېغىدا بولغىنى ياخشى. شۇنچە ياشقا كىرىپ قالغاندىكىن چوڭلارنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتسە بولامدۇ؟ ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانىنى كۆرسەم جۇدۇنۇم ئۆرلەيدىغۇ مېنىڭ...

سارەم ئۆزىنى باسالماي ئەمدىلا ئېغىز ئۆمەللىشۈيدى، داۋۇت يەنە گەپ قوشتى:

— ئۆزۈمنىڭ باللىرى چېغىدا ئولتۇرۇشنىڭ جېدىلىنى قىلمىسا...

بۇ گەپ بىلەن سارەم بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى.

— سارەم، سىز بۇنچىلىك ئىشقا ئۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتمەڭ. نېمىلا بولسا مەن ئاتا - دە. قاتتىق تۇتۇپ تەربىيىلىگىنىم ياخشىدۇر؟

سارەم داۋۇتقا قاراپمۇ قويماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئادەم دېگەنده ئۆزىگە تۇشلۇق خۇي بولىدۇ. شۇ ئىشلارنى دەپ داۋۇت بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش كېرەكمۇ؟ مۇشۇ نۇقتا سارەمنىڭ كېلىنى سىقىپ تۇراتتى، لېۋىنى چىشلەشكە مەجبۇر قىلاتتى. «سېنىڭدىن ئۆتۈنەي، قەيسەر بالام، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك قىلىپ ھېلىتىنلا نەدىكى خىياللارنى قىلىپ يۈرمەي باشقا دوستلىرىڭغا بېقىپ ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟...»

## سەككىزىنچى باب

# نەپرەت ۋە مۇھەببەت

بىر چاغدا قەيسەر ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى. چىڭ تارتىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى بوشاشقاندەك بولدى. ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى: ئۇنىڭغا تۈگىمەس ئەلەملەرنى ئەكېلىشكە ۋاستە بولغان بۇ ئىشىك ئەمدى گويا «ئۇچۇپ كەتكۈڭ بولسا ئۇچۇپ كەت» دېگەندەك چوڭ ئوچۇق تۇراتتى. قەيسەر ئىشىك ئالدىغا ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن تىكىلدى. چۈنكى، بۇ ئىشىك ئالدىدا دەردۇ ھەسرىتى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان بىر يېگانە قەلب دەپسەندە قىلىنغانىدى.

قەيسەر ئۆزىنى كاڭغا تاشلىغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. ئۇ دەسلەپتە بۈگۈن ئاخشامقى ئىشقا پەقەت ئىشىنەلمىگەنىدى، داۋۇتنىڭ بۇ قەدەر پەسكەش ئادەملىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. قەيسەر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاپ، ئوتتۇرىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتنى ئىللىق بىر ھېسسىياتقا ئايلاندۇرۇش ئۈمىدىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقانلىقىغا تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدى. ھەي، بالىلىق ئەقىل. ئۇ نېمىشقا نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىشلاردىن داۋۇتنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلمىدى؟

ئۇ يىللار... شۇنداق، ئۇ يىللار قەيسەر نېمىلەرنى كۆرمىدى. بۇ ئائىلە ئۇنىڭغا جاھاننىڭ قايسى خورلۇقلىرىنى ھېس قىلدۇرمىدى؟ ئۇ دەردلىك تۇيغۇلار ھەرگىزمۇ يوقىغىنى يوق.

بەلكى، قەيسەرنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئىچكىرىسىدە تىرىك ھالەتتە تۇرۇپتۇ.

كۈزنىڭ سوغۇق كېچىلىرى ئۇ قارانچۇق كەبى ھويلىدا تۈگۈلۈپ ياتقىنىنى، ھەربىر ئادەتتىكى ئىش ئۈچۈنمۇ تىل- ھاقارەت ئاڭلىغىنىنى، ئىسسىق - سوغۇق، كېچە - كۈندۈز دېمەي ئۆيدىن ھەيدەلگەنلىرىنى، يېرىم كېچىلەردە يۇمران قوللىرى بىلەن ھويلا ئىشىكىنى چېكىپ ئاچتۇرالماي ئىشىك ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالغانلىرىنى، قورقۇنچ ئىچىدە كوچىدا يالغۇز يۈرگەنلىرىنى، تاماق بەرمەي جازالىغاندا قورسىقىنىڭ دەممۇ دەم ئاچچىق كۈرۈلدىغىنىنى، قاتتىق تاياق زەربىسىدىن نازۇك بەدىنىدە قالغان ئىزلارنى، سەبىيلەرگە خاس تۆكۈلگەن كۆز - ياشلىرىنىڭ ھېچقاچان نەزەرگە ئېلىنمىغىنىنى... قەيسەر قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟ ئۇ زۇلۇملار ئۇنىڭ ھاياتلىق ئەسلىمىسىدىن قانداقمۇ ئۆچسۇن! قەيسەر ئۇنتۇمايدۇ، ئەمدى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ؛ ئۇنتۇشقىمۇ تىرىشمايدۇ. ئۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايدۇ.

قەيسەر شۇ كۈنلەرنى كۆزىدىن ياش تۆككەن ھالدا ئەسلەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئىچىدە ئۇنى ھەم ئازابلىغۇچى، ھەم ھۇزۇرلاندۇرغۇچى بىر سوئال ئۇنى قاتتىق ئويغا سالاتتى. نېمىشقا ئۆز ئادەملىرى ئۇنى يەتكۈچە خورلايدۇيۇ، يات ئادەملەر شۇنچە مېھرىبان؟

قەيسەرنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى مەكتەپ بولۇپ، «يات ئادەملەر» دېگىنى ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. ئۇنىڭ بۇنى يادىغا ئېلىشىدىكى سەۋەب: ئۇ كىچىك چېغىدا پەقەت ئارزۇلا قىلغان، ئەمما ئېرىشەلمىگەن مېھرىبانلىقنى ئاشۇ مۇئەللىملەردىن ئېرىشتى، ۋۇجۇدى ئىللىق سېزىمگە تولدى. چىرايلىق مۇئامىلە، ئىللىق مېھىر، سىلىق سۆزنىڭ ئادەمنىڭ روھىنى ھۇزۇرلاندۇرغۇچى سېھرىي كۈچىنى ئەنە شۇلاردىن چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇ ئۇنىڭ

يېڭىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە چىققان ۋاقىتلىرى ئىدى.

بىر يىلى تازا قاتتىق سوغۇق بولغان كۈنلەرنىڭ بىر چۈشلۈكى، قەيسەر مۇزدا تېيىلىپ يىقىلىپ، ئىشتىنىنى لاي قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن داۋۇت ئۇنى ئاچچىقىدا ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغاندى. قەيسەر ھەم سوغۇق، ھەم ئاچلىق دەستىدىن مەكتەپ دەرۋازىسىدا يىغلىۋېتەي - يىغلىۋېتەي دەپ تەمتىرەپ تۇرغاندا، ئابدۇللا مۇئەللىم ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ئۇنىڭغا ئىسسىق تاماق يېگۈزگەن ۋە ئوقۇشى ئۈچۈن بىر چۆچەك كىتاب بەرگەنىدى. بۇ مۇئەللىم ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىللىق چىراي كۆرۈنەتتى. گەپ قىلىسىمۇ خۇددى قەيسەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياۋاتقاندەك تولىمۇ يۇمشاق ۋە سىپايە سۆزلەيتتى. سىنىپتىكى پائالىيەتلەردە قەيسەرنى ئۇ ئامراق ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا قەيسەر ئاجايىپ يايراپ كېتەتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى ۋە ئابدۇللا مۇئەللىمنى ھەرۋاقىت ئەسلەپ تۇراتتى. يەنە بىر قېتىم ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئۆيىدە ئىسسىق سۇ قىلىپ، ئۇنىڭ چىگىش بولۇپ كەتكەن چاچلىرىنى پۇراقلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى سۈرۈپ يۇيۇپ قويغاندا قەيسەر ھۇزۇرلىنىپ كەتكەن ۋە يېنىك بولۇپ قالغانىدى. يەنە ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئويناپ كەتسە... قەيسەر بۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالالمايتتى. مانا شۇ ئىشلار قەيسەردە چۈشىنىپ بولماس سوئال پەيدا قىلغانىدى. نېمە ئۈچۈن مەكتەپتە مېھىر-مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە ئەلۋەكيۇ، ئائىلىدە، ئۆزى بىللە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە تىل ۋە تاياق ئۇنىڭدىن قانائەت تاپمايدۇ؟ يىراق - يېقىنلىق مۇناسىۋىتى بويىچە بىر - بىرىگە مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەملەر ئىچىدە ياشاۋاتقان قەيسەر نېمە ئۈچۈن ئەكسىچە مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؟

قەيسەر شۇنچە ئىسسىقتا بەدىنىنىڭ مۇزلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئۆي، بۇ ئائىلە، بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن سوغۇق

ئىدى. قەيسەر ئىچ ـ ئىچىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان ئەلىمىنى بېسىش ئۈچۈن هاراقتىن بىر ئوتلىدى ۋە هاراقنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئازابىنىمۇ سەزمەستىن زۆھرەنى ئويلىدى. ئۇ بايا زۆھرەنىڭ قانداق هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، ئۇنى ئەسەبىي هالەتكە كەلتۈرگەن نەرسىمۇ شۇ ئىدى. زۆھرەنى يادىغا ئېلىشى بىلەن ئۇنىڭ خورلۇق تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتـ. تى: «زۆھرە ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلارمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزى قانچىلىك چۈشكەندۇر؟ قانچىلىك خورلۇق هېس قىلغاندۇر؟ ئەمدى ماڭا قارارمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇ مېھىرلىك كۆيۈنۈشلىرىدىن، ماڭا ئاراملىق بېغىشلايدىغان ئىللىق سۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالارمەنـ. مۇ؟ لېكىن... لېكىن... بىر قىز ئۈچۈن خەقنىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق هاقارەتلىنىش كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز، تۇگەتكۈسىز ئازاب ئەمەسـ. مۇ؟ زۆھرە، زۆھرە، بەرداشلىق بېرىڭ، مېنىڭ هالىمنى چۈشىنىڭ، مېنى تېخىمۇ چوڭ ئازاب قاينىمىغا تاشلاپ قويماڭ...»

قەيسەر يەنە هاراق ئىچتى. هاراق، هاراق، ئەي هاراق، سەن ئەسلىي مۇشۇنداق ۋاقىتتىكى سېھرىي كۈچۈڭ بىلەن ئىنـ. سانلارغا يېقىپ قاپتىكەنسەن ـ دە. نېمىشقا ئاشۇ جانسىز، ئاچـ. چىق سۇيۇقلۇق ئادەمنىڭ ئەڭ قەدىرلىك تۇيغۇلىرى بولغان خۇـ. شاللىقى بىلەن قايغۇلىرىغا ئەڭ يېقىن هەمراهتۇر؟

قەيسەر ئەمدى دوستلىرىنى ئويلىدى ۋە ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارىغۇچىلىكىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈچىلىـ. كىنىڭ قالمىغانلىقىنى، هەرقانچە چۈشەنچە بېرىشنىڭمۇ ئورنى قالمىغانلىقىنى هېس قىلدى. شۇنداققۇ، نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ هالقىلىق پەيتتە ئۆزىنىڭ ئۆيگە قامىلىپ قالغانلىقىنىمۇ؟ «هەي ئىسىت، — قەيسەر ئاچچىق تولغاندى، — ئۇ ئىتقا نېمىشقىمۇ ئېشىنىپ كەتكەندىمەن... ئۆزۈمنى بىلمەپتىمەن، ئۆزۈمنى بىلـ.

مەپتىمەن...» قەيسەر يەنە هاراق ئوتلىدى. بۇگۈنكى ۋە ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئويلىغىنىچە غەزىپى ئېشىپ تاشتى: «جاھاندا ئۆگەي باللار ئازمۇ؟ ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش خورلىنامدىغاندۇر؟ ئۇ نېمىشقا ماڭا شۇنچىۋالا ئۆچلۈك قىلىدۇ؟ مېنىڭ ئۆگەي بالا بولۇپ قالغانلىقىم كەچۈرگىلى بولمايدىغان، ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان ئېغىر گۇناھىممۇ؟ ئاپامچۇ؟ بولدى، ئەمدى ئاپامنى تىلغا ئالماي، چۈنكى، ئۇ نېمىلا بولسا بىر مېكىيانچىلىك قىلالمىدى. بىر مېكىيان چېغىدا چۈجىسىنىڭ يېنىغا بارغانلارغا قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ، تۇكلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ ھۇرپىيىدۇ. ئاپام بولسا... بوپتۇ، مەيلى ئۇمۇ ئۆگەيلىسۇن...»

قەيسەر ھاراقنى كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى. ئاچچىق سويۇقلۇق خۇددى ئۇنىڭ ئاچچىقى ئالدىدا تەسلىم بولغاندەك قەيسەرگە بارغانچە خۇشيېقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەردە لاپچىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان بولۇپ، تۇرقى ۋەيرانە، بىچارە ھالەتتە ئىدى. ئەمما، كۆزلىرىدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ۋەھشىي نۇرلار چاقناپ قالاتتى.

داۋۇت يەنە ئۇنىڭ نورماللىقىنى يوقىتىۋاتقان نېرۋىلىرىدا ياۋۇز سىياقتا نامايان بولدى. يەنە قەيسەرنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشتى، مۇشتى ئەسەبىي تىترىدى. ئەنە، داۋۇت ئىككى قولىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرغانچە قەيسەرنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ، قولىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە تۇرتۇپ تىللاۋاتىدۇ، يوغان، سېمىز ئالىقىنىنىڭ كەينى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە غالجىرلارچە ئۇرۇۋاتىدۇ، ئېغىر پۇتلىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۇنى جان ـ جەھلى بىلەن تېپىۋاتىدۇ. قەيسەر ھازىرمۇ ئاشۇ مۇشت ـ تېپىكلەرنىڭ ئازابىنى تېتىۋاتقاندەك ئازابلىق ئىڭراپ كەتتى ۋە بەدىنىدىكى تاياق ئىزلىرىنى ئاستا سىلاپ چىقتى: مانا بۇ ئاجىز پۇتلارغا تېپىك تەگكەن، يۇمران يۈزلەردىكى سۇزۇكلۇكتە تەتۈر شاپىلاقنىڭ ئىزى

قالغان، ئەمدىلا قېتىۋاتقان قوۋۇرغىلار قاتتىق مۇشت دەستىدىن غىرىسلاپ كەتكەن... ئۇنىڭ خورلانمىغان بىرمۇ كۈنى بولمىدى. قەيسەر ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئويلىغانسېرى داۋۇتقا بولغان ئۆچمەنلىكى، غەزەپ ۋە نەپرىتى تاشتى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قولىغا پىچاق ئالدى. «بۇ دۇنيادا يا مەن، ياكى ئاشۇ نىجىس ياشىسۇن.» قەيسەر پىچاقنىڭ دەستىسىنى چىڭ تۇتتى. مانا شۇ نەرسە ئۇنىڭ بارلىق ئەلەمىنى چىقىرىپ بېرىدىغاندەك، بارلىق ئەنتىنى ئېلىپ بېرىدىغاندەك پىچاقنىڭ بىسىغا تىكىلىپ قارىدى. پىچاق بىسى چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ تۇراتتى. پىچاق شۇنداق شىلتىلسە، مۇشۇ ئىتتىك بىسلار بىرلا ھەرىكەتلىنىپ قىزىلغا بويالسا... قەيسەر پۇخادىن چىقىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇ ئىلكىدە قالدى. بىر دەملىكلا ئىش، ئاددىي بىر ھەرىكەت بىلەن ئادەملەر ئاسانلا مۇرادىغا يەتسە... قىزىق ئىش، نېمىشقا پىچاقتىن ئىبارەت ئادەتتىكى جانسىز تۆمۈر پارچىسى جانلىق، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئادەمنىڭ مەقسىتىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغان ئۇلۇغ نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغاندۇر؟

قەيسەر ئاخىرقى قېتىم ئېغىر تىنىۋېتىپ تۈن قاراڭغۇسىغا پۈركەنگەن ھويلىغا چىقتى. ئەمدى ئۆيگە كىرسىلا... ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى: بۇ پىچاق ئالدى بىلەن ئۆگەي ئاتىسىنى، ئاندىن ئۆزىنى... قەيسەر ئۇدۇل يېڭى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئىچ - ئىچىدىن «ئىككىلەنمە، چاپ، چاپ، كۆچەپ چاپ!» دېگەن سادالار كېلىۋاتقاندەك، ئىسسىق قان يۈزىگە چاچراۋاتقاندەك... قەيسەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئەمما، قولىنى ئىشىككە ئۇزاتتى. قاتىللىق قىلىشنىڭ نۇرغۇن مەقسەتلىك، مەقسەتسىز سەۋەبلىرى بولغىنىدەك، قاتىللىقتىن يېنىشنىڭمۇ نۇرغۇن مەقسەتلىك، مەقسەتسىز سەۋەبلىرى بولىدۇ. شۇ دەقىقىدە ئۇ نېمىشقىدۇر، ئىختىيارسىزلا زۆھرەنى ئەسلەپ قالدى. قىزنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ئىللىق چىرايى، مېھرىبانلىقتا تولغان

كۆزلىرى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. قەيسەر بوشاشتى، پىچاق تۇتقان قولى ئاستا ساڭگىلاپ قالدى… ئۇ كەينىگە ياندى.

قەيسەر ئۆيگە كىرىپ يوتقان - كۆرپىلىرىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن هويلىغا چىقتى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا پاتقان هويلىغا نەپرەت بىلەن قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن هويلىدىن چىقتى: «بارلىق خورلۇقلىرىم، سىلەرمۇ قېلىڭلار…»

# توققۇزىنچى باب

## مۇھەببەت جاراھىتى

قەيسەر شۇ كېچىدە يۈرىكى ئەلەم ۋە غەزەپ - نەپرەتتىن پۇچىلانغان هالدا قۇرۇلۇش ئورنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ خۇددى شۇ ئۆيدىن قانچىكى يىراقلىسا ئۇ ئازابلاردىن شۇنچىكى خالاس بولىدىغاندەك تېز ماڭدى.

قۇرۇلۇشتا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئادەم قەيسەرنىڭ بۇنچە كەچتە يوتقان - كۆرپىلىرىنى كۆتۈرۈپ قۇرۇلۇش ئورنىغا كەلگەنلىكىدىن هەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، قەيسەر ئارتۇق سۆزلىمەي تاختايلارنى خىش ئۇستىگە تىزىپ «كارىۋات» ياسىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سەزگەن كۆزەتچى سوئال ئورنىغا قەيسەرگە بىر ئورام موخوركا تۇتتى. قەيسەر تا مۇشۇ كەمگىچە بىرەر قېتىممۇ تاماكا چېكىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا بەزى باللار دەپتەر ۋاراقلىرىنى يىرتىپ قۇرۇغان كاۋا يوپۇرماقلىرىنى ئوراپ پۇرۇلدىتىپ ئىس چىقىرىپ چېكىشنى چوڭ بىلىشەتتى. شۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇ ئىش قەيسەرگە تولىمۇ سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىز تۇيۇلغان. «ئادەملەر نېمە ئۈچۈن كۆيگەن نەرسىنىڭ ئىسىنى سۈمۈرىدىغاندۇر؟» دەپ ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگەنىدى. مانا بىلدىكى...

قەيسەر موخوركىنى ئالدى، تولىمۇ تەسلىكتە كانايچىلاپ ئوراپ ئوت تۇتاشتۇردى ۋە كۈچەپ شورىدى. شۇ هامان ئاچچىق ئىس ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە يوپۇرۇلۇپ بېرىپ قېقىلدۇرۇۋەتتى.

لېكىن ئۇ يەنە چەكتى، چېكىش ئۈچۈن تىرىشتى. خۇددى ناھايىتى ياخشى بىر ئەرمەكنى تېپىۋالغاندەك ئەستايىدىللىق بىلەن چەكتى... قەيسەر قىينىلىپ يۈرۈپ چېكىپ ئاخىرى ئۇ تاماكىنى تۈگەتتى. ئۇ كېيىن بىلدىكى، تاماكا زەھەرلىك تەسەللى ئىكەن.

— ئۇكام، — دېدى كۆزەتچى خېلىدىن كېيىن، — ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا كۈرمىڭلىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەر كېلىدىغان گەپكەن، ياشايمەن دېگەننىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ باقىمەن دېگەننىڭ. قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ پىششەن، تۇرمۇشنى چۈشىنىسەن. شۇندىلا «شۇ تارتقان جاپالىرىمنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالىسەن. شۇڭا، ھەرقانچە كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان بولساڭمۇ ئىچىڭگە ئېلىپ كەتمە، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، يامان خىياللارنى قىلما. جاھان ساڭا باقمىسا سەن جاھانغا باق.

قەيسەر جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. كۆزەتچى ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان ئىشنىڭ تازا بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكى ئۈستىدە كۆپ سۆزلىدى. ئەمما، قەيسەردىن گەپ كوچىلىمىدى. قەيسەر ئەمدىلىكتە خېلىلا يېنىك بولۇپ قالغانىدى. بايىدىن بېرى «قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟» دەپ ئەنسىرەپ تۇرغان ئىشىمۇ شۇ ئىدى. كۆزەتچى سۆزلەپ بولۇپ، قەيسەرنى ياخشىراق ئويلاپ باقسۇن، دېدىمۇ جىمىپ كەتتى. بىراق، قەيسەر ئۈنچىۋالا ئويلىغۇدەك نېمە ئىش بار: داۋۇت ئۇنى ئازراقمۇ كۆزگە ئىلمىدى، قەيسەر ئۆزىدە بالىلىق مېھرى ئويغىتالىغان ئۆيدىن يېنىپ چىقتى شۇ. شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە يەنە ئويلىغۇدەك نېمە ئىش بار؟ ھەممە نەرسە ئاشكارا بولدى، ئەل - ئاغىنىلىرى ئارىسىدا ئاران ساقلاپ تۇرغان نومۇس توسمىلىرىمۇ يار ئېلىپ كەتتى. ھەتتا، زۆھرە بىلەن ئارىسىدا گۈزەل قاشا بولۇپ تۇرغان گۈللۈك تامىمۇ خازان بولدى.

قەيسەر ئۇخلىيالمىدى، ئۇنى ئۇخلاتمايۋاتقىنى تۈگىمەس خىياللار ئەمەس، بەلكى ئېنىق بولمىغان، ئەمما يۈرىكىنى جىراپ تۇرغان ئازاب تۈپەيلى ئۇخلىيالمىدى. كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككەن پېتى يېتىۋەردى. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى.

ئەتىسى ئۇ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۆزىنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. قەيسەرنىڭ تۇرمۇشى توغرۇلۇق بۇرۇنلا ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىچىدە ھېسداشلىق قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان باشلىق قەيسەرنى ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈشتىن خالاس قىلىپ، ئىدارە قورۇسىدىكى بويتاقلار ياتىقىغا خەت قىلىپ بەردى.

چۈشلۈكى ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ياتاققا باردى. ياتاق ئىككى كارىۋات قويۇلغان چاققانغىنە ئۆي ئىدى.

— بەك ياخشى بولدى، — دېدى ياتاقنىڭ كونا «ئىگىسى»، — كۆندە يالغۇز يېتىپ ئىچىم پۇشۇپ كېتەتتى. يالغۇز ھاراق ئىچىشمۇ مەززىسىز ئىش ئىكەن دېگىنە.

قەيسەر ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن خۇش بولغان بولسىمۇ، بىراق سۆزلىرىدىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى.

بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئابدۇراھمان بولۇپ، ئۇ سالام خەتتىن تارتىپ ئاتكرىتكىغىچە «راخمان» دەپ يازسىمۇ، باشقىلار شۇنداق دەپ قويسا دەرھال نارازىلىق بىلدۈرۈپ «بىلىپ قوي، مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇراھمان» دەپ چالۋاقاپ كېتەتتى. گەرچە قەيسەر بۇنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ روھىي ھالىتى، بىسەرەمجانلىقى سەۋەبلىك ئۇ بۇلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. «ئورنۇمدا يېتىپ، ئەتىگەن تۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى بىلسەملا بولمىدىمۇ» دەپ ئويلىدى.

ھازىر ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ خىيال ۋە ئەندىشە قىلىۋاتقىنى زۆھرە ئىدى. قالغان ئىشلار ئۆز يولى بىلەن ھەل بولۇپ كېتەر،

ھەل بولمىسا ھەل بولمىغان پېتى كېتىۋېرەر. شۇنداق بولغاچقا قەيسەر پۈتۈن بىر كۈندۈز خامۇش ھالدا يۈردى. قولىمۇ تۈزۈك ئىشقا بارمىدى. ئۈستىسىمۇ ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇپ كەتمىدى. پەقەت «ھە، قەيسەر، كۆزۈڭنى ئاچ. تامدىن چۈشۈپ كەتمە يەنە» دەپ قويدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ قەلبى ئاللىقاچان تامدىن چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

قەيسەر كەچقۇرۇن «نېمىلا بولسا كۆز ئالدىمدا بولسۇن» دەپ باغرىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كۆڭلىدە بىر يامانلىقنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئەمما زۆھرەنىڭ قانداق ھالدا ئىكەنلىكىنى، ئاخشام قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمىگەچكە، نېمە دېيىش كېرەكلىكىنىمۇ ئويلىيالمىدى. دەممۇ دەم نەپىسى قىسىلىپ تىت - تىت بولاتتى.

ئۇ مەھەللىگە يېتىپ بېرىپ بىر بالىنى كىرگۈزۈشكە، زۆھرە تەييار بولۇپ تۇرغاندەك بالا بىلەن تەڭلا چىقتى. قەيسەر بىر ئاز تەمتىرىدى. ئۇ زۆھرەنىڭ چىرايىغا قارىدى. زۆھرە يەنە شۇ تەمكىنلىكى، تەبىئىيلىكى بىلەن تۇراتتى. بۇنىڭدىن قەيسەر-نىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك، سوقۇپ رىتىمى ئەسلىگە كەل-گەندەك بولدى.

— بۇگۈن ئىشلىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى زۆھرە ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ.

— ھەئە، — دېدى قەيسەر ئۆزىنى بېسىپ، — سىزچۇ؟

— كىتاب كۆردۈم، خەت يازدىم، — دېدى زۆھرە. بۇرۇنقى ۋاقىت بولغان بولسا، قەيسەر يېقىنچىلىق قىلىپ «ماڭىمۇ؟» دەپ سورىغان بولاتتى. بىراق، ھازىر شۇ گەپنى دېيىشكە شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، تىلى ھەرىكەتكە كەلمىدى. ئۆزىنى مەجبۇر-لىنىۋاتقاندەك، تۇرۇۋش ھالىتىمۇ سۇنئىيدەك بىلىندى. بۇنىڭ بىلەن قەيسەر قولىنى قانداق ھالەتتە سېلىپ تۇرسىمۇ ئەپلەشمەي-

ۋاقاندەك بىلىنىپ يەنە ھودۇقتى. نېمىدەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلمىدى. يەنە كېلىپ شۇ تاپتا ئېغىز ئېچىشقا تېگىشلىك ئىش ئاخشامقى ئىش. ئەڭ ياخشىسى بۇ ھەقتە زۆھرە ئېغىز ئاچسا ئوبدان بولاتتى. شۇنداق بولغاندا، قەيسەر بولغان ئىشنى چۈشەندۈرۈپ كېتەلمىسىمۇ، ئۇ ھەقتە كۆڭلىدىكىنى كەڭتاشا دەۋالغان بولاتتى. بىراق، ھازىر زۆھرە ئېغىز ئاچىدىغاندەك ئەمەس، پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇرغىنىنى ئولتۇرغان. ئارىنى تولىمۇ ئېغىر سۈكۈت قاپلىغانىدى.

ئارىدىكى بۇ خىل جىمجىتلىققا قەيسەر چىدىيالمىدى. كېچىدىن بۇيانقى ئازاب، خورلۇق دەستىدىن چارچىغان نېرۋىلىرى زىڭىلداپ كەتتى، قۇرۇقدىلىپ كېتىۋاتقان روھىي دۇنياسى ئەزەلدىن بىر نەرسىنى ئويلاپ باقمىغاندەك ھالەتكە كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكە تاقەتسىزلىنىپ كەتتى.

— زۆھرە، ئىچىمدىكىنى دېمىسەم چىدىيالمىغۇدەكمەن...

— توختاڭ، — زۆھرە ئورنىدىن تۇردى، — سىزگە بېرىدىغان بىر نەرسە بار. شۇنى ئالغاندىن كېيىن سۆزلەڭ.

زۆھرە شۇنداق دەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. قەيسەر چۈشىنىكسىز ھېسسىيات ئىلكىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن غۇۋا ئاي يورۇقىدا بىر گەۋدە قەيسەر تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئەمما، ئۇ زۆھرە ئەمەس ئىدى.

— سىز قەيسەر ئاكاممۇ؟ — سورىدى قىز.

— ھەئە، — دېدى قەيسەر ھەيران بولۇپ.

— زۆھرە ئاچام بۇ خەتنى بېرىپ قوي دېگەن.

— زۆھرە، زۆھرە ئۆزى قېنى؟ — قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىراق، قىز جاۋاب بەرمەستىن كېتىپ قالدى. قەيسەر خەتنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ قورقۇپ كېلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىك يېتىپ كەلدىمۇ نېمە؟ قەيسەر خەتنى چىڭ سىقىمىدىغىنىچە دوقمۇشتىكى دۇكانغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە دېرىزىدىكى يورۇقلۇققا خەتنى تۇتتى.

«قەيسەر: بۈگۈن بىر كۈن قاتتىق ئويلىنىپ بۇ خەتنى يېزىش قارارىغا كەلدىم. ئاخشامقى ئىشنى دېمىسەممۇ بىلىپ يەتكەنسىز. قىسقىسى، مەن دوستلار ئالدىدا شەرمەندە بولدۇم (گەرچە دوستلىرىم ئۇنداق ئىپادىدە بولمىغان بولسىمۇ، مەن ھازىرغىچە شۇنداق ئويلاۋاتىمەن). كېچىچە يىغلاپ چىقتىم… ئەمما بولىدىغان ئىش بولدى.

سىزگە ئايان، مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەن. بىراق، ھازىر مەن كەسكىن قارارغا كېلىپ بولدۇم: بىز ئايرىلىپ كېتەيلى. بۇ قارارىم ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئۆگەي بالا بولغىنىڭىزدىن، پۇلىڭىزنىڭ يوقلۇقىدىن، دوستلىرىمىز بىلەن تەڭ ماڭالمايدىغانلىقىڭىزدىن، قورۇلۇش ئىشچىسى بولغانلىقىڭىزدىن ئەمەس. بەلكى، سىزنىڭ ئۇ ئائىلىدە ھېچبىر ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىزنىڭ يوقلۇقىدىن. مەن يا ئاتىغا، يا ئاپىغا ئۆگەي تۇرغۇنلىغان بالىلارنى كۆرگەن. ئەمما، ئۇلار ھەرقانچە ئۆگەيلەنسىمۇ، ئۆزلىرىگە تۇشلۇق ئەركىنلىكى، ئىززىتى، ھۆرمىتى بار ئىدى. بىراق…، مەن قورقتۇم، قەيسەر، كېيىنكى تۇرمۇشىمىزدىن بەك قورقتۇم. ئۇلار ھېچقانچە ئىززىتىنى قىلمايدىغان بالىسىنىڭ ئايالىنى قانچىلىك ھۆرمەت قىلار؟ قانچىلىك كۆڭلىنى ئىزدەر؟ كېلىن قاتارىدا كۆرەرمۇ؟… قەيسەر، مەن شۇلارنى ئويلاپ قورقتۇم. ياخشى كۆرۈش بەدىلىگە، ئادەمگە خاس مۇئامىلىدىن مەھرۇم قېلىشنى خالىمىدىم. توغرا، مەن شۇ تاپتا مۇھەببەت ئەھلىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ۋىجدانسىزلىق قىلىۋاتقاندىمەن. ھالبۇكى، مېنىڭ قارىشىمچە، ئادەم دېگەن ھەم مۇھەببەتكە ئېرىشىشى، ھەم كىشىلىك تۇرمۇشتا بىر كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتكە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك. ئاتا ـ ئانا بولسا بۇ نۇقتىدا ھەممىنىڭ كۆزىدە تۇرىدۇ.

خەير، قەيسەر، سالامەت بولساق، ئاللا پاناھىدا ساقلىسا يەنە ئاتمىش - يەتمىش يىل ياشارمىز. بۇ ئۇزۇن داۋانلاردىن مەغرۇرانە ئۆتىشىڭىزنى تىلەيمەن.

مۇشۇ قۇرلار بىلەن خەتنى ئاخىرلاشتۇرماقچىدىم. لېكىن، راستىنى ئېيتسام، سىزگە پەقەت چىدىمايۋاتىمەن. شۇڭا، شۇڭا... ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈم: ئالدى بىلەن مۇستەقىل ھايات كەچۈرەلىگۈدەك ھالەتكە كەلگۈچە پىشىپ باقايلى. يەنىلا سىزنى سېغىنىپ: زۆھرە.»

قەيسەر خەتنى ئاستا پۈكلىدى، كەينىگە بۇرۇلدى. قاراڭغۇلۇق قويىنىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان مەھەللىگە تىكىلدى. يات يول، يات مەھەللە، يات قاراڭغۇلۇق. سوغۇق يول، سوغۇق مەھەللە، سوغۇق قاراڭغۇلۇق.

كىشىلەر تۇرمۇشقا ئەقىل بىلەن مۇئامىلە قىلىپ مۇرەككەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشقا - شەيئىلەرگە ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىنغاچقا تۇرمۇش قىزىق ۋە مۇرەككەپ: قاراڭغۇلۇق ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ گۈزەل ئارزۇسى ۋە ۋىسالى. ھالبۇكى، قاراڭغۇلۇق ئادەتتە، كىشىلەرگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلارنى ئەكېلىدۇ. ۋىسال تاپقان چاغدا، كىشىلەر ئايرىم - ئايرىم ياشىسىمۇ، گويا بىر - بىرىنىڭ باغرىدا تۇرغاندەك سېزىشىدۇ. «ئايرىلدۇق» دېگەن بىر گەپ بىلەن، ئوخشاشلا ئايرىم - ئايرىم تۇرغان بولسىمۇ مەھرۇملۇق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ، راستتىنلا ئايرىم ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئوخشاشلا ئادەم، ئوخشاشلا ئايرىم تۇرمۇش... ۋەھالەنكى، ھېسسىيات بولسا ئوخشاشمايدۇ.

قەيسەرمۇ تۈنجى قېتىم قاراڭغۇلۇقتىن (ياشلىقتا قەدەم قويغاندىن بۇيان) بىزار بولدى. ئۇ يولدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايىنى كۆرۈشنى، ھەممىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ بولۇشقا ۋار-

قىراشنى ئۈيلاپ قالدى. ئەمما، بۇ قاراڭغۇلۇق بايا زۆھرە چىراي ئىپادىسىنى يوشۇرۇپ قالغاندەك، قەيسەر بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قالدى. ئەكسىچە، بولسا قەيسەر باشقىلارغا بىلدۈرمەكچى بولغان نەرسىنىمۇ يوشۇرۇپ قالدى. بۇ قاراڭغۇلۇق ھەقىقەتەن قەيسەرنىڭ دېمىنى سىقتى، ئىچىنى بەك پۇشۇرۇۋەتتى.

قەيسەر قەبرىستانلىق ئالدىغا كېلىپ تۇردى. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىچىگە تۇرغۇنلىغان جەسەتلەر كۆمۈلگەن، ئۇلار ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ھەرخىل رەۋىشتە ياشايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چىرىپ پۈتۈنلەي توپىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھامان مەلۇم قەلبلەردە بېجىرىم ھالدا ياشاپ قالىدۇ. مۇھەببەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشمۇ؟ مۇھەببەت — بىر ئادەمنى نىشان قىلغان مۇھەببەت بىر قەلبتە گۇمران بولغان بىلەن، ئۇ مۇھەببەت يەنە بىر قەلبتە سەلتەنەت سۈرىدۇ. ئۇنداقتا، ئاشۇ مۇھەببەتنى قەلبىدە ساقلاپ يۈرگۈچى زادى قانچىلىك ئىمتىياز پەيدا قىلالايدۇ؟ چۈنكى، قارشى تەرەپكە نىسبەتەن ئۇنداق مۇھەببەت كېرەك بولمىغاندا، ھەتتا ئۇ ئادەم ئۇنداق مۇھەببەتنىڭ ھېلىھەم يەنە بىر قەلبتە مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھالدا بۇ مۇھەببەتنى قەلبتە ساقلاپ يۈرۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ چۈنكى، راستىنى ئېيتقاندا بۇ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ۋە گوللاشلىغۇ، خالاس. قەيسەر ئەندىكىپ كەتتى. بۇ ساپ مۇھەببەت كېيىنچە مۇشۇنداق تەقدىرگە دۇچار بولارمۇ؟ مەرھۇملىرىنىغۇ كىشىلەر ئەسلەيدىكەن. ئەمما، نېمىشقا كىشىلەر ئۆزلىرى «مەرھۇم» قىلغان مۇھەببەتنى ئەسلىمەيدىغاندۇر؟

قەيسەر قەبرىستانلىقتا قاراپ چىداپ تۇرالمىدى. بۇ قەبرىستانلىق بەئەينى ئۆزىنىڭ سۆيگۈ قەبرىستانلىقى بولۇپ قالىدىغاندەك يۈرىكى تارتىشىپ بۇ يەردىن تېزلا كېتىپ قالدى.

قەيسەرنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن زۆھرە كەينىگە بۇرۇلدى، لېكىن قەدىمى ئېغىر ئىدى. قەدىمىلا ئەمەس يۈرىكىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەندەك بولدى. «خاتا قىلدىممۇ - يە؟» ئۇ ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى، كۆزى نەملەندى، قەدىمى قەيسەر كەتكەن تەرەپكە ئەگىدىيۇ، زۆھرە يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى: «ياق، ياق. مەن يىراقنى ئويلاي، ئۆيدىكىلەرنى ئويلاي. قەيسەرنىڭ قانداق ئادەملىكى ھامىنى بىلىنمەي قالمايدۇ. ئاتا - ئانام مەھەللىدە يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ مەن ئۇ ئائىلىدە قانداق ھالدا ياشايمەن؟ ئۇ ئائىلىدىكىلەر مېنى قانداق ئادەم قاتارىدا كۆرىدۇ؟ ناۋادا قەيسەرگە ئوخشاش مۇئامىلىگە دۇچ كەلسەم قانداق ھالغا چۈشۈپ قالارمەن؟... ياق...» زۆھرە جايىدا تۇرۇپ قالدى، ئىككىلەندى. «ياق، ياق. مېنىڭ ئۇنداق ياشىغۇم يوق.» زۆھرە لېۋىنى چىڭ چىشلىگىنىچە قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ياتاقتا راھمان مەست بولۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. قەيسەر يۈرۈن ئۇنىڭ ھاراقتىن باشقىغا قىزىقمايدىغانلىقىنى قاراپ ئىچىدە مەسخىرە قىلغانىدى. ئەجەبا، راھمان مۇھەببەتنىڭ مۇشۇنداق ئازابىنى ئالدىنئالا بىلىپ قالغانمىدۇر؟ قەيسەر ئازاب ئىچىدە تولغاندى. ئاخىرى ئۆزىنى تولىمۇ تۆۋەن چاغلىدى: «توغرا، مەن دېگەن ئاشۇنداق ئۆگەي بالا تۇرسام، تۈزۈك خىزمىتىممۇ يوق...»

شۇنىڭدىن كېيىن قەيسەر تولىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى. كۆڭ بويى پەرىشان يۈرىدىغان بولدى. گەرچە مائاشى قولىغا تولۇق قالغان بولسىمۇ لېكىن كۆڭلى ئارامسىز ئىدى.

# ئونىنچى باب

# كۆلپەت ئۈستىگە كۆلپەت

پاك مۇھەببەت ۋىسالىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. ئەمما، نېمىشقا ئايرىلىشنىڭ شۇنچە كۆپ سەۋەبلىرى بولىدىغاندۇر؟ يەنە كېلىپ بەزى سەۋەبلەر مۇھەببەتنىڭ مۇقەددەسلىكىنىڭ ئەكسىچە، شۇنچە رەزىل ۋە رەھىمسىزلەرچە. ئەي، ئىنسانلار، سىلەر ئالدى ـ كەينىڭلەرگە ئەمەس، ئىككى يېنىڭلارغىمۇ قاراپ قويۇڭلار.

قەيسەر بۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، زۆھرەنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئاخىرى تاقەت قىلالمىدى. ئۆزىنى ئالداپ ئۆتۈۋېرىشنىڭ ئازابىغا چىدىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتكەن نەرسىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ — زۆھرەنىڭ بەش سۇڭلۇق رەڭلىك رەسىمى ئىدى. قەيسەر رەسىمگە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قارىدى. رەسىمدىكى كۆزلەر ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك تىكىلىپ تۇراتتى، قۇندۇز چاچلىرى، ئالۇچىدەك لەۋلىرى تەشنالىقتىن ئۇيالغاندەك يىمىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، ھازىرقى رېئاللىقتىكى نەرسىلەرچۇ؟ ھەتتا، قەيسەرنىڭ ئۇ چاچلارنىڭ ئۇزۇلگەن قىسمىنىمۇ بارمىقىغا ھاياجان بىلەن يۆگىگۈدەك سالاھىيىتى يوق.

قەيسەر بۇنىڭدىن ئاچچىق تولغىنىپ كەتتى. بەزىدە گۈزەل ئەسلىمىلەرگە چۆمۈلۈشمۇ مۇشۇنداق ئازاب ئىكەن. قەيسەر

رەسىمگە سىنچىلاپ تىكىلگىنىچە، رەسىمنى ئىختىيارسىز لەۋلە-
رىگە ئەكەلدى. خۇددى··· خۇددى زۆھرەنىڭ تونۇش شېرىن
ھىدلىرى كەلگەندەك بولۇپ··· قەيسەرنىڭ لەۋلىرى تىترىدى.
ئەمما، رەسىم بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە مۇز
ئۇيۇپ قالغاندەك ئەندىكىپ توختاپ قالدى. ۋۇجۇدى مۇزلىغاند-
ەك بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە سوغۇق ھاۋا ھۇۋلاپ
تۇراتتى. ئاھ، مۇھەببەتنىڭ كۆلپىتى نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟
ئىشكىنىڭ ئېچىلىشى قەيسەرنى ئازابلىق خىياللار قوينىدىن
تارتىپ چىقاردى.

راھمان قولىدا بىر بوتۇلكا ھاراق ۋە بىر كىلوگرامدەك
زاسوي كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ قەيسەرگە قاراپ: «ھەي، دەردى
بار بالا» دەپ قويۇپ شىرە يېنىغا باردى. ئۇ قولىدىكى نەرسىلەر-
نى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، كۆرۈشكىنلارغا قايناق سۇ قۇيدى.
ئاندىن كارىۋىتىنىڭ بېشىدىكى تومپۇچكىغا دۈم كۆمتۈرۈپ قوي-
غان كىچىك ئىستاكاننى ئېلىپ يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن شىرە يېنى-
غا كېلىپ مەھكەم جايلاشتى. قەيسەر ئۇنىڭ كۆندە ھاراق ئىچى-
دىغان ئادىتىگە كۆنۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئولتۇر-
دى. راھمان ئىستاكانغا ھاراق قۇيۇپ ئاغزىغا ئېلىپ بارديۇ،
توختاپ قالدى.

— ئۇلپەت بولمامسەن؟ — دېدى ئۇ قەيسەرگە، — كەل،
سىردىشالمىساقمۇ، گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر ئولتۇرىمىز.

قەيسەر پەرىشان ھالدا بېشىنى چايقاپ قويدى. راھمان قول-
دىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى. قەيسەرمۇ ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرۇ-
ۋەردى. راھمان بىرنەچچە رومكا ئىچكەندىن كېيىن يەنە قەيسەرنى
دوست تارتتى.

— قەيسەر، ئۇنداق ئاھ چېكىپ ئولتۇرغاننىڭ پايدىسى
يوق، — دېدى راھمان، — سېنىڭ «ئاھ»لىرىڭنى بەرىبىر ئۇ
ئاڭلىمايدۇ، كېلىپ بۇ بىچارە ھالىڭنىمۇ كۆرمەيدۇ. «ئازابىم

غايىبتىن يۇرىكىگە تەسىر قىلىدۇ» دەپمۇ ئويلىما. بۇنداق قىلى-
ساڭ، ئۆزۈڭنى قىيناشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ. ماڭا باشقىچە
قارىما، مەن سېنىڭ دەردىڭنى بىلىمەن. بەزى كېچىلىرى «زۆھ-
رە» دەپ جۆيلۈيسەن. شۇنداق جاھان بۇ. قىزلاردىن ئاسانلىقچە
ۋاپا كەلمەيدۇ. «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دېگەننى ئاڭلىمىغانمى-
دىڭ. مانا قارا، قىزدىن هاراق ياخشى. ساڭا ھەرگىز يۈزسىز-
لىك قىلمايدۇ. قاچانلا ئىچسەڭ سېنى ئوخشاشلا خۇش كەيپ
قىلىدۇ، كېلە... دەردنى باسىدۇ.

قەيسەر راھمانغا ھەقىقەتەن ھەيران قالدى. ئەتىدىن كەچكى-
چە هاراق پۇراپ تۇرىدىغان بۇ ئېغىزدىن ئۇنداق گەپلەرنىڭ
چىقىشىنى ھەرگىز كۇتمىگەنىدى. قەيسەر «بۇگۈن راھمانغا نېمە
بولغاندۇر!» دېگەندەك قىلىپ راھمانغا ھەيرانلىق بىلەن بىر هازا
قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزلار ھەققىدىكى گېپىگە رەددىيە
بەرمەكچى بولدىيۇ، يەنە يالتىيىپ شىرە تۆۋىگە كەلدى. راھمان
دېمىسىمۇ، قەيسەر نەچچە قېتىم هاراقنىڭ «تەسەللى» سىگە
ئېرىشكەن. پەقەت ئۇنىڭ هاراق ئىچىپلا ۋاقىت ئۆتكۈزگۈسى
يوق.

— بەللى، قەيسەر، — دېدى راھمان بىر رومكا هاراق
قۇيۇپ، — بىر ياتاقتا — بىر ئۆيدە تۇرىمىزيۇ، بۇنچىلىك
ئۇلپەتچىلىك قىلىشالمىساق قانداق بولىدۇ. خوشە...

قەيسەر ئىچىۋەتتى. ئۇلار «ياتاقداشلىق مېھرى» ئۇستىدە
سۆزلەشكەچ بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىشتى.

— راھمان، — دېدى قەيسەر ئىچىدىكىنى يوشۇرالماي.

— ئابدۇراھمان دە...

— ئابدۇراھمان، سەنمۇ مۇھەببەتلەشكەنمۇ؟

— قويە مۇھەببەتلىشىش دېگەننى. قىز - يىگىت بىللە
يۈرۈپ، ئۆي تۇتالايدىغان - تۇتالمايدىغاننى كېلىشىدىغان ئىش
ئىكەنغۇ شۇ. بىر مەسلىھەت دېسەڭمۇ بولىدۇ.

«تازا غەلىتە ئاداش ئىكەنغۇ، بۇنداق ئادەملەردە مۇھەببەت-لىك ھېسسىيات نېمە ئىش قىلسۇن، — دەپ ئويلىدى قەي-سەر، — شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكەنىنىڭ نېمە پايدىسى...»

— ھەي، — دېدى راھمان ئېغىر خورسىنىپ، — تاھىر-زۆھرە قاتارلىق مۇھەببەت پىرلىرى ۋىسالىغا يېتەلمىگەچكە، بىزمۇ مۇشۇنداق ھاراق ئىچىپ دەردىمىزنى يالغان ئۇنتۇپ يۈرۈ-دىغاندىمىز؟

بۇ گەپ قەيسەرنىڭ يۈرىكىگە ۋاشىشىدە تەگدى. ھەي، مۇھەببەت، ھەي، مۇھەببەت، ھەر يۈرەكتە بايرىقىڭ ئۆزگىچە لەپىلدەر...

— بولدى، بۇ گەپلەر قالسۇن، — دېدى راھمان، — كېلە، بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتىپ، ناخشا ئېيتىمىز.

«ناخشا؟ — قەيسەر ئەجەبلەندى، — مەنغۇ ناخشا ئېيتالماي-مەن. بۇ راھمان نەدىمۇ...»

— ھە، باشلايلى، — دېدى راھمان، — ناخشا دېگەننى كىملا ئېيتسا بولۇۋېرىدۇ. بىز سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتماي-مىز. ئۆز-ئۆزىمىزگە ئېيتىپ بېرىمىز. ئۆز-ئۆزىمىزگە... ھە:

*ئالما ئاتسام دەرياغا شېرىن جان، جانىما،*
*لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ شېرىن جان، جانىما.*
*سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى شېرىن جان، جانىما،*
*بۇ يۈرەكتىن ئۆچمەيدۇ شېرىن جان، جانىما.*

قەيسەر ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. راھماننىڭ ئۆزىنى بۇ قەدەر ئەركىن قويۇۋېتىپ، ئۆزىنى خوشال قىلىشى قەيسەرگە كۆچلۈك تەسىر قىلدى. ئادەملەرنى چۈشەنمەك ھەقىقەتەن تەس. خىيالىلا تەڭشىلىپ قالغان قەيسەر بۇنىڭدىن ھاياجانلىنىپ ئورنى-دىن تۇردى.

— نه... نه‌گه؟

— يه‌نه بىر... يه‌نه بىر بوتۇلكا...

— هاراقكه‌شمۇ... بىز؟ ئه‌مدى مۇشۇ هاراقنىڭ پەيزى ... پەيزى بىلەن خىيالنىڭ هۇزۇرىنى سۇ... سۇرىمىز.

قەيسەر تېخىمۇ هەيران قالدى. بۇ راهماننىڭ مۇنداق يەرلىرىمۇ بار ئىكەن - هە!

راهمان بىر تال موخوركا ئورىۋالغاندىن كېيىن كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى. قەيسەرمۇ ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلىدى. زۆھرە يادىغا كېلىۋىدى، يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدىيۇ، «بولدى، ئەمدى كۆڭلۈم خالىغاننى قىلىپ ئۆزۈمنى خۇشال تۇتىمەن» دەپ ئويلاپ باشقا نەرسىلەرنى خىيال قىلىشقا تىرىشتى. بىراق، خىيالىغا ئائىلىسى كېلىۋالدى. ئۇلارمۇ قەيسەردىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغاندەك، بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلىپ قويمىدى. بۇنىڭدىن قەيسەرنىڭ يىغلىغۇسى كەلدى. زۆھرەدىن ئايرىلغاندىمۇ نەملەشمىگەن بۇ كۆزلەرگە لۆمىدە ياش كەلدى. گەرچە بۇ غەزەپ يېشى بولمىسىمۇ... شۇ تاپتا قەيسەر ئائىلىسىنى سېغىنىۋاتقانلىقىنى ياكى ئۇلارنى نەپرەت بىلەن ئەسلەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. «بوپتۇلا، ئۇلار قاچان مېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرگۈچە مۇشۇنداق ياشاپ باقاي.» قەيسەرنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش غايىب بولدى.

شۇ ئىش بولۇپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ياتاقتا موخوركا چېكىپ ئولتۇرغان راهماننى ئىشىكنىڭ جالاقلاپ ئېچىلىشى چۆچۈتۈۋەتتى. راهمان قەيسەرنىڭ قولىدىكى بىر بوتۇلكا هاراق ۋە پىششىق گۆشنى كۆرۈپ هەيران قالدى.

— كېلە، راهمان...

— قەيسەر، ئابدۇراهمان دە.

— كېلە، ئابدۇراهمان، دەردنى باسىمىز.

— ياخشى! دەردى بارلار ئىچسە خۇشاللىق تاپىدۇ، دەردى
يوقلار ئىچسە خاپىلىق تاپىدۇ.

ئۇلار سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىۋې-
تىشتى. ئاخىرىدا قەيسەرنىڭ «يەنە ئىچىشىمىز» دەپ تۇرۇۋېلى-
شى بىلەن يەنە بىر يۈز ئەللىك گرامدىن پارچە هاراق ئىچىشتى.
هەتتا قەيسەر راهمانغا قوشۇلۇپ ناخشىمۇ ئېيتتى.

بۈگۈن قەيسەر ئىشتىن چۈشۈپ شەهەر مەركىزىدىكى چوڭ
ماگىزىن ئالدىدا زۆهرەنى كۆرۈپ قالدى. ئەمما، زۆهرە يالغۇز
ئەمەس ئىدى. ئۇ يېنىدىكى يىگىت بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە
ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى بىئارام بولۇپ
كەتكەن قەيسەر ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ماراپ باقتى. زۆهرە تاللاپ
يۈرۈپ بىر قولياغلىق سېتىۋالدى. هېلىقى يىگىت زۆهرەنىڭ
ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي پۇلىنى تۆلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن قەيسەر
لاسىدە بوشىشىپ كەتتى. خۇددى بىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى
بىر پارچە ئىللىقلىقنىمۇ تارتىپ چىقىرىۋالغاندەك ۋۇجۇدى
مۇزلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن قەيسەر ئۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە
چىداشلىق بېرەلمىدى. ئەمەلىيەتتە، زۆهرەمۇ ئۇنى كۆرگەنىدى.
زۆهرەنىڭ بېرىپ گەپ قىلغۇسى، ئەهۋالىنى سورىغۇسى،
يۈرىكىنىڭ تېگىدىكى سىرلىرىنى، تەلپۈنۈشىنى ئېيتقۇسى
كەلدى. بىراق··· زۆهرە ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشتى. بۇ خىيالى
بىلەن يېنىدىكى يىگىتكە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىۋاتقاندەك
هېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قانداق رەڭدىكىسىنى ئېلىشنىمۇ
كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن زۆهرەنىڭ بىر تال ياغلىقنى تاللىمىقىمۇ
تەسكە چۈشتى. ياغلىقنى ئېلىپ بولغان زۆهرە قەيسەرنىڭ كەت-
كەنلىكىنى كۆرۈپ يېنىك تىنىدىيۇ، ئىچىنى مەهرۇملۇق تۇيغۇ-
سى ئىگىلىۋالدى. ماگىزىنغا كىرگەندىكى خۇشاللىقلىرىمۇ تو-
زۇپ كەتتى. «مېنى كەچۈرۈڭ، قەيسەر. مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم

يوق ئىدى» بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆزىگە پىچىرلىدى زۆھرە.

قەيسەر تولىمۇ سولغۇن ھالدا ياتاققا قايتتى. بايىقى كۆرۈ-نۈشنى قانداقمۇ ئۇنتۇغىلى بولسۇن؟ ھاراق، توغرا، ھاراق! راھمان، بارمۇ سەن؟ ئېيت ناخشاڭنى!

*ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،*
*ئەقىدەمگە يىغلايمەن.*

قەيسەر يۈزىنى ياستۇققا چىڭ بېسىپ ۋۇجۇدىدا دەۋرەپ تۇرغان ئەلەمنى بېسىشقا تىرىشتى. ئاندىن قولىنى ئېھتىيات بىلەن ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ زۆھرەنىڭ رەسىمىنى سىلىدى، ئەمما چىقىرىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنتۇماق نېمىدې-گەن قىيىن – ھە! كۆڭۈلمۇ يانچۇققا ئوخشاشلا بولسا، بىر نەرسىنى سالغىمىز كەلگەندە سېلىپ، ئېلىۋەتكىمىز كەلگەندە ئېلىۋەتسەك. ياق، ياق، ئۇنداق بولۇپ قالسا... ئۇنداق بولسا ھېسسىياتنىڭ نېمە مەنىسى؟ خۇش پۇراق گۈپۈلدەپ تۇرغان گۈللەر بىلەن بىللە قۇرۇغان گۈللەرنىڭ پەرقى نەدە؟ نېرىقى كارىۋاتتا ئوتى كۆيۈپ تۇرغان موخوركىسىنى چەكمەي قولىنى ساڭگىلىتىپ يېتىپ جىمىپ كەتكەن راھمان تۇيۇقسىز ناخشا باشلاپ قالدى:

*نى بالالار كېلىدۇ،*
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.*
*سايدا تۈگمەن چۆرگىلەر،*
*كۆزدىن ئاققان يېشىغا.*

مەزمۇنى نېمىدېگەن چوڭقۇر، مۇڭى نېمىدېگەن ئېغىر ناخشا

بۇ؟ بۇ ناخشا قەيسەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. قەيسەر «سايدا تۇگمەن چۆرگىلەر، كۆزدىن ئاققان ياشىغا» دېگەن مىسرالارنى پىچىرلاپ باغرى ئېزىلىپ كەتتى. ھاياتنىڭ دەردۇ بالالىرى، ئەلەم ـ ھەسرەتلىرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن. قەيسەر يەنە ئىختىيارسىزلا ئۆزىنىڭ خورلانغان كۈنلىرىنى، كۆڭلى يىمىرىلگەن، قەلبى ئۆرتەنگەن ۋاقىتلارنى، بالىلىق روھىي دۇنياسىغا دەھشەتلىك زەربە بولغان ھاقارەتلەرنى، مۇھەببەت تەربىيىسىنىمۇ ئۆگەيلەنگەن ھېلىقى كېچىنى ئەسلىدى. بۇ ناخشا نېمىدېگەن چىن ۋە رېئال ـ ھە. «ھەي، راھمان، ھەي راھمان، سەندىكى قانداق كۆڭۈل ـ ھە؟ بىر قارىسا شىۋىنداق سۆزۈك، بىر قارىسا ئۆزۈك ـ ئۆزۈك. بىردە چۈشىنىمەن، بىردە چۈشەنمەيمەن. ئەمما، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇدۇل كۆڭۈلدىكىنى تاپىسەن...».

شۇنىڭدىن كېيىن قەيسەر هاراققا بېرىلىپ قالدى. ئىچىدىغان كۈنىمۇ، ئىچىدىغان مىقدارىمۇ كۆپەيدى. ئېچىنىشلىقى ھاراق بېشىغا چىقتى. قەيسەر ئىسپىرت پۇراقلىرىنىڭ مەستخۇشلۇقىدىن بېشىنى سىلكىگەندە ئاللىقاچان كېچىككەنىدى.

شۇ كۈنى قەيسەر كىنوغا كەتكەن بولسىمىغۇ بۇ پاجىئە بولماس ئىدى. قەيسەر كەچلىكى «پۇل دېگەن نەرسە» دېگەن كىنونى كۆرۈشكە تەييارلاندى. راھمان كەچقۇرۇنغا يېقىنلا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قاچان كېلىدىغىنى ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا قەيسەر مەشكە كۆمۈر كېسىكىنى جىقراق سېلىپ قويماقچى بولدى. بولمىسا ئۇلار كەلگۈچە ئوت ئۆچۈپ قالىدىغان بولسا، 11 ـ ئاينىڭ سوغۇقىدا ياتاقنىڭ ئىچى سىرتتىن پەرقسىز بولۇپ كېتىدۇ. سېلىنغان كۆمۈر چاراسلاپ كۆيۈۋىدى، ياتاقنىڭ ئىچى ۋىللىدە ئىسسىپ قالدى. بۇ ئىسسىق قەيسەرگە قەۋەتلا خۇشياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «مۇشۇنداق سوغۇقتا ئىسسىق ياتاقتا ئولتۇرماي، كىنو كۆرىمەن دەپ سىرتتا يۈرگەندىن بولدىلا»

دەپ ئويلاپ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى. ئۇ قولىغا نەچچە كۈندىن بۇيان ئوقۇۋاتقان «ئويغانغان زېمىن» دېگەن رومانىنى ئېلىپ ئەمەدىلا بىرنەچچە قۇر ئوقۇشىغا، ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ياتاقدا راھمان بىلەن بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. قەيسەر راھمان بىلەن بىرگە كەلگەن يىگىتنى تونۇمايتتى. ئەمما، گەۋدىلىك كەلگەن بۇ يىگىت قەيسەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئالدى بىلەن قەيسەردىن قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق ئەھۋال سورىدى.

— مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم كېرەم، — دېدى راھمان تونۇشتۇرۇپ، — باققال. ئۇنداق دېسەم كۆزگە ئىلماي تۇرما. پۇلى كۆپ باققال.

قەيسەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ شىرە قېشىغا كەلدى. راھمان تونۇشتۇرۇشنى داۋام قىلدى:

— ھە، بۇ ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن قەيسەر شۇ.

ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلەرنى — ئۈچ بوتۇلكا هاراق، پىشىشىق گۆش، قوي بېشى، ئونچە پىششىق تۇخۇمنى شىرەگە تىزدى.

— بۈگۈن دەرد چىقىرىمىز، قەيسەر. كىشى بېشىغا بىردىن. لېكىن، زورلاش يوق.

ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى قەيسەرنى ئىككىلىنىشسىزلا بويسۇندۇردى.

— ئابدۇراھمان گېپىڭىزنى كۆپ قىلىپ بەرگەن. بۈگۈن مۇڭدىشىش نېسىپ بوپتۇ، — دېدى كېرەم يېقىنچىلىق بىلدۈرۈپ. بۇ مۇئامىلىلەردىن قەيسەرنىڭ كۆڭلى ئىسسىقلا بولۇپ قالدى. قەيسەر كىچىكىدىن تارتىپلا سوغۇق مۇئامىلىلەر ئىچىدە چوڭ بولغاچقىمىكىن، ئۇ ئىللىق مۇئامىلىگە ھېلىمۇ موھتاج ئىدى. شۇڭا، يېقىنچىلىق بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەر قەيسەرگە ئاسانلا تەسىر قىلاتتى.

ئۇلار بىرى - بىرى پاراڭلار بىلەن ئىچىشنى باشلاپ، ئىك-

كى بوتۇلكا هاراقنى بىر دەمدىلا ئىچىپ قويۇشتى. ھېچقايسىسى «بولدى» دەيدىغاندەك ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى بوتۇلكىنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلدى. ئۇلار يەنە بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەندىن كېيىن كېرەم ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ئاڭلىسام سىزمۇ دەردمەن ئىكەنسىز. لېكىن ئاغىنە بولغاچقا سىزگە گەپنى ئوچۇقلا قىلاي، ئۇ قىز مۇنچىلىك قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئايرىلىپ كېتىپ ياخشى قىپسىز.

قەيسەر كەيپىلىكتىن خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزىنى ھەيرانلىق بىلەن كېرەمگە تىكتى. راھمان بولسا «ئەدەپ» دەپ سىرتقا ماڭدى.

— ئۇ سىزنى ئالداپ كېتىپتۇ. ئالداپ!

قەيسەرنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشتى.

— ئۇنداق دېمەڭ، كېرەم. ئۇ مېنى قانداق ئالدايدۇ؟

— مەن سىزگە راست گەپنى دەۋاتىمەن. ئۇ دېگەن… شاپاقچى…

— سىز… سىز…، — قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ.

— راست… ئەستا… مانا ئۆزۈممۇ بىلىمەن.

— نېمە؟ پوق يۇز ئادەم ئىكەنسىز. سىز… سىز…

— ئىشەنمىگىنىنى. بىر جالاپ ئۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم. بۇنداق ھاقارەتىڭنى خوتۇنۇڭغا قىل.

بۇ چاغدا سىرتتىن كىرگەن راھمان ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئۇلارنى باسماقچى بولدى.

— بولدى قىلىڭلار، بولدى قىلىڭلار. ئۇقۇشماسلىق…

ئەمما، كېرەم بوي بەرمىدى:

— شۇ جالاپ ئۈچۈن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان سەندەك لاتىغا گەپ قىلغان ئاغزىمغا ئىسست.

بۇ گەپكە تاقەت قىلالمىغان قەيسەر شىرەدىكى تۇخۇمنى ئېلىپ كېرەمنىڭ يۈزىگە ئاتتى:

— زۆھرەگە ھاقارەت قىلما!

— بىلىپ قوي، ئۇ بىر جالاپ! مېنىڭمۇ ئاستىمدا ياتقان جالاپ! — كېرەم شۇنداق دەپ تۇرۇپ قەيسەرنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت ئاتتى. قەيسەر بۇ ئېغىر مۇشتتىن كەينىدىكى كارىۋاتقا يىقىلىپ چۈشتى ۋە بۇرنىدىن قان كەتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كېرەمگە تاشلاندى. شىرە ئۆرۈلدى. ئىككىسى پوملاقلىشىپ كەتتى. راھمان بولسا ئۇلارنى ئايرىيالماي ۋە چۈشەندۈرەلمەي پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

كېرەم بەستلىك بولغاچقا، قەيسەرنى ئاستىغا پۈرلەپ بېسىۋالدى ۋە يۈزىگە نەچچە مۇشت سېلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن قەيسەر بەك ھالسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاجىز قوللىرى بىلەن سىلاشتۇرۇۋىدى، قولىغا بىرنەرسە ئۇرۇندى. بۇ — مەشنىڭ كۆلىنى ئالىدىغان كىچىك گۈرجەك ئىدى. قەيسەر گۈرجەكنى ئېلىپ كېرەمنىڭ بېشىغا قارىتىپ كۈچەپ ئۇردى. بۇ چاغدا كېرەم قەيسەرنى بېسىۋالغانىدى. ئۇ راھماننىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ راھمانغا قارىدى. دەل شۇ پەيتتە كېرەمنىڭ بېشىغا توغرىلانغان گۈرجەك ئۇنىڭ يۈزىگە كېلىپ تەگدى. كېرەم ۋايجان دەپ ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن قەيسەر ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. راھمانمۇ جىددىيلىشىپ كېرەمنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. كېرەمنىڭ بارماقلىرىدىن قان سىرغىپ چىقىۋاتاتتى…

ئۇلار كېرەمنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغاندا، شۇ مەلۇم بولدىكى، كېرەمنىڭ ئوڭ كۆزى ئېقىپ كېتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەر كارىدوردىلا لاسسىدە بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. راھماننىڭ مەستلىكى يېشىلىپ كەتكەندەك بولدى… ئۇلار دوختۇرخانا ئالدىغا چىقىپ يول بويىدىكى يالىڭاچ تېرەكلەرگە يۆلە-

ىنىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا دوختۇرخانىنىڭ قوغداش خادىمى چىقىپ ئۇلارنى چاقىردى.

— بىز يارىلانغۇچىنىڭ تەلىپى بىلەن ھازىر ساقچىخانىغا خەۋەر قىلىپ قويدۇق. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن قايتىڭلار.

— ھەي، — دېدى راھمان ئاۋازى تىترەپ، — شۇنچە ۋارقىرىسام گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭلار. كېرەمنىڭ دېگىنى، باغرىدا ئولتۇرغان بىلەن بۇرۇن مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەپ ھەيدىلىپ كەتكەن زۆھرە ئىدى.

— ھە!

ھەيرانلىق ۋە پۇشايماندىن باغرى ئۆرتىلىپ ئەسلىگە كېلىپ بولغۇچە ساقچىلار قەيسەرنى ئەكېتىشتى. قەيسەر ئەمدى ئۆزىنى پۈتۈنلەي تۈگەشكەندەك ھېس قىلدى: ئائىلىسى تاشلىۋەتتى، دوستلىرى تاشلىۋەتتى، سۆيگىنى تاشلىۋەتتى، ئەمدى كېلىپ ئەركىن ھاياتمۇ ئۇنى تاشلىۋەتسە... ئۇنىڭ ھاياتىدىكى قارا داغلار ئەمدى قاچانمۇ ئۆچەر؟ قەيسەر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا تۇرغان ئون نەچچە كۈندە ئەتىدىن كەچكىچە يىغلاپلا چىقتى. قەيسەردەك ئاق كۆڭۈل بىر ئادەمنىڭ بېشىغا مۇنداق كۆپ كۈلپەتلەرنىڭ كېلىشى ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن تۈگەشتۈرۈۋەتتى.

قەيسەرنىڭ ساقچىخانىغا كىرىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ سارەم ئالاقزادە بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى، قىلمىغان پۇشايمىنى قالمىدى. داۋۇتنىڭ بولسا تېخىمۇ قاپىقى سېلىنىپ كەتتى.

— ئاتا - ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ئۆز بېشىمچى بالىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولماقچىدى؟ مەن مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقمىسۇن دەپ شۇنچە چىڭ تۇتقان. لېكىن، يامان ئاتلىق بولۇپ قالدىم. ھەرقانچە ئۆگەي ئاتا بولساممۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىشى كېرەك ئىدى. مەنمۇ ھەرگىز يامان بولسۇن

دېمىگەن، — داۋۇت تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى.
— بولدى قىلىڭ، داۋۇت. قەيسەر ئۇنداق بالا ئەمەس. تاسادىپىي بولۇپ قاپتۇ...
— تاسادىپىي؟ مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇ بەربىر جىنايەت ئۆتكۈزدى. بۇ كىمگە ياخشى؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بۇ ئىشتا بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز يوقمۇ؟ قەيسەرنى تاشلىۋەتمىسەك بۇ ئىشمۇ يوق ئىدى.
داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:
— سارەم، بۇنداق يامان گەپ قىلماڭ. مەن بىلىمەن، قەيسەرنىڭ جىنايىتىدە سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز بولغان بىلەن مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم يوق، يا ئۇنى مەن ئۆيدىن قوغلاپ چىقارمىدىم، ئۆزى يامانلاپ چىقىپ كەتتى. تېخى مېنى بىرمۇنچە يامان ئاتلىق قىلدى.
— سىز ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلمىغان بولسىڭىز...، — سارەم بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى.
— مەن قانداق مۇئامىلە قىلىپتىمەن؟ بىلىپ قېلىڭ، مەنمۇ ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان ئىشنى قىلدىم. قەيسەرچۇ؟ ئۇمۇ شۇنداق قىلدى. ئەمدىچۇ؟ مېنىڭ قىلغىنىم توغرا بولۇپ چىقتى مانا. نېمە كۈن بۇ بىزگە ئەمدى. ئادەم دېگەن ئۆزىنى بىلىپ يۈرگۈلۈك.
— ئۇنداق بولسا، بولدى، سىز بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭ. مېنىڭ بالام بولغاندىكىن، دەردىنى مەنلا تارتاي...، — سارەم ئۆكسۈپ يىغلىدى.
— مانا يەنە يامان گەپ قىلىۋاتىسىز. مېنىڭ ھازىرقى گېپىمنىڭ نەرى خاتا. ئۇنداق قورساق كۆپۈكى قىلماڭ. دەردنى سىزلا تارتمايسىز، بىزمۇ تارتماي نېمە ئامال؟ بەربىر خەق ئۇنىڭ مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى - ئائىلىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈپ بولدى. دوست - دۈشمەنلەرگە

بولۇپ بېرىدىغان بولدى ئەمدى.

يىگىنە ئىشى قىلىۋاتقان سەلىمە دىمىغىنى قاقتى:

— شۇ ئەمەسمۇ؟ خەققە قانداق قارايمىز كىنتاڭ؟ ھېچنېمە قىلماي توقۇناق بالاغا قالدۇققۇ ئەمدى.

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، سەلىمە؟! ھەرگىز قەيسەر ئۆزى شۇنداق بولۇۋالمىغانغۇ؟

— راست، — دېدى سەلىمە مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ھېچكىم ئۆزى ئۇنداق بولۇۋالمايدۇ.

— بولدى، بولدى، — دېدى داۋۇت، — بولار ئىش بولدى. باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق. ئۇنىڭغا چېتىلىپ قالغىنىدىمىز يامان بولدى - دە.

— ئۇنداق دېگۈچە بىرەر ئامال قىلىپ باقسىڭىز بولمامدۇ، داۋۇت؟

— ئامال؟ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. ئۇتنى كىم تۇتسا قولى كۆيمەي قالمايدۇ. قانۇن ئادىل بىر تەرەپ قىلىدۇ، — داۋۇت شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى. سارەم ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ھەممە ئىش ئېنىق تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىمۇ ئىقرار… ئاخىرى كېلىپ سارەم قەيسەردىن رەنجىپمۇ قالدى: «باش ئاغرىقىم ئازدەك بۇ ئىشنى تاپقىنىڭنى، قەيسەر. ماڭا ئارامچىلىك بەرمىدىڭغۇ زادى. سەن ئۇچۇن شۇنچە سەدىپارە بولۇۋاتسام مېنى ئاياي دېمىدىڭ، تىنچ ياشىغىلى قويمىدىڭ. ھەي، قەيسەر، ھەي، قەيسەر … ئەمدى قانداق قىلسام بولىدىكىنتاڭ؟»

دوستىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان زۆھرە قولىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭمۇ گۇناھى باردەك ھېس قىلدى. ئۆزىنى ھەرقانچە ئاقلاپ باقاي دېسىمۇ، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلى-

غىلى، ئازابلىغىلى تۇردى. «ئەگەر مەن ئاشۇنداق خەت يېزىپ ئارىنى ئوچۇق قىلمىغان بولسام قەيسەر ئۇنچىلىك يامان يولغا ماڭماستى، هاراققا بېرىلىپ كەتمەستى. مەن بەك رەھىمسىزلىك قىلغان ئوخشايمەن، ئاستا ـ ئاستا بىر گەپ بولسىمۇ بوپتىكەن. نېمىشقىمۇ ئالدىراپ...» مۇشۇ ئويدىن قۇتۇلالمىغان زۆھرە ئازاب-لىنغۇچى ئويلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆيدىن چىقـ-تى. ئۇ ئىچىنى بوشىتىش ئۈچۈن ئۇدۇل يېقىن دوستىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. زۆھرەنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغان دوستى ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— ئۆزۈڭنى بۇنچىلىك قىينىما، ساڭىمۇ نېمە ئامال. قەي-سەرنىڭ تەلەيسىزلىكىگە كەلسەك ئۆزىدىن كېتىپ قاپتۇ. كىشى-لەرنىڭ خاتا ئىشلىرىغا قانداقمۇ مەسئۇل بولۇپ بولغىلى بول-سۇن؟ «هەركىم قىلسا ئۆزىگە» دېگەن گەپ بار، ئاداش.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ. ئۇ مېنى دەپ مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالدى. يەنە كېلىپ ئۇ ئىش قەيسەرنىڭ مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەنلىكىدىن چىقىپتۇ. شۇنداق تۇرسا «ئۇنىڭ تەلەيسىزلى-كى» دەپ قاراپ تۇرالايمەنمۇ؟ هەي، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ خاتا قىلىپتىمەنمۇ قانداق؟

— ئۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ. «مۇھەببەت» دەپلا ھەممە نەرسىنى تېگىشىۋەتكىلى بولامدۇ؟ شۇنچىلىك ئىشلارغا پۇشايمان قىلغىلى تۇرساق بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزد-مىز. جاھان دېگەن شۇ. بىر ئىشتا مۇنداق بولساڭ، يەنە بىر ئىشتا ئۇنداق بولىسەن. مانا، هازىر يۇرۇۋاتقان يىگىتىڭنى ھەر-هالدا ياخشى كۆرمىسەڭمۇ، ئەمما تۇرمۇشۇڭدىن خاتىرجەم، ئاتا-ئاناڭمۇ رازى، دوست بۇرادەرلەر ئارىسىدىمۇ يۈزۈڭ يورۇق. بىر قىز ئۈچۈن مۇھەببەتتە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يەنە نېمە بار؟ ئەترا-پىڭغا قاراپ باقە، يىگىتىڭگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلاردىن قانچىسى باركىن؟

— كۆڭـۈل بـۇنداق پـاراكەندە ۋاقىتـتا مـۇنداق چاقچاق قىلمىغىنە!

— مەن راست دەۋاتىمەن. بۇ ئىشتا سېنىڭدە مەسئۇلىيەت يوق. سەن توغرا قىلدىڭ. ناۋادا سەن بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلـمىغان بـولساڭ، ئىكـكىڭلار ئارتـۇقچە ئـازابقا قالاتتىڭلار.

— بۇ گېپىڭغۇ توغرا. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم بەك پاراكەندە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى ياخشى كۆرگەنىدىڭ - دە. شۇڭا شۇنچە دېگىنىڭمۇ يېتەرلىك.

— ئۇنى يوقلاپ كېلەيمىكىن؟

— مېنىڭچە، بۇنداق قىلمىغىنىڭ تۈزۈك. ئۇ سېنى كۆرسە تېخىمۇ ئازابلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنى ئايىمەن دېسەڭ ئۇ-نىڭ يېنىغا بارما.

بۇ سۆھبەتتىن زۆھرە كۆڭلىگە خېلى تەسەللى تاپقان بولسى-مۇ، لېكىن نەچچە كۈنگىچە پەرىشانلىقتىن قۇتۇلالمىدى...

ئاخىرى سوتمۇ ئېچىلدى. قەيسەر ھېچكىمدىن شەپقەتمۇ كۈتۈپ كەتمىدى. پەقەت سوت مەيدانىدىكى ئىككىلا ئىش ئۇنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ قالدى. بىرى، راھمان سوتتا قاراپ تۇرۇپلا: «ئەسلى ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان تەگىشىش ئىدى. بى-راق، قەيسەر ئىشنى بەك چوڭايتىۋەتتى» دەپ گۇۋاھلىق بەردى. يەنە بىرى، قەيسەر ئۆز-ۆزىدىن بۇيان كۆرمىگەن ئاپىسى سارەمنىڭ سوت جەريانىدا تولا يىغلاپ ھوشىدىن كېتىشى ئىدى. بۇ ئىش قەيسەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئاپا دېگەن يەنىلا ئاپا - دە، ھەرقانداق تاش يۈرەك ئاپىنىڭ مېھرى ھامان ئاشكارىلىنىدۇ، ھامان پارلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ يەنە بەزىلەرنىڭ «قەيسەر جىمىغۇر بولغان

بىلەن ئەسەبىي مىجەزى بار» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن سوت مەھكىمىسى قەيسەرگە بىر يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

قەيسەر ماشىنىدا كېتىۋېتىپ شەھەر كوچىسىغا سوغۇق نەزەر بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قولىدىكى كويزىدەكلا سوغۇق ئىدى. ئۇ بىردىنلا راھماننىڭ ناخشىسىنى ئەسلەپ قالدى:

*«نى بالالار كېلىدۇ،*
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا!»*

## ئون بىرىنچى باب

# ئۆنتۈلگان ئادەم

ئادەتتە بىر يىل تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلغان بىلەن كۆڭ-
لەرنى تۇرمىدە — تەقىبتە ئۆتكۈزمەك بەسى مۈشكۈل. قەيسەر
ئازابلىق كۆنلەردە چىداپ تۇرغۇسىز بۇرۇقتۇرما بولۇپ، تۇگى-
مەس خىياللارغا پېتىپ، ئۆزىنىڭ چەكسىز نەپرىتىنىڭ مەركى-
زىدە تۇرغان ئائىلىسى، بولۇپمۇ ئايىسىغا بولغان قورساق كۆپۈ-
كى سۇسلاپ قالدى. ھەتتا سېغىنىشقىمۇ ئۆزگەردى. تولىمۇ
ئۇزۇن بىلىنىدىغان شۇ كۆنلەرنىڭ جىمجىتلىقىدا قەيسەر ئۆز
ھاياتى ئۈستىدە تەپسىلىي، قايتا - قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر
بولدى. تەقىب ئاستىدا تۇرغان جىسمى ۋە روھى ئۆنىڭغا ھاياتتا
ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇردى. توغرى-
سى، ھېس قىلدى. ئۇ تەقىبلىك كۆنلەرنىڭ روھنى چىرىتكۈچى
بۇرۇقتۇرمىلىقى قەيسەرنى باشقىچىلا خىياللارغا سېلىپ قويدى.

قەيسەر قامالغان بۇ كامېردا يەنە ئىككى ئادەم بار ئىدى.
ساقچىلار قەيسەرنى كامېرغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشىگى-
لا، ئوتتۇز ياشلاردىكى مەھبۇس «پۇشايمان قىلىمەن، پۇشايمان
قىلىمەن» دەپ زارلاشقا باشلىدى. قەيسەر ئۇنى بىنورمال ھېس
قىلىپ بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇردى. قەيسەر بۇلۇڭدا خىيالغا
چۆكۈپ ئولتۇرغان بوۋايغا قارىدى.

— بۇياققا كەل، بالا! — دېدى ھېلىقى مەھبۇس زەئىپ
ئاۋازدا، — بۇ ياققا كەل، گېپىمگە كىرسەڭ مەن قالغان پۇشاي-

ماڭغا قالمايسەن، — ئۇ ھەدەپ تامنى كۆرسەتتى. قەيسەر ھەيران بولۇپ، ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

— قارا، قارا، — دېدى ئۇ قولى بىلەن تامنى ئۇرۇپ، — ئوبدان ئوقۇ، ئوبدان ئېسىڭدە تۇت.

قەيسەر تامغا سىنچىلاپ قاراپ، تامغا سۈس جىجىپ يېزىلغان بىر قۇر خەتنى كۆردى: «ئىقرار قىلساڭ دوزاخقا كىرىسەن، تېنىۋالساڭ جەننەتتە ياشايسەن.»

— ئۇقتۇڭمۇ؟ بىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ھۆركىرەپ. قەيسەر ئامالسىز بېشىنى لىڭشىتتى.

— قىلغان ئىشىڭنى ئىقرار قىلماي گۇناھىڭدىن قېچىپ يۈرمەكچىمۇ؟ — دېدى بوۋاي قەھرى بىلەن. زارلانغۇچى جىم بولدى. قەيسەر جايىغا قايتتى. زارلانغۇچى «ئاھ - ئۇھ» قىلىپ زارلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

— بىز قىلىپ قويغان گۇناھىمىز ئۈچۈن تەڭرىنىڭ جازاسىنى تارتمىساق بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي، — ئۇ باسقۇنچىلىق قىلىپ قويۇپ ئىككى يىللىق كېسىلگەن. مانا بىر يىل بولا - بولمايلا ئۇ ئىشنى تولا ئويلاۋېرىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرەن قىلىپ كەتمە. ئۇكام، ئېسىڭدە بولسۇن، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغىنىمىز بىلەن ياشايدىغان كۈنىمىز ئۇزاق. شۇڭا ئۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما. بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىڭنى ئويلا.

قەيسەر بېشىنى لىڭشىتىپ كۆزىگە لىممىدە ياش ئالدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەمنىڭ ئىچىنى چىدىغۇسىز سىقىدىغان، قۇلاقنى ۋىڭىلدىتىۋېتىدىغان جىمجىت كۈنلەر باشلاندى… بوۋاينىڭ بىر بۇلۇڭدا خىيال سۈرۈپ ياتقىنى ياتقان، ھېلىقى ئادەم بولسا يادىغا كېلىپ قالغانلىرىدا «پۇشايمان قىلىمەن، پۇشايمان قىلىمەن» دەپ ۋارقىراپ قويغاندىن باشقا ئەتىدىن كەچكىچە ئۇخلايتتى. شۇنىڭ بىلەن قەيسەر خىيال سۈرۈشكە مەجبۇر

بولاتتى. چۈنكى، زارلانغۇچى ئۈنىڭغا ئىبرەت بولسا، بوۋاي ئۈنىڭغا ساۋاق بولاتتى. ئۇ گەرچە راھمانغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كامىرغا قامىلىپ تۈنجى كۈنىلا ھېلىقى ناخشىنى ئەسلەپ قالدى:

*نى بالالار كېلىدۇ،*
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.*
*سايدا تۇگمەن چۆرگىلەر،*
*كۆزدىن ئاققان يېشىغا.*

«نېمىدېگەن توغرا - ھە؟ شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمدى ئۇھ دېسەم، بۇ قىسمەت مېنى يىقىتتى. ھەممىدىن ئايرىدى. زۆھرەدىن ئايرىلدىم، دوستلىرىمدىن ئاي-رىلدىم، ئائىلەمدىن ئايرىلدىم. مانا ئەمدى نورمال ئادەملەر ئارىسىدىكى ھاياتتىنمۇ ئايرىلدىم. ئەمدىلىكتە ھەممىسى مېنى ئۇنتۇيدۇ. مەندەك بىر يېتىم ئوغلاقنىڭ بۇ جاھاندا ياشايدىغانلى-قىنى ئۇنتۇيدۇ. بىر يىل بولسىمۇ ئۇنتۇيدۇ. مېنىڭ بىر يىل يوقىلىپ كېتىشىم ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە بولمىغىنىدەك، بىر يىلدىن كېيىن پەيدا بولۇشۇممۇ ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس. مەن نېمىدېگەن بەختسىز ئادەم. مەن قەدىرلەيدىغان — مېنىڭ قەدىرلىشىمنى قوبۇل قىلىدىغان، مېنى قەدىرلەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن. بىرەر يېقىنىممۇ...» شۇ يەرگە كەلگەندە قەيسەرنىڭ خىيالى چىپپىدە توختىدى. كۆز ئالدىدا غۇۋا پەيدا بولغان بىر سىيما ئۇنىڭ خىيالىنى توسۇۋالدى. ئۇ سىيما دەس-لەپتە ياشاڭغىراپ تۇرغان ئىككى كۆز بولۇپ روشەنلەشتى، كې-يىن تونۇش بىر چىرايغا ئۆزگەردى...

ئۇ سارەم ئىدى. سوت مەيدانىدا يىغلاپ ئولتۇرغان سارەم ئىدى. قەيسەرنىڭ يۈرىكى قىسىرلاپ كەتتى. ئانىنىڭ كۆزلىرى-

دىكى ئەنە شۇ ياشلار قەيسەر ئۈچۈن تۆكۈلگەن، ئاشۇ ۋۇجۇد ئىچىدىكى ھېسسىيات غەلياننىڭ كەلكۈنى كۆزىدىن تېشىپ چىققان. قەيسەر ئۈچۈن، قەيسەرنىڭ مۇشۇ قارا قىسمىتى ئۈچۈن سىرغىغان. شۇ ھامان باشقا ئادەملەر قەيسەرنىڭ خاتىرىسىدىن بىر - بىرلەپ سىغدىلىپ چىقىپ سارەملا قېپقالدى. سارەم، سارەم سۈپىتىدە ئەمەس، «ئاپا» سۈپىتىدە قېپقالدى. قەيسەر روھلاندى. بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ «ئاپا» دەپ باقمىغانلىقىنى، ئۆزىگە ئاشۇنداق پىچىرلاپمۇ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ كۆزلىرى نەملەشكەندەك بولدى. ئاپا دېگەن... ئاپا دېگەن - ھە. سەلبىي گەپلەرنىڭمۇ ئىجابىي تەرىپى بولىدىكەن. «چىدىماس» دېگەن گەپ ناھايىتىمۇ بىئەپ گەپ بولسىمۇ، ئانىلار بالىلىرىنى «مېھرىسىز قالدۇرمەن» دېگەن سۆزگە چىدىماس كېلىدىكەن. ھالبۇكى، ئەنە شۇنداق بولغاچقا، پەرزەنتلەرنىڭ بىر كۆزى ياشلانمايدۇ. ياشلانسىمۇ مۇھەببەتتىن ياشلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، خۇشاللىق يېشى. قەيسەرنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار دەۋرەپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى. ئەتىسى بۇ ياشلار سىرغىدى، تومۇردىكى دەۋرىگەن قانلار ئۆركەشلىدى.

ئەتىسى تۇرمە ساقچىسى كىرىپ قەيسەرنى چاقىردى:

— قەيسەر، ماڭ، سېنى بىرى يوقلاپ كېلىپتۇ.

قەيسەر بۇ گەپكە ئىشەنمىگەندەك ساقچىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

— كۆرۈشمەمسەن؟ — ساقچى خۇددى ھازىرلا «بولدى ئەمىسە» دەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى. قەيسەر دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە «كىممۇ مېنى يوقلاپ كەلگەندۇر؟ قانداقلارچە مېنى ئېسىگە ئېلىپ قالغاندۇر؟» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ ساقچىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. يۈرىكى بولسا ھاياجاندىن سوقۇپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە ئالدى. كۆز ئالدىغا مېھرىبان

چىراي كەلدى. «ئابدۇللا مۇئەللىم! — دەپ ئويلىدى ئۇ، — چوقۇم شۇ! مۇئەللىم، مۇئەللىم مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. شۇ بىرلا كىشى مېنى ئادەم دەپ بىلىپتۇ!»

قەيسەر شۇ خىل ھېسسىيات بىلەن كۆرۈشۈش ئۈيىگە كىردى ۋە بۇ چوڭ ئۆينىڭ يۇقىرىقى تام تۈۋىگە قويۇلغان شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ يۈرىكى قارتىتىدە قىلىپ قالدى.

ئۇ — سارەم ئىدى! سارەم كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا قەيسەرگە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. قەيسەر كۆزىگە ئىشەنمەي بىر پەس تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن «ئاپا» دېگىنىچە سارەمگە ئېتىلدىيۇ، ساقچىنىڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن سارەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختاپ قالدى ۋە ئامالسىز شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇردى. قەيسەر كۆزلىرىدىكى ياشنى توختىتىۋالالمىغان ھالدا ئاپىسىغا بالىلىق مېھرى بىلەن ئۇزاق قارىدى. نۇرغۇن گەپلەرنى دېگۇسى بولسىمۇ، گېلىغا يىغا كەپلىشىۋېلىپ ئاۋازى چىقماي قالدى. قەيسەرنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن سارەمنىڭ يۈرەك - باغرى ئۆرتەندى. كۆزلىرىدىن ياش باھار يامغۇرىدەك قۇيۇلدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز ھالدا، پەقەت توختىماي ئېقىۋاتقان ياشلىرى ئارقىلىقلا ئىچىدىكى سۆزلىرىنى دېيىشتى، بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە يۈرەكلىرىنىڭ پىنھان يەرلىرىدە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەشتى.

— ئوغلۇم، — دېدى سارەم ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، — ئۆزۈڭنى ئاسرا، قورسىقىڭنى ئاچ قويما. قانچىلىك جاپا تارتساڭمۇ مەيلى، ساق - سالامەت تۇرساڭلا بولدى. بالام، مەن سېنى يوقلاپ تۇرىمەن. ئۆزۈڭنى ھەرگىز تاشلىۋەتمە.

قەيسەر بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمما، ئۇنى يەنە يىغا تۇتتى.

— قەيسەر، — بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن قەيسەر كەينىگە

بۇرۇلدى ۋە غەرب تەرەپتىكى تامدىكى دېرىزە تۈۋىدە تۇرغان ئادەمگە ئەمدىلا دىققەت قىلدى. ئېچىنغاندەك چىراي ئىپادىسى بىلەن تۇرغان بۇ ئادەم داۋۇت ئىدى.

— ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، — دېدى داۋۇت، — بولمىسا ئادەمنى ئاسانلا تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان يەر بۇ. تولا خىيالغا چۆكمە. بولمىسا ئىچىڭگە ئۆتۈپ كېتىپ كۆڭلۈڭنى ئۆلتۈرىدۇ.

داۋۇتنى كۆرۈپلا غۇززىدە بولۇپ كەتكەن قەيسەر دەرھاللا يۇمشىدى ۋە داۋۇتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەندەك بولدى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ھەقىقەتەن قىزىق. ئادەم دەردكە مۇپتىلا بولغاندا، باشقىلارغا بولغان كۆز قاراش ئاسانلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. كۆڭۈل ئىزدەپ ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويغان ئادەمنى يېقىن كىشىڭىز دەپ ھېس قىلىسىز.

قەيسەرمۇ شۇ كۈنى ئىللىق ھېسسىيات ئىچىدە ئولتۇردى. كۆڭلىدە بولسا بىر خۇشاللىق كېزىپ يۈردى. ئۆزى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان، ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ بۈگۈنكى ئىشى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. «يا مەن كىشىلەرنى خاتا چۈشىنىۋالدىممۇ؟ ئۇنداق بولسا مەن بىلەن ئۇزۇندىن ئەل بۇرادەر بولۇشقانلار قېنى؟ مەن ئىشلارنى يامان تەرىپىگە تارتىپ ئويلاپ كەلدىممۇ نېمە؟ ھەي، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر…»

*نى بالالار كېلىدۇ،*
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.*
*سايدا تۈگمەن چۆرگىلەر،*
*كۆزدىن ئاققان يېشىغا.*

قەيسەر ئاشۇنداق ھاياجانغا چۆمۈلۈپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئۇنى يەنە بىر كىشى يوقلاپ كەلدى. ئۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى.

— ئاتاڭمۇ ماڭا كۆپ ياردەملەرنى قىلغان، — دېدى ئۇ كىشى، — ئەمما، مەن ساڭا ياخشى ئىگە بولالمىدىم. ھەي، ساڭا ئايرىم ياتاق بەرسەممۇ بوپتىكەن...

قەيسەر بۇ كىشىدىن كۆپ مىننەتدار ئىدى. ئۇ كىشى قەيسەرگە ھەرگىز باشقىچە نەزەردە قارىمىدى، سوغۇق مۇئامىلىدە بولمىدى، باشقىلار بىلەن ئوخشاش كۆردى. ئۇ قەيسەرنىڭ قەلبىدە ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكىنى بىخلاتقان، كۆكلەتكەندى. قەيسەر مۇشۇنداق بىر ئادەم ئالدىدا قىلغانلىرى ئۈچۈن بەكمۇ نومۇس قىلدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا قەيسەر: «تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مەدىكارچىلىق قىلىپ جان باقساممۇ، بۇ ئادەمنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەن بۇ كىشىدىن مەڭگۈ رازى» دەپ ئەھدە قىلدى.

— كۆڭلۈڭنى توق تۇتۇپ، ئۆزۈڭنى ئاسرا. تاماق ناچار بولسىمۇ تويغۇچە يېگىن. بولمىسا ئاجىز تېنىڭ بىلەن ئۇنداق ئېغىر قۇرۇلۇش ئىشىغا يارىمايسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەر تۇرۇپلا قالدى. دېمەك، ئۇ تۈرمىدىن چىقسا يەنىلا ئىشلەيدىكەن ـ دە. قەيسەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ھاياجان چۇلغىۋالدى. تۈرمۇشتا مۇنداقمۇ ئېسىل ئادەملەر بولىدىكەن ـ ھە!

ئۇ ئادەم قەيسەرنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. قەيسەر يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. ئۆز تۈرمۇشىدىن يەكۈن چىقىرىشقا تىرىشتى ۋە «ئادەملەرگە ئالدىراپ باھا بېرىۋېتىپتىمەن» دەپ ئۆكۈندى ھەمدە ئۆزىگە «تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن كىشىلەرگە ھەرگىز يامانلىق سانىمايمەن» دەپ ۋەدە بەردى. گەرچە، ئۇ كىشى بىرلا قېتىم كەلگەن، ئاپىسىمۇ كېيىن يەنە بىر قېتىم كېلىپ، قايتا كەلمىگەن بولسىمۇ، قەيسەر ئۇلار تۇنجى قېتىم كەلگەن چاغدا قەلبىدە پەيدا بولغان تەسىراتتىن قۇتۇلالمىدى. مۇشۇ بىر يىل

جەريانىدا ئاشۇ تەسىرات ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى يورۇتۇپ تۇردى.

قىش كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، باھار كېلىشى بىلەن قەيسەر-
نىڭ تەلىيىگە تۈرمىدە قۇرۇلۇش بولۇپ قالدى. گەرچە قەيسەر
تەقىب ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ قۇرۇلۇش ئىشىغا قاتنىشىپ
ئەركىنرەك خىزمەت قىلدى. شۇڭا بۇ بىر يىل «تېز» لا تۈگىگەن-
دەك بولدى.

قەيسەرنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلدى. ئۇ يېڭى
بېكەتكە كەلگەندە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدى. ئۇ شەھەر كوچى-
لىرىنى تازا بىر كۆرۈۋالماقچى بولغانىدى. تۈرمىدە ئۇنىڭ چۈش-
لىرىگە تولا كىرگەن، قەدرى تازا ئۆتۈلۈپ كەتكەن، بىرەر قېتىم
بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرىكىنى سىققان كوچىلار
بىر يىل بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى. قەيسەر قاتار كەتكەن دەرەخلەرگە
ھاياجان بىلەن نەزەر تاشلاپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. سوغۇق كوچا،
قاقشال دەرەخ بولسىمۇ ئەركىن ئادەم ئۈچۈن يەنىلا يې-
قىملىق - ھە!

قەيسەر ئۇزۇن تۈنلەردىكى سېغىنىشى، تەلپۈنۈشى بىلەن
ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى ئاپىسىغا چەكسىز كۆيۈنى-
دۇ، داۋۇت ھەرقانچە قاپىقىنى تۈرسىمۇ تۈرمىگە يوقلاپ بارغىنى
ئۈچۈن كەچۈرۈۋېتىدۇ ۋە شۇ ئائىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.
ئائىلە سوغۇق بولسىمۇ، قەيسەر تىرىشچانلىقى بىلەن ئىللى-
تىدۇ... قەيسەر ئويلىغىنىچە روھلىنىپ كەتتى. تۈرمە ئۇنى
باشقىدىن تۇغقاندەك، قايتىدىن ئادەم قىلغاندەك بۇنىڭدىن كېيىن-
كى تۇرمۇشى ھەققىدە تاتلىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلدى.

مانا تونۇش كوچا، قەيسەر دوقمۇشتىن قايرىلسىلا ھويلا
دەرۋازىسىغا كېلىدۇ. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كوچىدا قەي-
سەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى ئۈزۈلمەيدۇ.

ھويلا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەيسەر ھاياجان بىلەن ئىشىكنى چەكتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلغاندىكى غىچىرلىشى قەيسەر-نىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى. قەيسەر «چىققان كىمدۇر؟» دەپ كۆزلىرىنى مىتمۇ قىلماي تىكىپ تۇردى. ئىشىكتە داۋۇت كۆ-رۈندى. داۋۇت قەيسەرنى كۆرۈپ سەل تۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— ھە، ۋاقىت توشتىما؟ — دېدى.

— ھەئە، — دېدى قەيسەر خۇشاللىق بىلەن.

— ئەمدى ئۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشما. بۇ قېتىم ئۆزۈڭگە-مۇ، بىزگىمۇ قىلدىڭ. بولدى، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، — دېدى داۋۇت خۇددى قەيسەرنى ئۆيگە كىرگۈزگۈسى يوقتەك قولىنى ئىشىكنىڭ كېشىكىدىن چۇشۇرمەي، — سەن مېنىڭدىن ئاغرىنى-ما. قولۇمدىن كېلىدىغاننى قىلدىم. مانا رەڭگىرويىڭمۇ ياخشى، تېنىڭمۇ ساق - سالامەت يېنىپ چىقىپسەن. تۇرمۇشۇڭنى ياخشى ئورۇنلاشتۇر.

قەيسەر تېڭىرقاپ قالدى. داۋۇتنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلى-قىنى چۈشىنەلمىدى. داۋۇت بىرئاز تۇرۇپ قېلىپ كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— بۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن. شۇ چاغدا بىز خەقنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە يامان گەپكە قالغان. سەنمۇ تىنچ - ئامان تۇرۇۋېسەن، بىزدىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ. مېنىڭ يەنە سەن سەۋەبلىك كۆڭۈل ئاغرىتقۇم يوق. بولدى، شۇنداق بول-سۇن، ئەمدى بىزنى ئاۋارە قىلما! — دېدى.

ئىشىك يېپىلدى، قەيسەرنىڭ يۈزى قاتتىق بىر شاپىلاق يېگەندەك ئېچىشىپ كەتتى. قەيسەر ئىشىك ئالدىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. خۇددى ئاران كولاپ ياسىغان قۇم ئۆيى بىردىنلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندەك مەھرۇملۇق تۇيغۇسىدا قالدى. قەيسەر ھويلا ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، بېشىنى سوغۇق تامغا تىرەپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، تاتلىق

تۇيغۇلار، گۈزەل ئارزۇلارغا چۆمۈلۈپ كەلگەن بۇ كوچىدىن ئايرىلدى.

ئەمدى قەيسەرنىڭ شەھەرنىڭ قايناق كوچىلىرىغا، يېڭىدىن سېلىنغان ئېگىز بىنالىرىغا قارىغۇسى كەلمىدى. ئۇ روھى چۈشكۈن ھالدا ئاستا قەدەملەر بىلەن قۇرۇلۇش ئەترىتىگە قاراپ ماڭدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلىغۇدەك ئۇ يەردىن باشقا قەيەر بار؟

قەيسەر ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشىگە ئۇ ئادەم قەيسەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئەھۋال سورىدى. قەيسەرنىڭ مۇزلاپ كەتكەن ۋۇجۇدىغا يەنە ئىللىق ئېقىم تارقىدى.

— قىش كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىش توختىغاندى، — دېدى ئەترەت باشلىقى رەسمىي گەپكە ئېغىز ئېچىپ، — ھازىر ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى قىشلىق دەم ئېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. سەن...

ئەترەت باشلىقى تەڭلىكتە قالغاندەك سۆزىدىن چىپپىدە توختىدى. بۇنىڭدىن قەيسەرنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولدى.

— ئەمما...، — ئەترەت باشلىقى يەنە تەستە ئېغىز ئاچتى، — ساڭا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلمىساق بولمايدۇ. يەنە كېلىپ سېنىڭ بۇ ئۇزۇن قىشتا تۇرمۇشۇڭنى قامدىمىغىنىڭمۇ بىر گەپ. شۇڭا، ھازىرچە مېنىڭ ئويلىغىنىم مۇنداق: ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ياتاق بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى يېرىم يولدا توختاپ قالدى. سەن قىشتا شۇ قۇرۇلۇشقا قارىساڭ، ساڭا بۇرۇنقىدەك ھەق بەرسەك. قالغان ئىشنى كېيىن ئويلاشساق...

— رەھمەت! رەھمەت! — دېدى قەيسەر ئارانلا. ئۇ تەسىرلەنگىنىدىن يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— قەيسەر، سېنى يەنە قىيناپ قويىدىغان بولدۇق، — دېدى ئەترەت باشلىقى تۆۋەنچىلىك بىلەن.

قەيسەر نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ ئۇدۇل قۇرۇلۇش ئورنىغا قاراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئويلىغۇسىمۇ، نەپرەتلەنگۇسىمۇ، ئاچچىقلانغۇسىمۇ كەلمىدى.

قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئېغىز ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنى خىش بىلەن ئېتىپ، مەش قويۇپ ياتاق قىلىپ قويغانىدى. قەيسەر ئۈچ قۇر خىش يېيىتىپ ئۈستىگە ئىككى پارچە تاختاينى قويۇپ كارىۋات قىلىۋالدى. ئۇ مەشكە ئوت يېقىپ تۇرۇۋىدى، ياتاققا بىرى كىرىپ كەلدى.

— تۇرسۇن! — قەيسەر ئۇنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە قولىنىڭ كۆمۈر يۇقى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. تۇرسۇن ئۇنىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ، ئورۇمچىدىكى بىر مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە كەسپىنى ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، مۇشۇ مەكتەپكە ئورۇنلاشقانىدى.

— سېنى قۇرۇلۇشقا قارايدىغان بوپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كىردىم، — دېدى تۇرسۇن ساۋاقدىشىغا ھېسداشلىق بىلەن تىكىلىپ، — بېشىڭغىمۇ جىق ئىشلار كېلىپتۇ. غەيرەت قىل، ئاداش، ئىشلەپ تۇرساڭ بۇ جاپالىق كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى ھەققىدە خېلىغىچە سۆزلەشتى. بىر چاغدا تۇرسۇن گەپنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ قەيسەرگە بېسىم بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قايتماقچى بولدى.

— زۆھرەنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى قەيسەر ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرسۇن ئىككىلەنگەندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن قەيسەرنىڭ چىرايىغا قارىماي ئاستا ئېيتتى:

— ئۇ... توي قىلىپ بولدى...

قەيسەر لېۋىنى ئاستا چىشلەپ ئارتۇقچە سۆزلىمىدى. تۇرسۇن بېشىنى چايقىغىنىچە كېتىپ قالدى.

تۇرسۇن چىقىپ كېتىشىگىلا قەيسەر يانچۇقىدىكى نەرسىنى

چىگىدە سىقىمدىدى. ئۇ نەرسە پۇرلىنىپ، پۇكلىشىپ كەتتى. قەيسەر ئۇ نەرسىنى سىقىمدىغىنىچە يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئالىقىنىنى ئېچىپ قاراپمۇ قويماستىن تولىمۇ سولغۇن ھالەتتە مەشكە تاشلىۋەتتى. ئوت غىل - پاللا ئۆزگەرگەندەك بولۇپ يەنە دەرھاللا ئەسلىگە كەلدى. قەيسەرنىڭ ھاياتىمۇ ئەنە شۇ كۆيگەن نەرسىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قەدىرسىز ھاياتتەك بىلىنىدى. ئۇ كۆردىغۇ، ئۇنىڭ تۇرمىدىن چىقىشى ئۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەرگە ئاۋارىچىلىكتىن باشقا ھەقىقىي مەنىدىكى خۇشاللىق ئەكېلەلمىدى.

قەيسەر خۇددى كۆيگەن بايىقى نەرسىنىڭ مەزمۇنى ئوتتا قايتا ئەكس ئېتىدىغاندەك ئوت يالقۇنىغا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ نەرسە زۆھرەنىڭ رەسىمى ئىدى. قەيسەر بۇ رەسىمنى تۇرمىدىمۇ يېنىدىن ئايرىماي ساقلاپ كەلگەن، ئاجىز بىر ئۈمىدنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلىپ تۇرغان، ئۆز كۆڭلىدىكى قىسمەن بوشلۇقنى بولسىمۇ تولدۇرۇپ تۇرغانىدى.

تۇگىدى، پۈتۈنلەي تۈگىدى!
جاھاندا شۇنداق مۇھەببەتلەرمۇ بولىدۇ:
«قەلبىمدە بار ھىجران ۋە ۋىسال،
مەن ياش تۆكەي، سەن كۈلگىن خۇشال.»

قەيسەر مەشتىكى ئوتقا قاراپ تۇراتتى. ئەمما، مەشتىكى ئوت قەلبتىكى ئوتقا قەتئىي ئوخشاشمايدىغان ئوت ئىدى! ئوت! مۇھەببەت ئوتى، قىساس ئوتى، نەپرەت ئوتى...

مەشتىكى ئوت ياتاقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قەيسەرنىڭ ئوتى بولسا دۇنيانى ئىللىتىشقا تىرىشقان ئوت ئىدى. قەيسەر كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى ۋە ئۆيىنى ئويلىدى. ئۇلار ئۇنى تۇرمىگە يوقلاپ بارغان، سوغۇق تەلەپپۇزدا بولسىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن. ھەرنېمە بولسا قەيسەرگە ئەڭ يېقىن كىشىلەر شۇلار ئوخشايدۇ. ئائىلە مۇھەببىتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى يەنىلا ئۆزىنى

كۆرسىتىدىكەن. ئەنە قەيسەر ئەڭ ئېغىر كۈنگە قالغاندا ئۇلار يوقلاپ باردى، ھاياتنىڭ تارتىشلىق تەرەپلىرىنى پۈراتتى. «ئۇلارنىڭ ئالدىغا باراي، چۈشەندۈرەي، يېلىناي، يالۋۇراي، ھەتتا ... ھەتتا تىزلىناي ... قولدەك ئىشلەتسىمۇ شۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالاي ...» قەيسەر ئورنىدىن تۇردى، بۇ ھاياتتا تارتىشقۇدەك ئادەملىرىنىڭ شۇلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

قەيسەر سىرتقا چىقتى. سوغۇق شامال ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلدى. ھاياتنىڭ سوغۇقلۇقى ئالدىدا بۇ سوغۇقلار نېمىتتى!

قەيسەر ھېچنېمىگە قارىماي يېقىنلا يەردىكى مەھەللىگە قاراپ ماڭدى. ئەنە، قەيسەر خۇشال كىرىپ مەيۈس قايتىپ چىققان كوچا. ئەمدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. قانداق چىقار؟

قەيسەر ھويلا ئىشىكىنى مەردانىلىك بىلەن ئۇردى. ئىشىك ئېچىلدى. قەيسەر كىرىشكە تەمشەلدى. بىراق، بىر سوغۇق تەلەت ئىشىكنى توسۇۋالدى. ئۇ — سەلىمە ئىدى. سەلىمە قەيسەرگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى. قەيسەر بولسا كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى.

— نېمە ئىشىڭ بار؟ — دېدى سەلىمە ئىشىكنى قىيا يېپىپ تۇرۇپ.

— سىلەرنى كۆرگىلى كەلدىم، — دېدى قەيسەر سىلىق تەلەپپۇزدا.

— تۇرمۇشىمىزنى بۇزما، — دېدى سەلىمە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — سېنىڭ سەۋەبىڭ تۈپەيلى ئاتام بىلەن ئاپاڭ كېچىچە ئۇرۇشۇپ چىقتى. بىر يىل خويمۇ تىنچ ئۆتۈۋىدۇق... ئەمدى كەلمە، ئاپاڭنىڭ گېپىمۇ شۇ، «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى بۇزمىسۇن، ئۆزىمۇ تىنچ ئۆتسۇن» دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى. شۇنداق بولسۇن. بىز بەربىر بىر ئۆينىڭ ئادەملىرى ئەمەس. بىزگە كېرىكى ئاپاڭ. شۇنى ئېسىڭدە تۇت.

ئىشىك يېپىلدى، گەرچە بوش، سىلىق يېپىلغان بولسىمۇ، قەيسەرگە تازا كۈچەپ يېپىلغاندەك تۇيۇلدى. ئىشىك زەنجىرىنىڭ شاراقلىتىلىپ ئىلىنىشىمۇ، خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ پۇت - قولىدىكى كىشەنلەر شاراقشىغاندەك ۋەھىمىلىك سېزىلدى. قەيسەرنىڭ ۋۇجۇدى كىرىشتى. ئەمما، دەرھال بوشاشتى. ئۇ يېنىك تىنىۋېلىپ ئىشىكنى يەنە قاقتى. ھويلا ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئەكسىچە چىراغ ئۆچۈرۈلدى. قەيسەر ئادەتتە كوچىغا شۇنچە سېخىيلىق بىلەن يورۇقلۇق بەخش ئېتىپ تۇرغان ئاشۇ نۇرلارنى كۆرۈشتىنمۇ مەھرۇم قىلىندى.

قەيسەر كەينىگە ياندى. بىراق، ئۇلار تەسىرلەنگىچە كېلىپلا تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. قەيسەر دارىمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كىچىك دۇكاندىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدى.

مەشتىكى ئوت ئۆچەيلا دەپ قالغان بولۇپ، ياتاق خېلىلا مۇزلاپ كەتكەنىدى. قەيسەر مەشكە كۆمۈر تاشلاپ، ئوت ئۇلغايغاندىن كېيىن كەچقۇرۇن مەكتەپ ئاشخانىسىدىن ئالغان ياڭيۇ قورۇمىسىنى مەشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئىسسىتتى.

ھاراق ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەمى بىلەن قەيسەرگە ھەرھالدا تەسەللى بولدى. كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويدى. «ئاپام بەربىر ئۆز ئاپام، داۋۇت ئۆگەي بولسىمۇ ئاتام. مېنى ھامان قوينىغا ئالىدۇ.» قەيسەر قايتا - قايتا شۇ خىيالنى قىلىپ ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئائىلىنىڭ ئىللىق مېھرى ئۇنى داۋاملىق چاقىرىپ تۇراتتى…

قەيسەر بېشى تاشتەك ئېغىر ھالدا ئويغاندى. ئۇ توڭلاپ تىترەپ تۇراتتى. مەشتىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچكەن، قەيسەر بولسا مەست بولۇپ يېتىپ قالغانىدى. قەيسەر توڭلاپ، تىترەپ تۇرۇپ مەشكە ئوت قالىدى…

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ قەيسەر ئۆيىگە يەنە باردى. بۇ قېتىممۇ ئۇمىد بىلەن ئىشىكنى ئۇردى. ئىشىكنى ئاچقان سەلىمە قەيسەرنى كۆرۈپلا يېپىۋەتتى. قەيسەر ئىشىكنى ئۇزۇنغىچە ئۇرغان بولسىمۇ ھويلا ئىچىدىن ئىنكاس قايتمىدى. قەيسەر ئىچىگە تىنغانچە تۇرۇپ قالدى. قەيسەر ئۆزىنى تاشلىۋېتىشكە تىرىشىۋاتقان بۇ ئائىلىگە نېمە ئۈچۈن شۇنچە يېپىشىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئويىدا پەقەت سەۋەبتىن خالىي بولغان «مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولىمەن» دېگەن ئويلا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتاتتى.

— كىمكەن؟ — سورىدى سارەم. داۋۇت لەپپىدە سەلىمەگە قارىدى.

— نېمە كېلىۋېرىدىكىن؟ — دېدى سەلىمە غۇدۇراپ.

— قەيسەرمۇ؟ — سارەمنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— شۇ بولماي... بىرەر دېۋانە بولغان بولسىمىغۇ...

— سەلىمە، سىز... ئۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— قانداق بولىدۇ، دەپ... شۇنچە ياشقا كىرىپ قالغان ئادەم ئۆزىنى بىلىپ كەلمىسە بولىدۇ.

— ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولار؟ ئۇنىڭمۇ بىر يىل جەبىر تارتىپ ئۆيىگە مۇشۇ بىر كېلىشىغۇ. بېشىغا شۇنچە ئىشلار كېلىپ ئۇمۇ ئەمدى چۈشەنگەندۇر؟

— مۇشۇ بىر يىل خويمۇ ئوبدان ئۆتۈۋىدۇق، يولىغا ماڭماي ...

— ۋاي - ۋۇي نېمىدېگەن جىق گەپ بۇ ...، — گۈلشەن، — شۇنداق دېۋىدى، داۋۇت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— بولدى قىلىڭلار ئەمدى. كەتكەن ئادەمگە نېمە غىژ - غىژلىشىسىلەر. ئادەم دېگەنگىچۇ ئارامچىلىك بولمىسا، چىداشلىق بەرگىلى بولامدۇ؟ كەلسە كېلۇر، ئارامىمىزنى بۇزمىسىلا بولدى. بىراق مەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى كەت دېمىگەن. شۇڭا بۇ

ئۆينىڭ ئۇنىڭغا نېمە كېرىكى بار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ، خېلى ئادەم بولۇپ قالدى. تۇرمۇشنى بىلگۈ-چىلىكى، ئۆزىنى جۆندەپ يۇرگۇچىلىكى بار. ئۇنىڭغا ئارىلىشىد-ۋالمىساقمۇ بـولىدۇ. تـۆتىمىزنىڭ تـۇرمۇشىمۇ ئـۆزىمىزگە يېتەرلىك.

بۇ گەپ بىلەن سەلىمە سارەمگە مىيىقىدا كۇلۇپ قاراپ قويدى. سارەم بولسا ئەلەمدىن لېۋىنى چىشلىدى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالدى. داۋۇتنىڭ غەرەزلىك سۆزلىرىدىن دىلى تېخىمۇ زېدى-لىنىپ كەتتى. «بىچارە بالام، ھېلىمۇ سېنى جىق تاشلىۋەتتىم. ھەي... كەلگۇلۇكلا بولسا نېمىشقا ساڭىلا كېلىدىغاندۇر؟ نېمىلا ئىش قىلساڭ ھەممىمىزگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىسەن. نەرىڭ باركىنتاڭ، سەنلا بولساڭ ھېچكىمگە ئارامچىلىك يوق. يەنە نېمە تارتقۇلۇقلىرىڭ باركىن؟» سارەم ئائىلە، تۇرمۇش، ئەر ۋە پەرزەنت مېھرى ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپلا قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بالىسىغا تارتىشىۋاتقان قەلبىگە «ھەي، تۇرمۇش ئارامىم بۇزۇلماي ئۆتۈپ باقسا بولمامدۇ؟» دېگەن بىر ئىستەك غىل - پال قارا سايىسىنى تاشلاپ ئۆتتى.

قەيسەر قايتتى. بۇ كوچىغا — ئۆزىنىڭ تالاي نادامەتلىك يېشى تۆكۈلگەن بۇ كوچىغا يەنە كېلىش ئۇچۇن قايتتى. قەيسەر ياتىقىغا كېلىپ ئازابلىق خىياللار قايىنىمىدا قىينالماسلىق ئۇچۇن يەنە مەست بولغۇچە هاراق ئىچتى. ئەمما، يېرىم كېچىدە سوغۇق-تىن مەستلىكى يېشىلىپ كەتتى. بۇ تاملار شۇ قەدەر سوغۇق ئىدى، خۇددى مۇزدىن ياسالغاندەكلا...

ئاندا - ساندا قار ياغىدىغان تۇرپان ۋادىسىغا بۇگۇن قېلىن قار ياغدى. قەيسەر قارنىڭ قېلىنلىقى، هاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي، يەنە ئۆيىگە باردى. لېكىن ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، قەلبى قاتتىق ئازابلىنىپ ئىشكىنىمۇ چەكمەي قايتىپ كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلى ئۇ ئىشىككە تەلپۈنىسمۇ، ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بارمىدى.
ئەتراپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئازادىلىككە تولدۇرىدىغان ئاق قارغا پۈركەنگەنىدى. ئاق، ئاقلىق! نۇرغۇن كىشىلەر ئاق رەڭنى پاكلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىشىدۇ. زېمىن ئەسلىي پاك. قار يېغىشى بىلەن بۇ پاكلىق تېخىمۇ جۇلالايدۇ. زېمىنغۇ پاكلىققا تولىدۇ. ئەمما، ئادەملەرنىڭ قەلبىچۇ؟
قەيسەر ئاق قارنى غاچىلدىتىپ دەسسىگىنىچە ئۆزىنى بارغانچە يات كۆرۈۋاتقان كوچىغا قاراپ ماڭدى. قاردا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئىزى. پاكلىق دەپ قارىلىدىغان قار كۆكتىن چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا چەيلىنىشكە دۇچار بولىدىكەن، يا پاكلىق دېگەن دەپسەندە قىلىنىشلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ نۇرانە قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇرامدىكىن؟
سۈزۈك ئاي نۇرى ئەتراپىنى ھەقىقەتەن ئاق نۇرى بىلەن بېزىگەنىدى. مۇشۇنداق ھاياجانلىق مۇھىتتا قەيسەر ئازاب ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. ناۋادا بۇ قېتىممۇ ئىشىك ئېچىلمىسا ... «مەن ساقلايمەن ... بىر كۈنى كېلىپ ئۇلار بىلەنمۇ خۇشال ئولتۇرۇپ بىر چىنە چاي ئىچەرمەن... ئەمدى كەلسەم تۇرمۇشۇمدا بىرەر ئۆزگىرىش قىلىپ كېلىمەن...»
قەيسەر ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قەيسەر ئىشىكنى ئۇردى. ئىشىكنىڭ كېشىكىدە تۇرۇپ قالغان قار ئاستا تۆكۈلۈپ، ئۇنىڭ جۇرئىتىگە قوشقاندەك بىلىندى.
ئىشىك چېكىلىشى بىلەن خۇددى سارەمنىڭمۇ يۈرىكىنى بىرى ئىللىق قولى بىلەن چەككەندەك ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. داۋۇت چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا قايتىپ كىردى. سارەم ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. داۋۇت سېمىز بەدىنى بىلەن ئورۇندۇقتا تولىمۇ ئېغىر ئولتۇردى.
— سارەم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ناھايىتىمۇ بېسىۋېلىۋاتقان

ـدەك تەرزدە، — مەن كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن. لېكىن... سىز ئەڭ ياخشىسى قەيسەرگە چىرايلىقچە گەپ قىلىڭ. ئۇ ئەمدى كەلمىسۇن.

سارەم ئەندىكىپ داۋۇتقا تىكىلدى:

— سىز... سىز قەيسەرنى بۇ ئۆيدە تۇرمىسۇن دېمەكچىمۇ؟

— مەن تۇرمىسۇن دېمىدىم. ئەمما، ئۆزى تۇرمايمەن دەپ كېتىپ قالغان. سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ يامان ئاقىۋەتكىمۇ قالدى. شۇنداق تۇرسا مەندە يەنە نېمە گۇناھ؟ شۇڭا... قەيسەرگە ماڭا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىش بولۇپ قالسا مەن ئۇنى كۆتۈرەلـمەيمەن. مەن چارچىدىم، ماڭا هازىر تىنچلىق كېرەك. مەن ئۇنى يامان دېمەيمەن، پەقەت مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم تىنچ، خاتىرجەم ياشاش.

— مەن ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قانداق دېيەلەيمەن؟

— دېيەلمىسىڭىز باشقا ئامال يوق.

— باشقا ئامال يوق؟ — سارەم تۇرۇپلا قالدى، — سىز... سىز...

— سىز باشقىچە خىيالدا بولماي شۇنداق قىلىڭ. بەلكىم قەيسەرگىمۇ بۇ ئۆي خۇشياقماس. ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان مەن بىلەن پۇرچىقى پىشماي كەلدى. نەرىمگە ئۆچ بولۇپ قالدىـكىنتاڭ؟ بالىنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ قىيناپ نېمە قىلىمىز؟

سارەم داۋۇتنىڭ ئېغىر قاپاقلىرىنى، كۆلۈپ تۇرغان كۆزـلىرىدىكى سوغۇق نۇرنى، جەھلى تۇتقاندىكى رەھىمسىزلىكىنى، بەزىدە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان زەھەرخەندىلىكىنى ئويلاپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. سارەم بەزى چاغلاردا ئۆزىنى مۇشۇنداق ئاجىز، ئامالسىز هېس قىلاتتى. يالغۇز قالغىنىدا بولسا نېمىشقا داۋۇتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاشۇنداق ئاجىز، ئامالسىز هېس قىلغىـنىغا ئاچچىقى كېلەتتى. ئاشۇ يۈرىكىنى چىرماپ تۇرغان ئامالـسىزلىق تۇيغۇسى نېمىشقىكىن يەنە ئۇنى مۇشۇ ئۆيگە باغلاپ

تۆرۋۋالاتتى. ئەمەلىيەتتە، سارەم ئېتىراپ قىلمىغان بىلەن ئۆ-
نىڭ تۆرمۆش، ئائىلە قارىشى ئۆنى شۆنىڭغا مەجبۆرلايتتى. بەزد-
دە سارەم بۆنىڭدىن قورقۆپمۆ قالاتتى.

خېلىدىن بېرى ئىشىككە تەلمۆرۆپ تۆرغان سارەم ئەمدىلىك-
تە هويلىغا ئېغىر قەدەملەر بىلەن چىقتى.

قەيسەر ئىشىكنى يەنە ئۆردى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.
قەيسەرنىڭ يۆرىكى دۆپۆلدەپ كەتتى. بىرى قارنى ئېغىر قەدەملە-
رى بىلەن دەسسىگىنىچە كېلىپ جىممىدە تۆرۆپ قالدى. نېمىش-
قىدۆر قەيسەرنىڭ قولى تىترىدى ۋە ئىشىكنى بوش چەكتى.

— قەيسەرمۆ سەن بالام؟ — دېدى ئىچىدىكى ئادەم. بۆ
ئاۋازنى ئاڭلاپ قەيسەرنىڭ ئىشىك چېكىشكە تەمشەلگەن قولى
بوشلۆقتا توختاپ قالدى. قۆلىقىنىڭ هاردۆقى چىققاندەك بول-
دى، ئۆنىڭ ئاڭلاش سېزىمى بۆ ئاۋازنى كۆتكىلى قانچە
ئۆزۆن بولدى — هە؟

— كەت، بالام، — دېدى سارەم يىلىنىش تەلەپپۆزىدا، —
بۆ ئۆيدە سېنىڭ قىينالغىنىڭنى كۆرگۆم يوق. بىر ئوبدان تۆرۆ-
ۋاتىسەن، تۆرمۆشۆڭنى قامدىغۆچىلىكىڭ بار. بۆنىڭدىن كېيىن-
كى تۆرمۆشۆڭنىڭ غېمىنى قىل، ئۆزۆڭنىڭ تۆرمۆشىنى بىل.
ئەمدى كەلمە. ئۆزۆڭنى ئايا، بالام. بولدى كەت… بۆ ئۆينى
ئۆنتۆپ كەت!

قەيسەر تولىمۆ تەسلىكتە «ئاپا» دېمەكچى بولۆۋىدى، سارەم
يەنە ئېغىز ئاچتى:

— قەيسەر، خوش، بالام، ئەمدى كەلمە… هەممىمىزگە
ئاراملىق كېرەك…

غاچىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، سارەم كىرىپ كەتكەنىدى، ئەم-
ما ئۆنىڭ يۆرىكى ئىشىك تۆۋىدە قالغانىدى: «بالام، مېنى كە-
چۆر، مەنمۆ سېنى دەپلا مۆشۆنداق قىلىۋاتىمەن. قارىغاندا كۆرد-
دىغان كۆنىمىز مۆشۆ ئوخشايدۆ. سەنمۆ خېلى چوڭ بولۆپ

قالدىڭ، بۇ ئىشلارنى چۈشەنگۈچىلىكىڭ بار. ئەتە ـ ئۆگۈن بۇ ئۆيگە بۇنچىلىك قىلىش كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسەن، كۆنۈپمۇ قالىسەن. مېنى كەچۈر، بالام، ئۆزۈڭنى ئاسرا، خوش، بالام…»

قەيسەر كەينىگە بۇرۇلدى. تولىمۇ ئاستا قەدەم بىلەن مېڭىپ كەتتى. ئايىغى ئاستىدىكى قار ئاجىز غىچىلدايتتى. ئەمما، قەيسەرنىڭ قەلبىدە شۇنچىلىكمۇ ئۈمىد قالمىغانىدى. مانا ئاپىسىمۇ ئەڭ قەھرلىك گەپنى سىلىق قىلدى. ئەجەبا، ئەڭ ئاخىرقى رىشتىمۇ ئۈزۈلدىمۇ؟ ياق، ئۇ رىشتە ئەۋرىشىم بولغان بىلەن ئۇنداق ئاسان ئۈزۈلمەيدۇ! «بوپتۇ، مەن كۆتەي، مەنمۇ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتارمەن، قولۇمدىن ئىش كەلگۈدەك بولغاندا يەنە ئىزدەيمەن…» نېمىشقىكىن قەيسەرنىڭ خىيالىغا شۇ ئائىلىدە ياشاشلا كىرىۋالغانىدى. تۇرمىدە پەيدا بولغان بۇ خىيال قەيسەرنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورنىشىپ قالغانىدى. لېكىن، قەيسەر بىرەر ئىش تەۋرەتكۈدەك بولغۇچە ئۇنى پالاكەت باسقىلى تۇردى.

1990 ـ يىلىنىڭ باھار كۈنلىرى ھاۋا ئوبدانلا ئىللىپ قالدى، كۈن نۇرى ئادەمگە تولىمۇ ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلايتتى، ئادەم ئۆزىنى خۇددى جېنى قايتىدىن ياشىرىۋاتقاندەك سېزەتتى. ئەمما، باھارنىڭ بۇ قىممەتلىك نېمەتلىرى قەيسەرگە تېگىل بولماي تۇرۇپلا چوڭ كۆڭۈلسىزلىك ئۇنى ئۆز كەپىسىگە تەكلىپ قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قۇرۇلۇش ئەترىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا شەھەر رەھبەرلىرى تەنتەنىلىك ھالدا:

«تۇرپان شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى بۈگۈندىن باشلاپ ‹تۇرپان شەھەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتى› گە ئۆزگەرتىلدى!» دەپ جاكارلىدى. بۇ جاكارنى ئاڭلاپ ئىشچىلار ھەيران قالدى،

ھەتتا بەزى ئىشچىلار «شىركەت دېگىنى نېمىسى ئەمدى؟» دەپ غۇدۇراپمۇ قويۇشتى. ئارقىدىنلا تارقالغان بىر قورقۇنچلۇق خە-ۋەر ھەممەيلەننىڭ دېمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئەمدىلا قۇرۇل-غان بۇ شىركەتنىڭ «قۇرۇلۇش سۇپىتىنى ئۈستۈرۈش، شەھەر-گە خاس يېڭىچە زامانىۋى بىنا سېلىش» تەلىپى ئۈچۈن شىركەت-تىكى تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن، يېڭىچە قۇرۇلۇشقا ماس كەلمەيدۇ... دېگەندەك سەۋەبلەرگە چۈشۈپ قالغان ئىشچىلار قاي-تۇرۇلىدىكەن.

قەيسەر ئەترەت باشلىقى، ھە راست، شىركەت دېرېكتورى تەرىپىدىن چاقىرتىلدى. قەيسەر تۇرمىدىكى ناچار ئوزۇقلۇق سە-ۋەبىدىن خېلىلا ئاجىزلاپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ سو-غۇق ياتاقتا يېتىۋېرىپ ئۆنى سوغۇق ئېلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ ھالدا بۇرۇنقىدەك گۈرسۇلدەپ مېڭىپ خىش توشۇيالايدىغان، جازا باغلاش ئۈچۈن ئېگىزلىكتە ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان، نەچچە تاختاينى قاتلاپ كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئىشلارنى ئەمدىلىكتە... ھەي...

— ساڭا ئاخىرغىچە قارىيالمايدىغان بولدۇم، — دېدى دې-رېكتور تولىمۇ تەڭلىكتە، — ئالدىڭدا بەك خىجىلمەن، ئۇكا. ماڭا ئامال بولمىدى. ھۆكۈمەت ئىشى ئىكەن... تۇرمۇشۇڭنى ئۇبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇت... ھە، ھازىر سودا يولىغا ماڭغانلار تازا پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئىشنى ئاددىي-دىن باشلاپ باق. كۆزۈڭ يېتىپ ئىقتىسادىڭ يەتمەي قالسا ماڭا دە. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

قەيسەر يىغىنىدىلا بۇ ئاقىۋەتنى سېزىپ يەتكەنىدى. شۇڭا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئار ئېلىپمۇ كەتمىدى.

— ھېلىمۇ ماڭا جىق ياردەملەرنى قىلدىلا، سىلىگە رەھمەت!

— ھە... بۇ ئاز بولسىمۇ، قەيسەر، تۇرمۇشىڭغا ئىشلىتەر-

سەن، — دېرىكتور ئۈچ يۈز يۈەننى مەجبۇرىي ھالدا قەيسەرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى...

قەيسەر كوچىغا چىقىپ تۇرۇپ قالدى. نەگە بېرىش كې-رەك؟ نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟ ئۆيگە بېرىشنىڭ ئورنى يوق، ياتاقتىنمۇ ئايرىلدى. ئۇ ئەمدى ھەقىقىي يەككە - يېگانە ئادەمگە ئايلاندى. تۇرىدىغان ئۆيىمۇ، چاقىرىدىغان ئادىمىمۇ، ياتىدىغان ياتىقىمۇ، قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق. قەيسەرنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇقلا بولۇپ قالدى.

قۇياشنىڭ ئىللىقلىقى، باھارنىڭ گۈزەللىكى قەيسەر ئۈچۈن ئەمدى نېمە؟ قىش بولامدۇ، ياز بولامدۇ، گۈللۈك بولامدۇ، چۆللۈك بولامدۇ، بەربىر. قەيسەرگە جان كېرەك. قەيسەر چوڭقۇر تىنىۋېتىپ، دوقمۇشتىكى يېڭى ئېچىلغان ئاشخانىغا ماڭ-دى: «تاماق يەي، تاماق. تازا تويغىچە يەي... ئىسسىق شورپا بىلەن گۆشمۇ يەي...»

# ئون ئىككىنچى باب

## يىگىت

قەيسەر شۇنچە ئىشتىها بىلەن يەپمۇ بىر قاچا لەڭمەن، ئوتتۇرا قاچا شورپا ۋە ئىككى پارچە گۆشنى ئارانلا يېيەلىدى. بۇيرۇتقان ئۈچ دانە مانتا شۇ پېتىلا ئېشىپ قالدى. قورسىقى چىڭقىلىپ، قۇسقۇسى كەلدى. شۇندىلا ئۇ قورساق تويدۇرۇش-نىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن دائىملىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن چاغلىقلا ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟

قەيسەر مەقسەتسىز ئايلىنىپ بېكەتكە كېلىپ قالدى. بېكەت-نىڭ ئىشىكىدىن ئىچىدىكى تىقىلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەر كۆ-رۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاپتوبۇس توختايدىغان مەيدانغا ئىنتى-لىپ تۇرۇشىدىن سەپەرگە چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن قەيسەرگە بىردىنلا باشقىچە خىيال كىرد-ۋالدى. ئۇ بېكەت ئىچىگە كىردى ۋە ئاپتوبۇس توختايدىغان مەيدانغا چىقتى. ئاپتوبۇسلار قاتار توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، قەيسەر ئاپتوبۇسلارنىڭ ئالدى ئەينىكىگە بېكىتىپ قويۇلغان تاخ-تايدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ ماڭدى: «تۇرپان ـ توقسۇن»، «تۇر-پان ـ لۈكچۈن»، «تۇرپان ـ تۇيۇق»، «تۇرپان ـ پىچان»…

پىچان! قەيسەر بۇ ئىسىمغا قىزىقتى ۋە ئېسىگە ئالدى: ئوقۇتقۇچىسى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پىچانلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەندە قەيسەر ۋە بىرقانچە باللار كۈلۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇلار

پىچان دېگەن ئۈسۈملۈكنى يادلىرىغا ئېلىشىپ «مۇشۇنداقمۇ يۇرت نامى بارمىدۇر؟» دەپ قىلىشقانىدى. كېيىن قەيسەر مۇئەللىمىدىن «ئۇ يەردە پىچان دېگەن ئۈسۈملۈك كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغانمۇ؟» دەپ سورىغاندا، مۇئەللىمى كىرورەن، پىشامشان دېگەندەك ئىسىملارنى تىلغا ئېلىپ بىرمۇنچە تارىخ سۆزلىگەنىدى. شۇڭا «پىچان» دېگەن ئىسىم قەيسەرنىڭ يادىدا قالغانىدى. بۇلارنى ئويلاپ قەيسەر ئىككىلەنمەيلا ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇردى. تۇرپان شەھىرىدىن پەقەت بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ باققان — كۇمۇشكە بارغان قەيسەر هاياجانلاندى، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئويلىغۇسى كەلمىدى. پەقەت «يۇرىكىمنى مۇزلىتىۋەتكەن بۇ شەھەردە ياشىغاندىن، ماڭا يات بولغان شەھەردە ياشاپ باقاي» دېگەن نىيەت بىلەن خۇددى بىرى ئۇنى مەجبۇرىي چۇشۇرۇۋېتىدىغاندەك ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۇكىنى چىڭڭىدە تۇتۇپ ئولتۇردى. ئاپتوبۇس قوزغالدى. ئەمما، قەيسەرگە خوش دېگۇدەك، قەيسەرنىڭمۇ كۆزى قىيماي خوش دېگۇدەك ئادىمى يوق. ئۇزاتقىچىمۇ، ئۇزىتىلغىچىمۇ ئۆزى. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ هاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشىمۇ شۇنداق بولامدۇ تېخى؟ ئاپتوبۇس قەيسەر ئۇچۇن قۇپقۇرۇق بولغان شەھەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىپ باراتتى. مانا ئاپتوبۇس يېڭى بېكەتكە كېلىپ شەرققە بۇرۇلدى. شۇ هامان قەيسەرنىڭ يۇرىكى سىقىلىپ كەتتى. نېمىگىدۇر تارتىنىشتى. خۇددى ئۆزى ئارزۇلاپ تۇرغان نەرسىسىنى ئۆزى تاشلىۋېتىپ بارغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى. قەيسەر كەينىگە قارىدى. ئەنە، هەممە نەرسە قەيسەرنىڭ سوغۇق هېسسىياتىنىڭ سىرتىغا تاشلىنىپ قالماقتا. ياق، ياق، قەيسەرنىڭ قەلبى نېمىگىدۇر تولۇپ كېتىۋاتىدۇ، نېمىگىدۇر قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، نېمىگىدۇر پىژىلداۋاتىدۇ··· قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. «نەگە بارىمەن ـ هە؟ يۇرتۇم تۇرۇپ مۇساپىر بولىمەنمۇ؟ ئۆز ئاپام تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىم بولىمەنمۇ؟»

ئالدىراپ قالغان قەيسەر ئاپتوبۇسنى توختاتتى. بۇ چاغدا ئۇلار تۇرپان شەھىرىگە كىرىش ئېغىزىدىكى دۆڭكۆۋرۈككە كې-لىپ قالغانىدى.

— تېززەك چۈشۈپ چىقىڭ. بولمىسا كەچ قالىمىز، — دېدى بېلەتچى.

— مەن پىچانغا بارمايدىغان بولدۇم.

— بېلەت پۇلى قايتۇرۇلمايدۇ! — بېلەتچىنىڭ تەلەپپۇزى بىردىنلا يىرىكلەشتى. قەيسەر ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدى.

«ئۇھ» دەپ ئېغىر تىندى قەيسەر نېمىگىدۇر ھېرىپ كەت-كەندەك. ئۇ بىر ئاز تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن كىرا ھارۋىسىدىن بىرنى چاقىردى.

— نەگە، ئاكا؟ — دېدى ھارۋىكەش بالا. «نېمىلا بولسا ئۆينىڭ ئەتراپىغا بېرىۋالاي» دەپ ئويلىغان قەيسەر:

— خەلق كىنوخانىسىغا، — دەپ ھارۋىغا چىقىپ ياتتى. ھارۋا ئەللىك مېتىردەك مېڭىپلا جەنۇپ تەرەپكە بۇرۇلدى.

— ھوي، نەگە ماڭدىڭ؟ — دېدى قەيسەر چۆچۈپ.

— يېقىنىراق باغرى بىلەن ماڭاي، — دېدى ھارۋىكەش بالا. باغرى! قەيسەرنىڭ يۈرىكى تىترىدى. ئېھ، باغرى يوللى-رى، قەيسەرنىڭ يۈرىكىنى قانچە - قانچە ياشارتقان، قانچە - قانچە تېپىچەكلەتكەن يوللار! مۇھەببەتنىڭ ۋىسال ۋە ھىجرانى قالغان يوللار!

ئېشەك بىر خىلدا كېتىپ باراتتى. قەيسەر ئۆزىنى ھەرقانچە تىزگىنلەي دېسىمۇ، خىيالى قەيسەرگە بوي بەرمەي زۆھرە تامان يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى. «بىر چاغلاردىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللى-قىم ئىدى - ھە!» قەيسەر چوڭقۇر ھەسرەت چەكتى. ئەنە، دوقمۇشىغا كېسەك قىرلاپ قويغان كوچا، مۇشۇ كوچىغا كىرگەن-دىن كېيىنكى يەتتىنچى ئۆي زۆھرەلەرنىڭ ئۆيى... قەيسەرنىڭ

يۈرىكى ئېچىشتى. ئەنە قەبرىستانلىق، ئۇ يەرگە ئۆلۈكلەر كۆمۈلگەن. قەيسەرنىڭ تۇنجى سۆيگۈسىمۇ دەپنە قىلىنغان. ئەمما، تىرىك پېتىلا… قەيسەر قاتتىق ئازابلاندى. تونۇش نەرسىلەرنى، ئەسلىمىگە باشلايدىغان نەرسىلەرنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يېتىۋالدى. كۆزلەر ئېتىلدى. بىراق، قەلب كۆزىنى ئېتىۋېلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

ئىچى سىقىلىپ كەتكەن قەيسەر تۆت كوچىغا كەلگەندە هارۋىنى توختاتتى.

— خەلق كىنوخانىسىغا تېخى كەلمىدۇق، — دېدى بالا، ئۇ قەيسەرنى خەلق كىنوخانىسىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىغان چېغى. قەيسەر پۇلنى بېرىپ هارۋىدىن چۈشۈپ قالدى.

ئازابلىق ئەسلىمىلەر تۇپەيلى قەيسەر ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالدى. ئۇ تۇرپان شەهەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئاشخانىغا كىرىپ تاماق، سەي ۋە بىر بوتۇلكا هاراق بۇيرۇتتى. تاماق تېتىمىدى، هاراق ئۇنىڭغا تەسەللى بولدى. ئۇ ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىپ تۈگەتتى. ئۇ دەلدەڭلىگەن پېتى تۇرۇپ مەيدە يانچۇقىدىكى پارچە پۇللارنى تېرىشتۇرۇپ ئاشخانا خوجايىنى بىلەن هېسابنى ئۈزگەندىن كېيىن، خەلق كىنوخانىسى يېنىدىكى «شەرق شامىلى ياتاقخانىسى»غا بېرىپ يېتىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئىچى ئېلىشتى ۋە تېرەك ئارىسىغا كىرىپ قۇسۇۋەتتى. قەيسەر ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى باشقۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى. قەيسەر هەرقانچە قىلىپمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى…

ئەتىيازنىڭ سوغۇقىدىن سەگىگەن قەيسەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ياتقان يېرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئارقىدىن ئىشتان يانچۇقىنى تۇتۇپ بېقىپ لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئىشتان يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ئىككى يۈز ئەللىك يۈەن يوق ئىدى!

قەيسەر ياتقان يەرلىرنى سىيپاشتۇردى، يول چىراغلىرى-
نىڭ گۇڭگا يورۇقىدا سىنچىلاپ قاراشتۇردى. يوق! قەيسەر
ئولتۇرۇپ قالدى. «نەدە چۇشۇپ قالغاندۇر؟ هارۋىدا چۇشۇپ
قالدىمىكىن؟ يا… بۇ يەردە خۇدۇمنى بىلمەي ياتقاندا بىرەرى…
هەي، ئەجەبمۇ نەس بېسىۋاتىدۇ. نېمە كەلگۇلۇك، نېمە كۆرگۇ-
لۇك بۇ!» قەيسەر ئەلەمدىن يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. قەيسەر
مەيدە يانچۇقىغا قاراشتۇردى. ئۇ يەردىكى پۇللار بار ئىكەن.
قالغىنى يىگىرمە بىر يۈەن ئۇچ مو. قەيسەر شۇ پۇللارنى تۇتۇپ
ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ پۇل بىلەن قانچە كۇن جان باققىلى بۇلار؟
«جان باقسامىمۇ كىم ئۇچۇن جان باقىمەن؟ ئۆزۈم ئۇچۇنمۇ؟
قېنى مېنىڭ ئاپامنىڭ ئالدىغا بىرەر ئىش تەۋرىتىپ بارىمەن
دېگىنىم؟…».

— داۋۇ[①]ئاداش نېمىنى پايلاپ ئولتۇرىدىغاندۇر؟

— كەسىپدىشىمىزمۇ نېمە؟

بۇ ئاۋازلاردىن چۆچۇگەن قەيسەر بېشىنى كۆتۇرۇپ پىيادىلەر
يولىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئۇچ ياش يىگىتنى كۆردى. ئۇلارنىڭ
تۇرقىدىن قەيسەرنى بىرئاز سۇر باستى. قېرىشقاندەك ئۇلار قەي-
سەر تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. قەيسەر بۇنى كۆرۇپ هەر ئېهتى-
مالغا قارشى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— قانداق ئوۋنىڭ كويىدا ئولتۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى
بىرى سىرلىق قىلىپ. قەيسەر چۇشىنەلمەي قالدى.

— ئۆيۇڭگە قايتماي كېچىدە بۇ يەردە نېمىنى ماراپ ئولتۇرى-
سەن؟ — دېدى يەنە بىرى ئوچۇقراق قىلىپ.

— جىقراق ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن، قۇستۇم، — دېدى
قەيسەر قوپال تەلەپپۇزدا.

— جىقراق ئوقەتنى كۆرۇپ قويدۇم دېگىنە.

---

① داۋۇ — ئاۋۇ دېگەن مەنىدە (تۇرپان شېۋىسى).

— بولدى، بولدى. ھەممىمىز ئوخشاش تۇرۇپ گەپ يوشۇ-رۇپ نېمە قىلىمىز، — دېدى ئارىدىن يەنە بىرى، — سەنمۇ يالغۇز ھەرىكەت قىلىدىكەنسەن. بىزگىمۇ ئادەم ئازلىق قىلىۋاتات-تى. بىرلىشىپلا كەتمەيمىزمۇ، ئالە، تاماكا چەك. كىشىلەر بىزنى كۆزگە ئىلمىغاندىكىن، بىزمۇ ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن كۆزگە ئىلمايمىز. سېنىڭمۇ دەردىڭ جىق، تۇرمۇشۇڭمۇ تەس ئوخشايدۇ.

بۇ گەپلەر قەيسەرگە دەرھاللا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ تاماكىنى بىر شورىۋېلىپ ئالدىراپ سورىدى:

— نېمە ئىش قىلىمىز؟

— ئاشۇ پوچىلارنىڭ يانچۇقىنى كولايمىز.

— ئوغرىلىق؟! — قەيسەر قولىدىكى تاماكىنى يەرگە ئات-تى، — شۇ ئىشمىدى. ئۆزۈڭ قىلىشىۋال. مەن كەتتىم.

قەيسەر چوڭ يولغا بىرقەدەم ئالدى.

— توختا! — بىرى تېزلىك بىلەن ئالدىنى توستى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما. بىزدەك ئادەملەر شۇنداق كەسىپ بىلەن جان باقمىسا، نەدە تەييار نان.

— شۇنداق تۇرامدۇ، قىلىمەن دېسەڭ ئىش يوق. ئاراندا ئىش تاپساڭ ئىگىسى ساڭا ئىشەنمىگەن. باشقىلار سېنى ياراتمى-غان. ئەمىسە قانداق قىلىسەن؟ قانداق جان باقىسەن؟ خۇددى چوڭ بىر گۇناھىڭ، ئەيىبىڭ باردەك، سېنى ئادەمدەك كۆر-مىسە...

— ئۇنداق ئەمەس دەپ باقە، سېنى بىرەرى ۋاي دەمدۇ، ئىززەتلەمدۇ؟

شۇ ھامان قەيسەرنىڭ خىيالىغا ئۇنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرغان بىر قاتار ئىشلار تېزلىكتە كېلىپ ئۆتتى. خورلۇقلار، كۆز ياشلار، ئاچچىق تولغىنىشلار، مانا ئەمدى سەرسانلىق... قەيسەر بوشاشتى.

— مانا بىز ئۆز يولىمىزنى تاپتۇق. يېيىشىمىز، خەجلىشىمىز ئېسىل. تۇرقىمىزغا قاراپ باشقىلار ھېيىقىدۇ… بۇ يولغا ماڭغان بولساڭ قايتما. بولمىسا بىزگە ئەگەش، قوشۇل…

قەيسەر ئىچىنى تىڭشاپ قالدى. ھاياتىدىكى ئەلەملەر مېڭىسىگە تېپىپ، ئۇنىڭ ئەقلىنى چىرىتىشكە باشلىدى. راست، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى قاچان ئۇنى ئادەمدەك كۆرۈپ باققان؟ مانا ئۆيى تۇرۇپ سىرتتا يۈرمەمدۇ؟… بىراق… قەيسەر چۆچۈدى.

— ياق، ياق، مېنى ئازلاشتۇرماڭلار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— بولدى، خالىمىساڭ مەيلى. ھەركىمنىڭ تۇرمۇشى ئۆزىگە، — دېدى ئۇلاردىن يېشى چوڭراقى.

— خوش، — دېدى ئۇلار، — جېنىڭنى باقالمىساڭ بىزنى ئىزدە. ماكانىمىز تۆت كوچا…

ئۇلار كېتىپ قېلىشتى. قەيسەر ئۆز-ئۆزىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقەتەن چىگىش ئىكەن. قەيسەرنى كۈتۈپ تۇرغان يەنە قانداق ياخشى-يامان ئىشلار بار؟ يەنە نېمە قىسمەتلەر ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. كەچلىكى توپىغا مىلىنىپ ياتتى. بايا بولسا ئوغرى بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. تەقدىرنىڭ قىزىقچىلىقى ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

*نى بالالار كېلىدۇ،*
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.*
*سايدا تۈگمەن چۆرگىلەر،*
*كۆزدىن ئاققان يېشىغا.*

قەيسەر شۇ خىياللار ئىلكىدە خەلق كىنوخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئاخشىمى كەچلىك بازار

بولاتتى، تاكى تۇن كېچىگىچە سودا ئۇزۇلمەيتتى. بۇ كىنوخانىنىڭ غەرب تەرىپى ئۇ ياتماقچى بولغان «شەرق شامىلى» ياتاقخانىسى. كىنوخانىنىڭ ئۇدۇلى، چوڭ يولنىڭ شىمال تەرىپى بولسا قەيسەرنىڭ يۇرىكىنى ئازابلىغۇچى، ئەمما، قەيسەر قاتتىق تەلپۈنىدىغان ئۆزلىرىنىڭ كوچىسى. ئۇنىڭ ئادامەتلىك ياشلىرى تۆكۈلگەن كوچا. ئۇ شۇ كوچىنى بويلاپ ئوتتۇز مېتىردەك مېڭىپ ئوڭغا بۇرۇلسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيى. ئۇ ئۆيدە ئاپىسى ۋە ئۆگەي ئاتىسى قەيسەرنى ئۇنتۇغان، لېكىن قەيسەر ئۇنتۇمىغان.

قەيسەر كىنوخانىنىڭ ئالدىدا بىر هازا تۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇپ ياتاقخانىغا كىرىپ كەتتى.

«ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ نېمىمۇ ئىش قىلالارمەن؟ يا قولۇمدا پۇلنىڭ تايىنى بولمىسا، يا هۈنەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمىسا، قۇرۇلۇشلارغا بېرىپ ئىشلەي دېسەم، تېنىمدا بۇرۇنقىدەك ماغدۇر يوق... هەي، دەرهال بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتمىسام يانچۇقتىكى پۇل ئىككى كۈنغۇ يېتەر، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ياز بولۇۋاتقاندىكىن سىرتتىمۇ ياتارمەن. ئەمما، قورساقنىچۇ؟ يەنە كىملەر ماڭا ئوخشاش غەمدە يۈرىدىغاندۇر؟...» قەيسەر ئەنە شۇنداق غەملەر بىلەن خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاينىڭ پۇلىنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ۋاخچە ئۇخلىدى. چۈشكە يېقىن كونىشەھەر بازىرىغا كىرىپ چۈشلۈك تاماق يېدى ۋە مال بازىرىغا بېرىپ سودا كۆرگەچ ئىش كۈتتى. ئۇ زېرىكىش ئىچىدە مەدىكار ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىقۇدەك يەردە ئولتۇرغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا قىلغۇدەك ئىش چىقمىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن قەيسەر روهى چۈشكەن هالدا خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ هەم هارغىن، هەم ئاچ ئىدى. ئۇ بىر چىنە سۈيۇقئاش بۇيرۇتۇپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇردى. «ئەتە قانداق قىلىمەن؟ قانداق قور-

ساق تويدۇرىمەن؟ ...» قەيسەرنىڭ مېڭىسى قاتتىق ئاغرىپ، ھېچقانداق يول قالمىغاندەك، جاھان قۇپقۇرۇق ۋە قورقۇنچلۇق بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. قورسىقى شۇنچىلىك ئېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ئاشنى مەززىسىز ئىچتى. شۇنداق تەملىك ئېتىلگەن ئاش ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا بولمىغاچقا ئۇنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۇردى. ئۇ ئاشنى زورىغا يۇتاتتى، قەيسەر ئاشنى تولىمۇ تەستە ئىچىپ تۈگەتتى. ئەنە يولنىڭ شىمال تەرىپىدە، دەرەخلەرنىڭ ئاراچلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ كوچا ئەسلىي ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەمىنلىك كوچىسى ئىدى. ئەمما، ئاشۇ كوچا قەيسەرنى بالدۇرلا ھايات قايناملىرىغا تاشلاپ، مەزگىلسىزلا ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۇچۇك نېمەتلىرىگە داخىل قىلىپ قويدى. مانا ئەمدى ھاياتى كاپالەتسىز ھالدا گاڭگىراپ تۇرماقتا. خۇددى ھەممىلا تەرەپتە قىزىل چىراغ يېنىۋاتقاندەك.

— ھەي قەيسەرغۇ سەن!

قەيسەر چۆچۈپ يانغا قارىدى. بىر كاۋاپچى قولىدىكى يېرىم گۆش ئۆتكۈزۈلگەن زىخنى تۇتقىنىچە ھەيران بولۇپ قاراپ قالغانىدى. قەيسەر ئۇنى تازا يادىغا ئالالمىدى. كاۋاپچى قولىدىكى زىخنى قويۇپ، قولىنى بىر ياغلىققا سۈرتۈۋېتىپ قەيسەرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قەيسەرنىڭ قولىنى چىڭگىدە سىقىپ كۆرۈشتى. قەيسەر يەنە تازا ئىسىگە ئالالمىدى.

— تونۇمىدىڭ - ھە؟ مەن ئەنۋەر ئاتا.

ئەنۋەر ئاتا؟ ھە... قەيسەر ئىسىگە ئالدى. قەيسەر باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈرپان شەھەرلىك ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ — خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ مۇشۇ ئەنۋەر بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرغانىدى. ئەنۋەرنىڭ ئاپىسى ئۆگەي بولۇپ، ئۇ ئاپىسىغا بەك ئۆچ ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بالىلارنىڭ ئالدىدا ئاپىسىنى تىلغا ئالمايتتى. نېمىلا ئىش بولسا «ئاتام، ئاتام»لا دەيتتى. شۇنداق بولغاچقا كېيىن بالىلار ئۇنى «ئەنۋەر

ئاتا» دەپ ئاتىۋېلىشقانىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈت-تۈرگەندە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىگە قوبۇل قى-لىنغان، كېيىن هاراق ئىچىپ جېدەل تېرىپ قويغاچقا مەكتەپ-تىن چېكىندۈرۈلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆگەي ئاپىسى ئۇنى يەكلىگەن، نەتىجىدە ئەنۋەر سودا قىلىش باھانىسىدە يېڭىشەھەر-دىكى ئائىلىسىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىۋالغانىدى.

ئەنۋەر كاۋاپنىڭ ئىشىنى بىر بالىغا تاپىلاپ قويۇپ ئون زىخ كاۋاپنى ئېلىپ قەيسەرنى چەتتىكى ئېگىز پۇتلۇق بىر شىرەگە باشلىدى ۋە بىر جىڭ پىشـشىق گـۆش، بىر بـوتۇلكا هاراق ئەكەلدى.

— ئۆگەي ئاپىنىڭ قولىغا قېلىپ قالغان هالىم بۇ تۇرسا، ئۆگەي ئاتىنىڭ قولىدىكى قەيسەر قانداق قىلىۋاتقاندۇر؟ دەپ سېنى ئەسلەپلا تۇردۇم.

ئۇلار ئىككى رومكىدىن ئىچىشكەندىن كېيىن ئەنۋەر ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قەيسەرگە سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنى خېلىلا ئازادە بولۇپ قالغاندەك هېس قىلدى. ئاندىن:

— بىز ئۆگەي بالىلار بەربىر ئۇنداق ئائىلىگە پاتمايدىكەن-مىز. شۇڭا ۋاقتىدا تۇرمىشىمىزنى ئۆز قولىمىزغا ئالغىنىمىز توزۇككەن. ئىشنىڭ چىرايلىقىمۇ شۇ ئىكەن. مانا هازىر بۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ سودا قىلىمەن. سودام ياخشى، ئىجارىگە ئالغان تەييار ئۆيۈم بار. ئايدا بىرەر قېتىم ئاتاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن راست - يالغاندىن بىر ئوبدان پاراڭلىشىپ بىرەر ۋاخلىق تامىقىنى يەپ كېلىمەن.

«مېنىڭ شۇنچىلىكمۇ ئىمكانىيىتىم يوق» دەپ ئويلىدى قەيسەر ئىچى ئېچىشىپ.

— هە، سەنچۇ؟ بايا غەمگە چۆكۈپ تۇرۇپتىكەنسەن.

— نېمىسىنى دەيسەن، ئاداش، ماڭىمۇ قازاننىڭ قۇلىقى

تۆت ئىكەن، — دېدى قەيسەر ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم دەردلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھالىم بولسا شۇ. ئۆيۈم بار تۇرۇپ ئۆيۈمگە كىرەلمەيمەن، — دېدى قەيسەر كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — مانا ئەمدى، ئاداش، جان بېقىشمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ. جان قايغۇسىدا ھەتتا يامان يولغا مېڭىۋەتكىلى قىل قالدىم. ھەي... بۇگۈن بىر كۈن ساقلاپمۇ مېنى ئىشقا سالغۇدەك ئادەم تاپالمىدىم...

— تەلىيىڭ بار ئىكەن، مانا سېنى ئىشقا سالىدىغان ئادەم ئۆزى چاقىردى، — دېدى ئەنۋەر ئوتتۇرىدىكى ئىغىر كەيپىياتنى بۇزۇش ئۈچۈن.

— مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ، ئاداش؟ — دېدى قەيسەر جانلىنىپ، — قانچىلىك ئېغىر ئىش بولسىمۇ مەيلى جۇمۇ.

— ئېغىر ئىشقۇ ئەمەس، — دېدى ئەنۋەر سەل ئوڭايسىزلانغاندەك، — نەچچە كۈن بۇرۇن ماڭا ياردەملىشىۋاتقان بالا كېتىپ قالدى. ماڭا ياردەملىشىسەن: كاۋاپدانغا ئوت قالايسەن، زىخقا گۆش ئۆتكۈزىسەن، خېرىدارلارغا كاۋاپ ئېلىپ بارىسەن. ھازىرچە ھەق بېرەلمەيمەن. بىراق، ئۆيۈمدە يېتىپ ـ قوپىسەن، ئۈچ ۋاخلىق تامىقىڭ مېنىڭدىن. ئىش دېگىنىم شۇ. خالىساڭ مانا مەن، كۆڭلۈڭگە كەلگەن بولسا خاپا بولما، ئاداش.

— ياقتۇرماسلىققا ھەددىممۇ، ئاداش، — دېدى قەيسەر جىددىيلىشىپ، — شۇ گېپىڭ بىلەن تاغدەك غېمىم يوقىلىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى.

ئۇلار شۇ ئاخشىمى ئەنۋەرنىڭ ئىككى كارىۋات قويۇلغان، ئاددىيغىنا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشتى، دەردلىرىنى تۆكۈشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ قەيسەرنىڭ ئالدىراش كۈنلىرى باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار كەچكىچە سودا قىلىدىغان بولغاچقا، ئەتىسى ۋاخچە ئۇخلايتتى. ناشتىدىن كېيىن ئەنۋەر گۆشكە ماڭسا، قەيسەر كەچ-

لىك سودا ئۇچۇن كۆمۈر ۋە ئوتۇن نەقلەيتتى، زىخلارنى يۇيۇپ پاكىزلەيتتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار قولمۇ قول گۆش توغراپ ۋە قىيما قىلىپ بىر قىسىم زىخلارغا گۆش ئۆتكۈزۈپ تەييارلىۋا-لاتتى. كەچكە يېقىن بازاردا پەيدا بولاتتى. بۇ بازاردا پەقەت ئەنۇەرلا قىيما كاۋاپ قىلىدىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ سودىسى قى-زىپ كېتەتتى.

كۇنلەر گەرچە مۇشۇنداق ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتسىمۇ قەيسەرگە ئىككى خۇشاللىق كۇندە ھەمراھ ئىدى: بىرى، ئالدى-راشچىلىقتا ھېرىپ - چارچىسىمۇ، ئۆز ئەجرى بىلەن يەۋاتقان تامىقىغا رازى ئىدى. يەنە بىرى بولسا... بۇ بازار بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىككى يۈز مېتىردەك كېلىدىغان بولغاچقا، بەزىدە بۇ يولدىن ئانىسى ياكى ئۆگەي دادىسىدىن بىرەرى ئۆتۈپ قالاتتى. بەزىدە بولسا يا سەلىمە، ياكى گۈلشەن... بۇنداق چاغلاردا قەيسەر ئۇلار بىلەن ھېلىلا بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندەك خۇش بولۇپ ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ كېتەتتى. ئۇلارنى كۆرۈۋالغىنىدىن، ئۇلارنى سالامەت كۆرگىنىدىن خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكۈسى، سۆزلەشكۈ-سى، ئۆزى پىشۇرغان مەززىلىك كاۋاپلاردىن يېگۈزگۈسى كېلەت-تى. بىراق... «ھەي، شۇ كۇنلەرمۇ كېلەرمۇ؟» قەيسەر ئۇھسى-ناتتى. ئىچى پۇشقان، كۆڭلى نېمىگىدۇر تارتىشقان چاغلاردا ئۇ دەممۇ دەم شۇ كوچىغا قاراپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا قەيسەرنى-مۇ ئۆزىگە ئوخشاش «ئۆيدىكىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشى بەربىر» دەپ ئويلايدىغان ئەنۇەر:

— ھە، ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ؟ بىرەرىگە كۆزۈڭ چۈشتى-مۇ؟ — دەپ سورايتتى ۋە ئۆزىمۇ ئەتراپقا قاراپ كېتەتتى. كۆزى چۈشكۈدەك بىرەرى كۆرۈنمىسە: «ھە، بولدى، بولدى، كاۋاپقا قارا» دەپ غۇدۇراپ قوياتتى. قەيسەر بولسا ئۇلارنى نەچچە كۇندە بىر كۆرۈۋېلىشنى، ھېچبولمىسا ھېلىقى توڭ قاپاق سەلىمەنى

بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئەنە شۇ تەرەپلەر ئۇنىڭ يوقسۇللۇق ئىچىدىكى بۇ كۈنلىرى-
نىڭ مەنىلىك تەرەپلىرى ئىدى. ئىنسان ئۈچۈن ھەربىر كۈندىكى
كىچىككىنە خۇشاللىق، ئاجىز ئۈمىد، ئازراق ئارمانمۇ ھاياتنىڭ
قىممەتلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرسا كېرەك. ئەمەلىيەتتى-
مىغۇ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ بىر كۈنلۈك ھاردۇقىنى چىقىرىدى-
غان نەرسىمۇ شۇ.

كۈنلەر ئاشۇنداق ئالدىراشچىلىق ۋە ئىنتىلىش ئىچىدە ئۆ-
تۈپ يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىمۇ بولۇپ قالدى. قەيسەرنىڭ دائىم كۆز
ئالدىدا تۇرىدىغان، ئەمما كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاددىي بىلىنىدى-
غان بۇ كوچا ئۇنىڭ ھەربىر كۈنىدە مۆجىزە يۈز بېرىدىغاندەك
تۇيۇلاتتى. بىر ئائىلىدە بىرەر كىشى تۈگەپ كەتسە ئائىلىدىكىلەر
تۈگەپ كەتكۈچىنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدىغۇ. بىراق، بۇ ئائىلىدى-
كىلەر قەيسەر تىرىك جان تۇرسىمۇ…

تۇرپاندىكى يازنىڭ ئىسسىقى كىشىلەرنىڭ كۈندۈزى دېرىزى-
لىرى ھەم يېپىلغان ئۆيىگە، سالقىن يەرلەرگە ھەيدىسە، ئاخشى-
مى كوچىغا، رەستىلەرگە سۆرەپ چىقاتتى. دەرۋەقە، كەچلىرى
خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدىكى بۇ بازار قىزىپ كېتەتتى، كى-
شىلەر مىغىلدايتتى، ئۇششاق تىجارەتچىلەر خېرىدارلارنى كۈتۈپ
پايپېتەك بولۇشاتتى. قەيسەر كاۋاپ بېسىپ، زىخقا گۆش ئۆتكۈ-
زۈپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ قەيسەر كىشىلەر توپىغا دەممۇ
دەم ئىنچىكە نەزەر سالاتتى. ئۆزى ئارزۇ قىلىۋاتقان تونۇش
چىرايلاردىن بىرەرىنى ئۇچرىتىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. شۇن-
داقلا سودىغا كۆنۈۋالغاندىن كېيىن ئۆزى ئايرىم ئىش قىلىپ،
ئاندىن ئاشۇ كوچىغا قەدەم بېسىشنى ئويلايتتى. قاينام ـ تاشقىن-
لىق شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەيسەرنىڭ بۇ ئارزۇ ئىشكى تىرىق-
شىغاندەك قىلدى.

شۇ كۈنى ئەنۋەر «كىنوخانىنىڭ ئالدىدا سودا قىلىدىغانلارغا ئازراق مەجلىس بار ئىكەن» دەپ چىقىپ كېتىپ بىرەر سائەتلەردىن كېيىن خۇشال قايتىپ كىردى.

— ۋاي ئاداش، ئامەت كەلدى، ئامەت، — دېدى ئەنۋەر ئۆيگە كىرىپ خۇشاللىقىنى باسالماي، — نېمە مەجلىسكىن دېمەمسەن، كىنوخانىنىڭ مەسئۇللىرى تىجارەتچىلەرگە قولايلىق بولسۇن، ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك تارتمىسۇن دەپ كىنوخانىنىڭ ئوڭ يېقىنىدىكى بوش يەرگە بىر لاپاس ياساپ، تىجارەتچىلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى كېچىسى شۇ يەرگە قويۇپ قويۇشنى ئويلىشىپتۇ. شۇنىڭ مەسلىھەتى ئىكەن. بۇ مەسلىھەت بىزگە ئەلۋەتتە خۇشياقىدۇ-دە. ئۆزۈڭ بىلىسەن، يېرىم كېچىدە ھېرىپ-چارچاپ تۇرغاندا شىرە-ئورۇندۇقلارنى ئۆيگە ئەكېتىش جاپالىق بىر ئىش-دە. شۇنىڭ بىلەن بىز ئوتتۇز بەش تىجارەتچى بىر ئايدا لاپاس ئورنى ئۈچۈن ئون يۈەندىن ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەن تۆلەيدىغان بولدۇق.

قەيسەر بۇنى ئاڭلاپ «بۇ ئىشنىڭ شۇنچىۋالا خۇشال بولغۇچىلىكى بارمۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە شۇنداقتىمۇ «ھە، ياخشى بوپتۇ» دەپ قويدى.

— يەنە، — دېدى ئەنۋەر خۇپسەنلىك بىلەن كۈلۈپ، — لاپاسقا قارايدىغان ئادەم لازىم بولدى. ئۇنى شۇنداقلا تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ-دە، كىنوخانىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى قارايدىغان ئادەمنى ئۆزۈڭلار تېپىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سېنى كۆرسەتتىم. باشقىلارمۇ سېنى ئوبدان بىلىدىغان بولغاچقا قوشۇلۇشتى. ساڭا لاپاس ھەققىدىن بىر يۈز ئەللىك كوي بېرىدىغان بولدى. ئەمدى شۇ بىرئاز جاپالىق. قىشمۇ ياز شۇ يەردە يېتىپ قارايسەن.

بۇنى ئاڭلاپ قەيسەرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— چاتاق يوق، ئاداش، يېتىش قانداق جاپالىق بولسۇن؟

ھەر جاپالارنى تارتقانمەن. ھەرقانداق جاپا بولسا مېنىڭدىن قورقىدۇ.

— قاراش دېگەن ئاخشىمى سودا تۇگەپ تالڭ ئاتقۇچە بولىدۇ. شۇڭا قالغان ۋاقىتتا ئوخشاشلا ماڭا ياردەملىشىۋېرىسەن... ئاداش، سودىمىزمۇ خېلى ئېقىپ قالدى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھەر ھالدا ھاللىنىپ قالدىم. شۇڭا ئاداش، ساڭا ئېيىغا يۈز كوي ھەق بېرىشنى ئويلىدىم. ئاز كۆرمىسەڭ... شۇنىڭ بىلەن ئىككى يۈز ئەللىك كويلۇق ئايلىقچى بولۇپ كەتمەمسەن، — دېدى ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، ئاداش، مەن بۇ ياردىمىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

— بۇنى ئەمەس، بىزنىڭ ئاغىنە ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇما.

قەيسەر ئاجايىپ خۇشال بولدى ۋە شېرىن خىياللارغا چۆمۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپلا كېتىدىغاندەك، چوڭ بىر ئىشنىڭ قۇتلۇق قەدىمى بېسىلىدىغاندەك بىر ئۈمىد ئۇنى ئىلىكىگە ئالدى.

— ئۆگۈنلۈككە ئاخشامدىن باشلاپ ئىشقا چۈشسەڭ بولغۇدەك.

ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ ئاخشىمى قەيسەر خېلى كەچكىچە ئۇخلىيالمىدى: «سودىنىڭ ئېپىنىمۇ بىلىپ قالدىم. قېنى، چىشىمنى چىشلەپ بىر پۇل يىغاي... ئاپا، قېشىڭلارغا يەنە بارىمەن. سېنى يەرگە قاراتمايدىغان بولۇپ بارىمەن...»

ئەتىسى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ، بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ، قىشلىقى ئاسانلىقچە قار چۈشمەيدىغان، يازلىقى ئاسانلىقچە يامغۇر ياغمايدىغان بۇ قۇرغاق شەھەردە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بۇنداق ئۆتكۈنچى يامغۇرنى تولا كۆرگەن تۇرپانلىقلار شۇ تۇيغۇ بىلەن بۇ يامغۇرنىمۇ بىردەمدىلا توختاپ قالىدۇ، دەپ ئويلىشىپ

ئىشلىرىنى داۋام قىلىۋەردى. ئەمما، كەچكىچىلا يېغىۋاتقان بۇ يامغۇرنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، ھازىرچە توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بولدى ئىش تۈگىدى، — دېدى ئەنۋەر قولىدىكى زىخنى تاشلاپ، — بۇ يامغۇردا كاۋاپ سېتىپ ئولتۇرغىلى بولامدۇ.

ئىككىسى كارىۋاتلىرىغا چىقىشىپ ئۆز خىياللىرى بىلەن يېتىشتى. بىر چاغدا ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كـونىلار: «بـوراندا ئـۇيقۇ، يامغۇردا مەشرەپ» دەپ-تىكەن، — دېدى ئەنۋەر ئايىغىنى كىيىپ، — نەچچە ۋاقىتتىن ئالدىراش ئىشلەپ ھېرىپمۇ قالدۇق. ھاردۇق چىقارغاچ سېنىڭ ئەتىدىن باشلىنىدىغان يېڭى خىزمىتىڭنى تەبرىكلىمىسەك بول-ماس. يۈر.

ئۇلار كوچىدىكى دۇكانغا چىقىپ مېۋە - چېۋە ۋە بەش بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى ئالدى.

— سەن بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ تۇر. مەن كەينىڭدىنلا كىرىمەن. ھە، راست، كاۋاپدانغا ئوت يېقىۋەت.

ئەنۋەر كېتىپ قالدى. قەيسەر ياتاققا كىرىپ نەرسە - كې-رەكلەرنى جايلاشتۇرۇپ، كاۋاپدانغا ئوت يېقىپ، كۆمۈرنىڭ چوغلىنىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەنۋەر ئىككى قىزنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

ئۇلار — قەيسەرلەر بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلار ئىدى. ئۇلار قەيسەر بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ قويغاندىن كېيىن، يامغۇردا بۇزۇلۇپ كەتكەن گىرىملىرىنى تۈزەشكە كىرىشتى. ئاندىن ئېچىلىپ - يېيىلىپ شىرە ئەتراپىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

— ۋىيىەي، ئەنۋەرجان، — دېدى بىرى كاۋاپدانىنى كۆرسى-تىپ، — بازارغا يارىمىغان كاۋىپىڭىزنى بىزگە ساتامسىز نېمە؟

— تېتىپ بېقىڭىزلار. كاۋاپىنىلا ئەمەس، كاۋاپتەك پىژىلدا ۋاتقان يۈرىكىمىزنىمۇ تېتىپ بېقىڭىزلار.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. قەيسەر ئۇلارنىڭ يېنىدا سەل قورۇنۇپ قالدى. ئىستاكانلارغا ھاراق لىقلاپ قۇيۇلدى.

— مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى ئەنۋەر، — بۇياق مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم ھەم شېرىكىم قەيسەر، بۇ خېنىملار...

— بولدى ئۆزىمىز تونۇشتۇرىمىز، — دېدى باياتىدىن بېرى قەيسەرگە لەپ-لەپ قاراۋاتقان بىرى، — بىز جىنشيۇبۇنىڭ[1] ئوقۇغۇچىلىرى... كېلىڭە، مۇشۇ تارتىنچاق يىگىت بىلەن قاتتىقراق سوقۇشتۇرۇۋالاي...، — ئۇ قىز گۈپپىدىلا ئىچىۋەتتى. قەيسەر بولسا ئېچىلالماي بىر ئىستاكان ئۈزۈم ھارىقىنى تولىمۇ تەستە ئىچىپ تۈگەتتى.

— ھېساب ئەمەس، — دېدى ئەنۋەر ئۇنىماي ھېلىقى قىزغا، — سىز جىممىدىلا ئىچىۋەتسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ قىزىق گەپلىرىڭىزنى سېغىندۇق.

ئۇ قىز شۇ گەپنىلا كۈتۈپ تۇرغان چېغى:

— بولىدۇ، دوستلاردىن گەپ ئايىمايمىز. ئۇنداق بولسا يەنە بىر ئىستاكان قۇيۇڭلار، — دېدى ئىستاكاننى ئەنۋەرگە تەڭلەپ، — مەن سىلەرگە بىر لەتىپە سۆزلەپ بېرەي: لۈكچۈندە نايىخان ئىسىملىك بىر ساتىرىك شائىر ئۆتكەنىكەن...

— نايىخان؟ ئەرمۇ، ئايال؟

— ھەقىقىي ئەر، — دېدى ئۇ قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — نايىخان ئون سەككىز ياشقا كىرىپ قالغاندا ئاتىسى ئۇنى قورۇققا ئېلىپ بېرىپتۇ. قورۇققا كېلىپ بىرنەچچە كۈن بولغاندا نايىخان ھەركۈنى چۈشتىن كېيىن ئاتىسىغا دەپمۇ قويماي يوقىلىپ كېتىدىغان قىلىق چىقىرىۋاپتۇ. بىر كۈنى ئاتىسى كۆزەتسە نايىخان ساي بويىغا كېتىپ بارغۇدەك. نايىخان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتىسى سوراپتۇ:

---

① جىنشيۇبۇ — ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزى.

— ئوغلۇم، ساي ياقىسىدا نېمە بار؟
تىلى ئىتتىك نايخان دەرھاللا شېئىرىي جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

*— كۆرۈڭ، ساي بويىدا بىر يارىم بار،*
*ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆندە بېرىڭ بار.*
*سىنەلىرى قوش ئالمىلىق باغ،*
*تىرەن جىلغاسىغا خاڭگا تېرىڭ بار.*[1]

بۇ لەتىپىدىن ئۇلار تىزلىرىنى شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. قەيسەرنىڭ شۇنداق كۈلگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى.

— ئەمدى نۆۋەت دوستۇمنىڭ، — لەتىپە سۆزلىگەن قىز، — دوستۇم سىلەرگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى دوستى نازلىنىپ ئولتۇرمايلا، — ئاۋازىم كەلمىسىمۇ كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن.

*ئاق ناۋات دېگەن قوغۇن،*
*پەلەكنىڭ ئاستىدا بارمۇ.*
*مېنى باقىان ئانام نەدە،*
*يەرنىڭ ئۈستىدە بارمۇ؟*

*ئاتام بولسا، ئانام بولسا،*
*غېرىب بولارمىدى بېشىم.*
*غېرىبلىقتا تولا يىغلاپ،*
*كۆزۈمدە قالمىدى يېشىم.*

① بۇ لەتىپە «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان.

*نان بەرسە كۆيۈك بەردى،*
*ئاش بەرسە سۈيۈق بەردى.*
*قانداق قىلىمەن ئەمدى،*
*ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.*

ئۇلار بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ مۇڭلىنىپ كېتىشتى. بۇ ناخشا قەيسەرگە بەكرەك تەسىر قىلدى. قەيسەر ناخشىدا «ئانام» دېيىلگەن بولسا، ئۆز خىيالىدا «ئاتام» دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزىنىڭ هازىرقى ئەهۋالىغا باغلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى، يىغلىغۇسى كەلدى.

— مەن كاۋاپ پىشۇراي، — دېدى قەيسەر ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كاۋاپدانىنىڭ قېشىغا مېڭىپ.

ئۇلار نۆۋەت بىلەن ئەنە شۇنداق ئايىماي چاقچاق قىلىشىپ، بولۇشىغا ناخشا توۋلاپ كۈلۈشتى، هاراقنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىشتى، مەززىلىك پىشقان كاۋاپنى هوزۇرلىنىپ يېيىشتى... تۇرۇپ - تۇرۇپ قەيسەرنى چاقىرىپ كېلىپ كۈلكىلىك ئەما سەت چاقچاقلارغا قوشۇۋالاتتى. كېلىپلا قەيسەرگە كۆز تاشلاپ تۇرغان قىز هەتتا نەچچە قېتىم قەيسەرنى چىڭ قۇچاقلاپ تانسىمۇ ئوينىدى...

بىر چاغدا ئەنۋەر قەيسەرنى سىرتقا چاقىردى. بۇ چاغدا يامغۇر توختاپ قالغان بولۇپ، هاۋا خېلى سالقىن بولۇپ قالغانىدى.

— ئاداش، ئەمدى كۆڭۈل ئېچىشىنىڭ ئەڭ نوچىسىنى قىلىمىز. لەتىپىچى قىز سېنىڭ. هە، بولدى، ئۆيدە ئېلىپ قالامسەن - يا...

# ئون ئۈچىنچى باب

# «ناتونۇش» بالا

قەيسەر لاپاسىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان كارىۋاتتا يېتىپ كۆزەتچىلىك قىلاتتى. كېچە سائەت ئون ئىككىدىن باشلاپ سودىسىنى تۈگەتكەن تىجارەتچىلەر ئېغىر نەرسە — كېرەكلىرىنى لاپاس ئاستىغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ خاتىرجەم كېتىپ قېلىشاتتى. شۇ چاغدا بازاردا پەقەت قەيسەرلا قالاتتى. قەيسەر يالغۇز يېتىپ نۇرغۇن خىياللارنى قىلاتتى، ھېلىقى كوچىغا قاراپ ئۇھ تارتاتتى.

قەيسەرنىڭ تۇرمۇشى ھەر ھالدا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇزۇن كېچىلەر قەيسەرگە غېرىبلىق ۋە تۈگىمەس خىياللارنى بەخش ئېتەتتى. ئۇ تۇرمۇشىدا يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلاتتى. بۇنداق كەملىك تۇرمۇش كاپالەتكە ئىگە بولغاندا ئۆزىنى تېخىمۇ كۆرسىتەتتى. شۇڭا ئەتىدىن كەچكىچە ئۇنىڭ ئىچ - باغرى تارتىشىدىغان، ئۇزۇن مەزگىللىك جۇدالىق يۈرىكىنى كۆيدۈرىدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئىنتىلىش ئىچىدە ئۆتۈۋەردى. قەيسەر بۇ ئاخشىمى تولغىنىپ پەقەت ئۇخلىيالمىدى. ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئەمما يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان كوچىغا قەدەم تاشلىدى. بۇ كوچىغا قەدەم بېسىپ باقمىغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا قەيسەر ھاياجانلىنىپ تۇراتتى. يېرىم كېچە بولۇپ قالغاچقا

كوچىدا ئادەم يوق، جىمجىت، ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگەنىدى. قەيسەر تىنچقىنە بۇ كوچىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋۇشى بۇ جىمجىتلىقتا پەقەت ئۆزىگىلا ئاڭلىنىپ بۇ سوغۇق كوچىنىڭ تاملىرىغا يېتىپ بارالمايۋاتاتتى.

قەيسەر خىيال سۈرگىنىچە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قىسمەتلىرى قالغان هويلا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مانا مۇشۇ هويلا ئالدىدا زۆهرە نومۇستا قالغان، مانا مۇشۇ هويلىدا قەيسەر قاتىللىق ئۈچۈن قولىغا پىچاق ئالغان، ئەنە شۇ ئۆيدىكى شاپىلاق ۋە بىر تېپىك ئۈچۈن ئۆيدىن تۈنجى قېتىم قېچىپ چىققان، مانا مۇشۇ ئىشىك ئالدىدا سەبىي بىر بالا سوغۇقتا قورقۇنچ ئىچىدە يېرىم كېچىگىچە ئۇخلاپ قالغان... هەي... قەيسەر ئۆز بېشىغا يېنىك مۇشتلىدى: «نېمە بۇلارنى خىيال قىلىپ يۈرىمەن، ئۇ ئىشلار ئاللىبۇرۇن ئۆتتى.» قەيسەر تېزلا ئۆزىنى ئۇ خىياللارنىڭ يامان ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى.

قەيسەر تامنى ۋە ئىشىكنى ئاستا تۇتۇپ باقتى. سوغۇق تام ئۇنىڭ قولىنى ئىللىتتى. قەيسەر تامنى تۇتقان پېتى خېلى ئۇزاق تۇردى. ئۇ ئۆزىگە ئىللىق چىراي ئاچىدىغان كىشىلەر شۇ تاپتا مۇشۇ تامنىڭ ئىچىدە، ئۇنى ئۇنتۇغان هالدا خاتىرجەم ئۇخلىماقتا ئىدى. قەيسەر بىرەر قېتىم بولسىمۇ بۇ ئۆيدە شۇلار قاتارى شېرىن، خاتىرجەم ئۇخلاپ بېقىشنى ئارزۇلاپ قالدى. قەيسەر يۈزىنى ئىشىككە يېقىپ، ئاراچىتىن هويلا ئىچىگە قارىدى. قاراڭغۇ هويلا جىمجىت ئىدى. شۇنداقتىمۇ قەيسەر شۇ قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىق قوينىدىن بەزى سىيمالارنى كۆرگەندەك بولدى. «ناۋادا... ناۋادا شۇ تاپتا ئاپام چىقىپ ‹بالام› دەپ كۈلۈپ قارىسا، داۋۇت چىقىپ قوپال ئاۋازى بىلەن ‹هە، قەيسەرمۇ سەن؟› دەپ قويسا قانداق بولۇپ كېتەرمەن؟ شۇ كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ ئۇلار مېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى هازىرغىچە كەچۈرمىگەندىمۇ؟ قاچان كەچۈرەر؟ قاچانمۇ ئۇلار مېنى ‹بالام›

دەپ چاقىرار؟ ...» قەيسەرنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەلەڭگىدى. ئۇ لېۋىنى چىڭڭىدە چىشلەپ بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇ شۇ هالدا بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ لاپاس ئاستىدىكى نەرسىلەرنى ئۇنتۇپلا قالغاندى. قەيسەر كۆزى قىيمىغان هالدا بۇ كوچىدىن ئايرىلدى.

قەيسەر بۇ كوچىدىن ئايرىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ تەلپۈنۈشى، تاتلىق خىياللىرى بۇ كوچىدا قالدى. قەيسەر كوچا ئاغزىغا كېلىپ، كوچىغا قىيالماسلىق بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن لاپاس تەرەپكە كەتتى.

ئۇ لاپاس ئاستىغا كېلىپ ياتتى. كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، خىياللىرى ئۆزىگە بويسۇنمىدى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىدى. «بۇ ئائىلە ئۇچۇن ھەقىقەتەن كەچۈرگۈسىز ئىش قىلدىممۇ؟» دەپ ئويلاپ بېشى قېتىپ كەتتى. ئارقىدىن «ھەر ئېغىر گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بالىلارمۇ يەنىلا ئۆز ئائىلىلىرىدە بىر ئوبدان ياشاپ كېتىۋاتامدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. يەنە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بۇ ئائىلە ئۇچۇن ئۆگەي بالا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يۈرىكى ئاچچىق ئېچىشتى. «ئۆگەيلىكىم مېنىڭ گۇناھىممۇ؟ ھەممە ئۆگەي بالىلار مۇشۇنداق يەكلىنەمدۇ؟ زادى ئىللىق مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەيمىزمۇ؟» قەيسەرنىڭ دىمى سىقىلىپ كەتتى. «ياق، ئۇلارمۇ بەربىر ئادەم، هامىنى مېنى چۈشىنىدۇ... مەيلى، ئۇلار مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەلمىسىمۇ، ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بىلسىلا بولدى. چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان مۇشۇ ۋاقتىمدا ئۆي ئۇچۇن چوڭ كۈچ بولماسمىدىم.» قەيسەر ئىختىيارسىزلا ئەنە شۇنداق ئۇزۇن - ئۇزۇن خىياللارغا بېرىلىپ پەقەت ئۇخلىيالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى بولسا بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىغان پېتى ئويغاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كوچىنى يوقلاش قەيسەرگە ئادەت بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىسى ئەل ئايىغى بېسىققاندا جىمىدە ئاشۇ

كوچىغا كىرىپ، تونۇش هويلا ئالدىدا ئۇزۇنغىچە جىمجىت تۇرۇپ كېتەتتى. تامنى، ئىشىكنى بارماقلىرى بىلەن ئاستا سىلاپ چىقاتتى، هاياجانغا چۆمەتتى، خىيالغا چۆكەتتى. ئاندىن يەنە جىم-جىم‌دە قايتىپ چىقاتتى. ئائىلە مېھرىگە تولۇق قانمىغان قەيسەر ئۇ هويلىغا ئۆزىنى شۇنداق باغلاپ تۇرغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىدە قوتراپ تۇرغان بىر تۇيغۇ هامان ئۇنى شۇ هويلىغا تەلپۈندۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بالىلىق قىلىپ قويغىنىغا ئۆكۈنەتتى. ناۋادا، شۇنداق بولمىغاندا، ئۇ هېچبولمىسا كۈندە ئاپىسى بىلەن بىر شىرەدە تاماق يەپ خاتىرجەم ياشىماسمىدى؟ ئاپىسىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرماسمىدى؟ ئۇنچىلىك جېدەل ـ ماجىرالار بىر ئائىلىدە بولۇپ تۇرىدىغۇ؟ «هەي، ئەسلىي ئۆيىنى تاشلاپ چىقمىسام بوپتىكەن، دوستلىرىم ئۇچۇن شۇنداق قىلىۋىدىم، ئەمدى قېنى ئۇ دوستلىرىم؟ زۆھرەمۇ تاشلاپ كەتتىغۇ؟ هەي، شۇ چاغدا قىزىق قانلىق قېپتىمەن… ئەمدى… ئەمدى بۇ ئىشلار قاچانمۇ ئەسلىگە كېلەر؟ …»

كېيىنچە ئەنۋەر ئۇنىڭ بۇ هېسسىياتىنى سېزىپ قېلىپ:

— قەيسەر، ساڭا دەپ قوياي، سەن هەرگىز خام تەمەدە بولما، ئۇنداق ئۆگەي ئاتىلاردىن هەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىشنى ئويلىماي، ئوبدان ئويلىنىپ، كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇشنىڭ غېمىنى قىلىشنى بىل. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆزىگە بىز ئالۋاستىدەك كۆرۈنىمىز. ئابرۇيلۇق ئادەم بولساڭ ياكى بېيىپ كەتسەڭ يالغاندىن چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ شۇ. ئەگەر ياخشى ئۆگەي ئاتا بولسا بۇ چاغقىچە سېنى نەچچە ئىزدەپ كېلىپ بولاتتى، — دېدى.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئاداش، — دېدى قەيسەر، — نېمىشقىكىن، شۇ ئۆيگە كەتكۈم كېلىپلا تۇرىدۇ. يەكلەنسەممۇ

ئاپام بىلەن بىللە تـۇراي، ئـائىلەم بـار دەپ يۈرەي دەيمەن…
راست، شۇ ئۆيگە كەتسەملا…

— بۇ ئىشلارنى ئاددىي ئويلىما، ئاپاڭغا كەلسەك… ھەممىلا بالا ئاپىسىنى ئەسكى دېگۈسى كەلمەيدۇ. لېكىن، ئويلاپ باق، ئاپاڭمۇ سىنىڭ دېرىكىڭنى قىلىپ باقمىسا… يا ئاپاڭمۇ تەڭلىكتە قالىدىغان بىرەر سەۋەب باردۇر. لېكىن، ئۆز ئاپاڭنىڭ ھالى شۇ تۇرسا، ئۆگەي ئاتاڭنىڭ ھالى قانداق بولماقچىدى، — دېدى ئەنۋەر.

— راست گەپنى قىلسام، مەنمۇ بۇرۇن ئۇلارغا قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدىم. مېنى قىلچىلىكمۇ كۆزدە تۇتمىغىنى ئۈچۈن ئاچچىقىمنى باسالماي ھەتتا ئۆگەي ئاتامنى… بىراق، مەن سوت مەيدانىدا ۋە تۈرمىدە ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇلار قانچىلىك ئەسكى بولسىمۇ، مەن ھەقىقىي تەشنا بولغان ئادەملەر شۇلار ئىكەن. بېشىمغا شۇنداق ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە مېنى ئويلىغان ئادەملەر، ئەمدىلىكتە مېنى كەچۈرمەي قويارمۇ؟

ئەنۋەر ئىشەنمىگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى:

— ئاداش، مەن بۇ ئىشلىرىڭغا تازا ئارىلىشىپ كېتەلمەيمەن. لېكىن ساڭىمۇ جان كېرەك، يۈز كېرەك. شۇڭا، ئاخىرقى گېپىم، ئۇنداق ئۆيىنى ئۇنتۇپ ئۆز تۇرمۇشۇڭنى بىل.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەنۋەر بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچمىدى. قەيسەرمۇ ئۇ كوچىغا بېرىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالمىدى، ھەتتا ئۇلار بىلەن يارىشىۋېلىشنىڭ بەزى ئاماللىرىنىمۇ ئويلاپ باقتى. بىر كۈنى بۇ پۇرسەت ئەپلىكلا كېلىپ قالدى.

شۇ كېچىسى قەيسەر ئۇ كوچىغا بېرىپ كېلىپ چۆچۈپ كەتتى. لاپاستىكى كارىۋاتتا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. قەيسەرنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ يېقىن بارغاندا كارىۋاتتا ئولتۇرغان ئادەم قولىدىكى تاماكىسىنى ئىككى شورىدى. «مۇنداق خاتىرجەم

تاماكا چېكىشۋاتقان كىمكىنە؟ » قەيسەر يېقىن بارغاندىلا ئۇ كىشى-نى تونۇپ خاتىرجەم بولدى. ئۇ كىشى رېھىم شەپقەت ئىدى.

رېھىم شەپقەت خەلق كىنوخانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان كىشى بولۇپ، شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن ئۆتكەن يىلى پېنسىيىگە چىققان كادىر ئىدى. ئۇ خەلق ئىشلار ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە نامرات ئائىلىلەرگە ھۆكۈمەتتىن ئاجرى-تىلغان ياردەم بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بېرىپ قالماي، ئۆز يېنى-دىنمۇ پۇل - پۇچەك چىقىرىپ يوقسۇللارنى يۆلەپ تۇرغاچقا كىشىلەر ئۇنى «شەپقەت» دەپ ئاتىشىۋالغانىدى. ئۇ كىشى تولىمۇ يۇمشاق، سىلىق سۆزلەيتتى. رېھىم شەپقەت ئۆزىدىكى بۇ مىجەز بىلەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

رېھىم شەپقەت پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ھازىرغىچە ئۆيدە ئولتۇرۇشقا كۆنەلمەي يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ پات - پاتلا «ئىچىم پۇشۇپ كەتتى» دەپ قەيسەرنىڭ يېنىغا چىقىۋالاتتى. بەزىدە بولسا، مۇشۇنداق كەچلەردىمۇ «يالغۇز چەككەن تاماكا تېتىمىدى» دەپ قەيسەرنىڭ يېنىغا چىقىپ، موخوركىسىنى ھۇ-زۇرلىنىپ چەككەچ ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ئولتۇراتتى.

— نەگە كەتتىڭىز، بالا؟ — دېدى ئۇ قەيسەرنى كۆرۈپلا.

— ھە، بار، — دېدى قەيسەر دۇدۇقلاپ.

— قايسى كۈنى چىقىپ خېلى ساقلىساممۇ كەلمىدىڭىز. بۈگۈنمۇ خېلى بولدى. ئەمدى قايتاي دەپ تۇراتتىم.

— ھە، ئىچىم پۇشۇپ ئايلىنىپ...، — قەيسەر ئۇنىڭ سۆزىدىن ھودۇقتى.

— ئۇخلاتمايدىغان بىرى بارمۇ - يا؟ — دەپ خىرىلداپ كۈلدى رېھىم شەپقەت.

— ياق، ياق، — دەپ قىزىرىپ كەتتى قەيسەر.

— بۈگۈن مېنىڭمۇ ئىچىم تازا پۇشتىغۇ، — دېدى رېھىم شەپقەت يەنە بىر تال موخوركا ئوراپ، — خىزمەت قىلىپ ئۆگە-

ىسپ قالغان ئادەمگە ئۆيدە ئولتۇرماق ئېغىر كېلىدىكەن. ئەگەر شۇ بالىلىرىم بولمىسا، زېرىكىپ نېمە بولاتتىمكىن... «بالا دې- گەننىڭ چىلىلىشىمۇ شېكەر، تىلىلىشىمۇ شېكەر» دېگەن گەپلەر راست ئىكەن، قەيسەرجان...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. بايا كوچىدا ئويغانغان ھېسلىرى قايتىدىن دەۋرىگەندەك بولدى.

— ئادەم ئۇچۇن ئائىلە بىر چوڭ يۆلەك ئىكەن جۇمۇڭ. بەزىدە... ھى... ھى... ھى... مۇشۇنداق زېرىككەننى ھېسابقا ئالمىغاندا... خۇشاللانسىڭىزمۇ، دەرد تارتسىڭىزمۇ ئالدى بىلەن ئۆيدىكىلەرگە دېگۈڭىز كېلىدىكەن. بەزىدە بالىلىرىم تۇرمۇشتى- كى خۇشاللىقلار ھەققىدە چۇۋۇرلىشىپ سۆزلىشىپ كەتسە، بالى- لارغا قاراپ ئولتۇرۇپ: «جاھانغا تارتىشىدىغان يېرىمىز شۇ سەۋەبتىن ئوخشايدۇ» دەپ قالىمەن.

بۇلارنى ئاڭلاپ قەيسەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى.

— ھە، سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز تىنچلىقتۇر؟ — سورىدى رېھىم شەپقەت.

— تىنچلىق، — دېدى قەيسەر بوش ئاۋازدا ھەسرەت بىلەن.

— ئۆينى تاشلاپ يۈرىدۇ، دەيدىغۇ سىزنى؟

گەرچە بۇ سوئال تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بولسىمۇ، رېھىم شەپقەتنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ سىلىقلىقى، سۆز ۋەزنىنىڭ يۇمشاقلى- قى تۇپەيلى قەيسەرگە قەدىردان ئاتىسى تەنبىھ بېرىپ، نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. قەيسەرنىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىپ يىغلىۋې- تىشكە قىل قالدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭدىلىپ، سىقىلىپ كەتكەن ئىچى ئۇندىگەندەك بولدى، ئۇ بولغان ئىشلارنى رېھىم شەپقەتكە قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— ھە! سىز ماۋۇ، ماۋۇ كوچىدىكى داۋۇتنىڭ... مۇنداق دەڭ... مۇنداق دەڭ... ئاۋۇ كوچىدىكى...، — رېھىم شەپقەت

ھەيرانلا قالدى. ئاندىن، — بۇ ياخشى بولماپتۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆز ئالدىلىرىدا تۇرۇۋشۇپ گەپلەشمىدى دېگەن قانداق گەپ. بۇنداق بولسا ئائىلىدىن، ئادەمدىن بەرىكەت قاچىدۇ. چوڭلار كىچىكلەرنى كەچۈرگۈلۈك، كىچىكلەر چوڭلارنىڭ گېپىنى يېگۈلۈك. توۋا، مۇشۇ چاغقىچە بىلمەي يۈرگىنىمنى، ھەي، ھەي، بۇ ئوبدان بولمىغىنى، ئۆينىڭ ئالدىدا يۈرۈپ ئۆيگە كىرمىدى دېگەن... بەرىكەت قاچىدۇ بەرىكەت! ھە، ئۇكام، سىز قانداق خىيالدا، باشباشتاقلىق قىلسىڭىز ئاچچىقىم كېلىدۇ. تۈزۈكلا بالا كۆرۈنۈۋىدىڭىز...، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى.

— مېنىڭغۇ ئۇلار بىلەن تازا يارىشىۋالغۇم بار، — دېدى قەيسەر ئىچىدىكىنى يوشۇرماي، — لېكىن، لېكىن ئۇلار مېنى تا ھازىرغىچە كەچۈرمەيۋاتىدۇ.

— سىز دېگەن بالا، — دېدى رېھىم شەپقەت، — شۇنداق دەپلا قاراپ تۇرسىڭىز بولمايدۇ - دە، بالىلىق بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىڭ، بالىلىق مېھرىڭىزنى يەتكۈزۈڭ، ئۇلار تەسىرلەنگۈچە شۇنداق قىلىڭ.

— قىلمىغىنىم قالمىدى، ئاكا، — دېدى قەيسەر چوڭقۇر ئاھ ئۇرۇپ، — شۇنچە چۈشەندۈردۈم، يېرىپلا تۇردۇم، نەچچە ھەيدەلدىم... شۇ ئۆيگە پۈتۈمنى سالالمىغىلى يىلدىن ئاشتى. ئۇلار يەنىلا... شۇڭا... ئاخشاملىرى ئۇلارنى تولا ئويلاۋېرىپ بولماي، مۇشۇنداق كېچىلەردە شۇ كوچىغا بېرىپ ھويلا ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ - تۇرۇپ قايتىپ كېلىمەن.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى رېھىم شەپقەت ھەيران بولۇپ، — ياخشى قىلىپسىز. بالا دېگەن شۇنداق بولۇشى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆينى تاشلىماسلىقى كېرەك. ھە، ئاپىڭىزچۇ؟

قەيسەر بۇ سوئالغا بىرنېمە دېيەلمىدى. ئىچىنى تىڭشاپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاپىسى ھەققىدە نېمىمۇ دېيەلىسۇن!

— ئۇزۇندىن بۇيان خىزمىتىمنى ئىشلىتىدىغان يەر تاپالماي ئىچىم پۇشۇپ يۈرەتتىم، — دېدى رېھىم شەپقەت گەپنى دەرھال بۇراپ، — بولدى، بۇ ئىشىڭىزنى مەن ھۆددىگە ئالاي، يەنە ئىككى ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ ئۆيىڭىزگە بېرىپ مۇشۇ سىلىق ئاۋازىمنى بىر قويۇپ بېرەيكى... داۋۇت دېگەن تەسىرلەنگىنىدىن «قەيسەر، نەدە سەن؟» دەپ قالسۇن.

بۇ گەپتىن ئۇلار ئىككىسى تاتلىق كۈلۈشۈپ كەتتى.

— پۇل - پۇچىكىڭىز بارمۇ؟ — سورىدى رېھىم شەپقەت.

— بار، بار، — دېدى قەيسەر ئالدىراپ، — ئۈچ يۈز ئەللىك كويدەك پۇل بار.

— ھە، ئۇنداق بولسا، ئەتىلىككە پارچىسىغا گۆش، مېۋە - چېۋە، ياخشىراق رەختتىن ئىككى كىيىملىك... بولدى. ئىشەنسىڭىز ئەكىلىڭە شۇ پۇلنى، ئۇ نەرسىلەرنى مۇنۇ يان كوچىدىكى ئىبادەتخان جايلىسۇن. مۇنداق ئىشلارغا تولا مېڭىپ پىشقان خوتۇن ئۇ.

رېھىم شەپقەت ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش ھەققىدە، بولۇپمۇ ھالال ياشاش ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا قەيسەر خېلىلا يېنىك بولۇپ قالغان، غەشلىككە پاتقان كۆڭلىمۇ ئارام تېپىپ قالغانىدى. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە ئازادە، ئوڭچە قالدۇرۇلغان كوچىدا بىر ھازا ئايلانغاندىن كېيىن، لاپاس يېنىدىكى دەرەخلىككە قويۇلغان سېمونت تاختايغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ سېمونت تاختاينىڭ يۈزى سىلىق بولۇپ، رېھىم شەپقەت بەزىدە بۇ يەردە كىملەر بىلەندۇر ئەتىدىن كەچكىچە شاھمات ئوينايتتى. بەزىدە ياش باللار بۇ تاختاي ئۈستىدە سورۇن تۈزۈشۈپ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئىچىشۋازلىق قىلىشاتتى. قەيسەر كىشىلەر ئامراق بۇ تاختايدا ئولتۇرۇپ ئەتىسى بولىدىغان خۇشاللىق ئىشنى ئويلاپ كەتتى (قەيسەر شۇ تاپتا، بۇ تاختاينىڭ

كېيىنچە ئۆزىنىڭ خارلىق كۆنلىرىدىكى بىردىنبىر ماكانى بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، ئەلۋەتتە).

ئەتىسى كەچقۇرۇن رېھىم شەيقەت ئىبادەتخان ئانا، يەنە بىر
ئادەمنى باشلاپ قەيسەرنىڭ داستىخىنىنى كۆتۈرۈپ قەيسەرنى ئۇ-
زۇندىن بۇيان تەلپۈنۈش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە قىيناپ كەل-
گەن كوچىغا قەدەم باستى. قەيسەر ئۇزۇن كېچىلەردە جىمىمىدە
تۇرۇپ كەتكەن ئېتىك هويلا ئىشىكى ئۇلار ئۇچۇن قىزغىن ئې-
چىلدى. ئۇلار هۆرمەت - تەكەللۇپلار بىلەن قەيسەرنىڭ قان -
تەرى سىڭگەن، ئەمما قەيسەرنىڭ غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان
يېڭى ئۆيگە باشلاندى.
مېهمانلارنى كۆرۈپ چىرايىغا خۇشاللىق تېپىپ چىققان دا-
ۋۇت كىچىك قىزى گۈلشەنگە سىرلىق بىر نەزەردە قارىۋەتكەندىن
كېيىن، چاي تەييارلاۋاتقان سارەمنىڭ قېشىغا چىقتى.
— بۇگۈن ئەلچى كېلىدىغانلىقىنى سەلىمە ئەجەب ئېيت-
مىدا؟ — دېدى داۋۇت خوشخۇيلىشىپ.
— شۇنى دەيمەن. هېچبولمىسا ماڭا بولسىمۇ پۇرىتىپ قوي-
سا ياخشىراق تەييارلىق…
— قازانغا گۆشنى لىقلاپ سالساق تەييارلىق دېگەن شۇ.
لايىق قانداقراق يىگىتتۇر؟ گۈلشەن قازان - قومۇشلارنى تەييار
قىلىپ تۇرسۇن. يۈر، بىز ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپ باقىلى.
داستىخانغا مەزەلەر مول تىزىلدى. ئۇلار تۇرپانىنىڭ ئىسسى-
قى، ئۆرلەۋاتقان مال باهاسى هەققىدە بىرمۇنچە ئۇششاق پاراڭ
قىلىشقاندىن كېيىن، رېھىم شەيقەت ئادەمگە سالقىن شامالدەك
تەسىر قىلىدىغان يۇمشاق ئاۋازى بىلەن ئائىلە، ئائىلە ئەزالىرى-
نىڭ ئىناقلىقى، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى بۇرچى،
ئۇنىڭ ساۋابى، گۇناهى هەققىدە بىرمۇنچە سۆزلىدى ۋە ئىسلام
شەرىئىتىدىن بىرمۇنچە تەسىرلىك مىساللارنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ

سۆزى ئولتۇرغانلارغا ئوبدان تەسىر قىلغان بولسىمۇ، داۋۇت بىلەن سارەم سەل تەئەججۇپلىنىپ يەر تېگىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. رىھىم شەپقەت ئولتۇرغانلارنىڭ كەيپىياتىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ھېسسىيات ئاساسىنى سېلىۋالغانلىقىنى دەڭسىۋالدى - دە، مەقسەتكە كۆچتى:

— قەيسەرجان بالىلىق سالاھىيىتىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويغىنىغا ئۆكۈنۈپ، پۇشايمان قىلىپ يۈرگىلى خېلى بولۇپ قالدى. ئۇ يەنىلا بۇ ئائىلىنىڭ ئىللىق مېھرىگە تەلپۈنۈپ، سېغىنىپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇ بىزگە كۆپ قېتىم «ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتىنى قولۇمدىن كېلىشىچە قىلىۋالسام، پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىۋالسام» دەپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى. ئۇمۇ ھەرقايسىڭلارغا ئوخشاش ھالال ياشايدىغان، ئادەمگەرچىلىككە توشقان دۇرۇس يىگىت بوپتۇ...

بۇ چاغدا داۋۇتنىڭ چىرايى تاتىرىپ، بايىقى ھالىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، سارەم بولسا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى. داۋۇت بىر - ئىككى قۇرۇق يۆتىلىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقتى. ئاشخانا ئۆيدە گۈلشەن گۆشنى پارچىلاشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى.

— بولدى قوي. تۇرۇپ تۇرسۇن! — داۋۇت شۇنداق دەپ ئىشىكنى جالاقشىتىپ ئېچىپ چىقىپ كەتتى. نېمە ئىشلىقىنى بىلمىگەن گۈلشەن تۇرۇپلا قالدى.

مېھمانخانا ئۆيگە قايتىپ كىرگەن داۋۇت بىزارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى «ھە، نېمە ئىش؟» دېگەندەك ئۇلارغا تىكتى.

— ھەرقايسىڭلىرى ئاتا - ئانىلىق مەرھەمىتىڭىزلەرنى ئايىماي، قەيسەرجاننى ئىللىق ئائىلە قوينىغا...

— كىم ئۇ قەيسەر دېگەن؟

داۋۇتنىڭ ناھايىتى قوپال ئېيتىلغان بۇ سۆزى ئولتۇرغانلارنى چۆچۈتىۋەتتى.

— سىزلەرنىڭ پەرزەنتىڭىزلەر...

— بىز تونۇمايدىكەنمىز، — دېدى داۋۇت باشقا ياققا قاراپ.

— قەيسەرجان ھەقىقەتەن ھەرقايسىلىرىغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدى ئىبادەتخان ئانا سۆز ئېلىپ، — تۇرمۇشنى چۈشەنمەسلىك بالىلىقنىڭ ئىشى. بۇنى ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئوبدان چۈشىنىمىز. مانا ئەمدى، قەيسەرجانمۇ چوڭ بولۇپ، بۇ ئىشلارنى چۈشىنىپ پۇشايمان قىلىپ، بىزنى ئالدىلىرىغا بۇ سوۋغىلىرى بىلەن كىرگۈزدى. قەيسەرجان ئۈچۈن بىز ناماقۇل.

ئەمما، ئىبادەتخان ئانىنىڭ داستىخاننى سۇنغان قولى بوشلۇقتا تۇرۇپ قالدى.

— ئالتۇن بولسىمۇ يىغىشتۇرۇۋالسىلا، بىزگە ناتونۇش ئادەمنىڭ سوۋغىسىنىڭ كېرىكى يوق.

— ئەمدى ھەرقانچە بولسىمۇ ھەرقايسىلىرى ئاتا - ئانا، — دېدى رېھىم شەپقەت سارەمگە قاراپ، — ئاتا - ئانا پەرزەنتىنىڭ ھەرقانچە گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرمىكى لازىمدۇر. ئۇلارنى ياخشى تۇرمۇش يولىغا باشلاش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

بىراق، سارەم بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ھەرقايسىلىرى خاتا كىرىشىپ قاپلا. بۇ ئۆيدە قەيسەر دەپ بىرى ياشىغان ئەمەس. ئۇنداق بىرىنىمۇ تونۇمايمىز، — داۋۇت شۇنداق دەپ «گەپ تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ئىبادەتخان ئانا «توۋا» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە ماڭدى. بۇ ئىشلارغا ئەقلى يەتمەي بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالغان رېھىم شەپقەتمۇ «ھەي، بۇ... ئەستا...» دېگىنىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىققۇچە كەينىگە نەچچە قارىغان بولسىمۇ، داۋۇت «خوش»مۇ دەپ قويمىدى.

— بۇ خەق يوق ئىشقا ئارىلىشىۋالغىچە، ئۆيىدىكى بالىلىرى-
نى باشقۇرسا بولمامدۇ؟ بىز گە ئاراملىق بولمايدىغان ئوخشايدۇ،
بۇ شەھەردە! قېنى-ى بۇ بىر نېمىلەر، يەنە شۇنداق دەپ
كېلىپ باقسۇنچۇ؟

داۋۇت يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، سارەمگە قاراپ
قويۇپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى - دە، هويلىغا چىقىپ كەتتى.
ئىبادەتخان ئانىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سارەم دەسلەپ خېلى
ئۈمىدلىنىپ قالغانىدى. بىراق، داۋۇتنىڭ يەنە شۇ قاتتىق پوزىتى-
سىيىسى... ئەگەر نەچچە كۈن بۇرۇنقى ئەھۋال سېزىلمىگەن
بولسا... سارەم مۇشۇ بىر قانچە كۈندىن بۇيان ئۆزىنىڭ
قەيسەرگە — ئۆز يۈرەك پارىسىغا قارىتا خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى
بارغانچە هېس قىلىۋاتقانىدى. «مەن مۇشۇنداق بىر ئائىلىنى،
مۇشۇنداق مىجەزىنىڭ تايىنى يوق ئەرنى دەپ ئائىلە مېھرىگە
قانمىغان بالامنى تاشلىۋەتتىممۇ؟ مەن ئۆزۈمنىلا ئويلىسام بولام-
دۇ؟ ياق، ياق! بۇ بولماپتۇ. مەن پۈرستىنى تېپىپ داۋۇتقا
ئېيتاي، باشقىچىمۇ ئامال قوللىناي... بالام سىرتتا سەرسان -
سەرگەردان بولۇپ يۈرسە مەن بۇ ئۆيدە قانداقمۇ خاتىرجەم ياشىيا-
لايمەن. توغرا، مەن داۋۇتقا ئېيتاي، ناۋادا يەنە مۇشۇنداق كېتى-
ۋېرىدىغان ئىش بولسا، بولدى...» ئەگەر نەچچە كۈن بۇرۇن
ئىبادەتخان ئانىلار كىرىپ داۋۇت يەنە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان
بولسا ئىشلار باشقىچە بولۇرمىتىكىن؟ شۇڭا، سارەم بۇ كىشىلەر-
دىن خۇش بولغان، ئالامچە سۆيۈنگەنىدى. ئەگەر بۇ كىشىلەرنىڭ
كېلىشى نەچچە كۈن بۇرۇن بولغان بولسا سارەم ھەقىقەتەن پۈتۈن
كۈچى بىلەن تىرىشقىدەك قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. بىراق...
بۇ ئائىلىنى دەپ قەيسەردىن ئايرىلىپ ياشىسا بولمايدىغانلىقىنى
تونۇپ يېتىۋاتقان سارەم ئۆزىدىكى غەيرىيلىكنى بىردىنلا سېزىپ
يېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇنىڭ بويىدا قالغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ داۋۇتنىڭ

گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. لېكىن، سارەم تېخىمۇ تەڭلىكتە قالدى. قىلغان پىلانلىرى، كەلگەن قەتئىي نىيەتلىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. «ھەي، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ خۇدايىم مېنىڭ يەنە كۆرىدىغان قانداق كۈنۈم باردۇر؟» سارەم ناھايىتى كۆپ ئويلاندى. ئىككى پەرزەنتى ئەمدى ئۇنىڭ ئاجىزغىنە يۈرىكىنى ئىككى تەرەپتىن تارتىشقا باشلىدى. ئەگەر قەتئىي نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرسا ئىككىلا پەرزەنتى يېتىم بولىدۇ. بىرى، ئاتىسى يوق يېتىم، يەنە بىرى، ئاتىسى بار يېتىم. قانداق «قىلاي؟» سارەم يۈرىكى ئاغرىغان ھالدا نەچچە كۈن ئويلاندى. ئويلىنا - ئويلىنا ئاخىرى شۇنداق قارارغا كەلدى: ئىككىلا بالىنى يېتىم قىلماي. ناۋادا داۋۇتتىن ئاجرىشىپ كەتسەم بوۋاق بىلەن نەدە يۈرىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بالامۇ يېتىمچىلىكتە تاسقىلىپ چوڭ بولىدۇ. يېتىمچىلىكتىكى بىر بالىنىڭ دەردىمۇ ئاز بولۇۋاتامدۇ؟ قەيسەر بولسا يېشى ئەرگە يېتىپ قالدى، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىدا خېلى پىشتى، بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىپ جېنىنى جان ئېتىپ كېتەلەيدۇ. ئۇمۇ كېيىن ئەھۋالىمنى چۈشىنىپ قالار... «مېنى كەچۈر، بالام...»

ئاشۇنداق تەڭقىسلىقلار بولغاچقا، سارەم بۈگۈن ئىبادەتخان ئانىلارنى كۆرۈپ خۇشال بولغان بولسا، داۋۇتنىڭ قىلىقىغا ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيەلمەي جىم تۇرۇپ قالغانىدى.

كوچىغا چىقىپلا ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتالماي قىلىشتى.

— قەيسەر بۇ بىرنېمىلەرنى ئاتام - ئانام دېگەندىن...، — ئىبادەتخان ئانا گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— مۇشۇنداقمۇ پوق يۈز ئادەملەر بولىدىكەن - ھە! — دېدى رېھىم شەپقەت قەھرى بىلەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى بېسىشالماي «توۋا، توۋا...»، «خەپ، خەپ...، خەپ...»، «ئىسىت...» دېيىشىپ ئۇ كوچىدىن ئايرىلىشتى.

نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆيىگە ئەكىرىۋەتكەن رېھىم شەپقەت روھى چۈشكەن هالدا، تولىمۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن قەيسەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۈمىد ۋە خۇشاللىق ئىلكىدە تاقەتسىزلىنىپ ياتقان قەيسەر رېھىم شەپقەتنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى.

— ئوغلۇم، بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنىمۇ ياخشى ئىكەن، — دېدى رېھىم شەپقەت ئەللىك كوي پۇلنى قەيسەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، — مۇنچىلىك پۇشايمان قىلىپ پۇچىلىنىپ كەتمە… بۇ سېنىڭ ئائىلىگە تايىنىدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس… جاپاغا چىدامىلىق بولۇپ، پىشىپ چوڭ بوپسەن. مۇشۇ بويىچە تۇرمۇشۇڭنى قولۇڭغا ئالساڭ، تۇرمۇشۇڭ گۈلدەك ئۆتىدۇ. هايات دېگەن ئەنە شۇ. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى مۇستەقىل ياشىيالايدىغان بولۇش.

رېھىم شەپقەتنىڭ تولىمۇ ئايانچلىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلىرى قەيسەرگە ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنىڭ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنىڭ قانداق جاۋابقا ئېرىشكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

رېھىم شەپقەت قەيسەرگە ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىك هەققىدە بىرمۇنچە نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى.

قەيسەر قاراڭغۇ كېچىدە ئۆزىنى بەكمۇ يېگانە هېس قىلدى. دېمەك، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تېخى كەچۈرمەپتۇ. قەيسەر ئۇ كوچىغا ئارمان بىلەن قاراپ ياتتى. «ئاشۇ كوچىغا قاچانمۇ خۇشال كۈلۈپ كىرەرمەن؟… يا، ئۇلار مېنىڭ مەڭگۈ…» قەيسەرنىڭ ۋۇجۇدى ئاچچىق تىترەپ كەتتى. ئۇ كوچىنىڭ قاپقاراڭغۇ ئاغزى قەيسەرنىڭ كۆز ئالدىدا سوغۇق پېتى قېتىپ تۇراتتى.

## ئون تۆتىنچى باب

# زېدىلەنگەن قەلب

ئەتىسى قەيسەر بېشى زىڭىلداپ ئاغرىغان هالدا ئورنىدىن تۇردى. ئەتراپ سوغۇق ئىدى. ئۇ سەل مۇزلىغاندەك ئەتراپقا قارىدى. ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يوللار هۆلچىلىك، دەرەخلىك ئا- رىلىرى پاتقاقچىلىق ئىدى. نەم هاۋا دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. «قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ - دە، — دەپ ئويلىدى قەيسەر ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، — ئاخشام مەست بولۇپ قېلىپ سىمونت تاختايدا يېتىپ قالغاندەك قىلىمەن. قانداقسىغا... مەستلىكتە قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن - دە....»

قەيسەر «ئاخشام»نى خىيال قىلىش بىلەن يۈرىكى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئاخشام قانچىلىك پۈچىلانمىدى - هە؟ داۋۇت- نىڭ سۆزى، كۆزى، هەرىكىتى قەيسەرنىڭ تەلپۈنۈشلۈك سوقۇ- ۋاتقان يۈرىكىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى. كىچىككىنە يۈرەكنىڭ يامانلىقتىن، ئازاردىن بىر جىغىلدىشى ئادەمنىڭ ئىچىنى قۇ- رۇق، كۆز ئالدىنى قاپقاراڭغۇ قىلىپ، تومۇرلىرىنى تىكەنگە تولدۇرۇۋېتىدىكەن. قەيسەر ئاخشام هەقىقەتەن قاتتىق ئازابلان- دى. هازىر ئاخشامقى ئىشلار ئېسىگە كېلىۋىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز تىترەپ، ئىچى ئېلىشىپ كەتتى.

قەيسەر ئېغىر ئۇھ تارتىپ، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئويلىماسلىققا هەرقانچە تىرىشسىمۇ، ئاخشامقى كۆرۈنۈش ئۇ- نىڭ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان مېڭىسىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ تۇر-

دى. «ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ قانچىلا قىلسام بولغۇلۇقۇم شۇن-
چىلىكلا ئىكەن... مەن ئۇلار بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز ئادەم
ئىكەنمەن. ئارتۇقچە، ئۇلارغا كېرىكى يوق. لېكىن...» قەيسەر
گاڭگىراپ قالدى. داۋۇتلارغا قارىتا ئەمدى قانداق مۇئامىلە بو-
لۇشنى بىلەلمەيلا قالدى. «ئاپامچۇ؟ — قەيسەر بىردىنلا ئاپىسى-
نى ئېسىگە ئالدى، — ئۇ مېنى راستىنلا تاشلىۋەتكەندىمۇ؟ مەن
بىلەن ئەمدى راستىنلا كارى يوقمىدۇر؟ بىر ئانىنىڭ بۇنىڭغا
باغرى قانداقمۇ چىدىسۇن، يۈرىكى قانداقمۇ يول قويسۇن؟ بى-
راق، ئاپام نېمىشقا هازىرغىچە ئىزدىمەيدۇ؟ ‹بالام› دەپ هالىمى-
نى سورىمايدۇ؟ مەن بىلەن بىر چىنە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ،
كۆزلىرىمگە مېهرى بىلەن تىكىلىپ دەردىمنى ئاڭلاپ
باقمايدۇ؟...» قەيسەرنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى. دېمىسىمۇ، قانچە
يىللار بولدى ـ هە، سارەم هەقىقەتەن ئوغلىنى تاشلىۋەتتى. ئۆز
تۇرمۇشى ئۈچۈن قەيسەرنى قۇربان قىلدى. ئەينى يىللىرى سارەم
«قەيسەر چوڭ بولۇپ، نېمىنى تېپىپ يېيەلەيدىغان بولغۇچە چى-
دايلى» دېگەن سۆزىدىنلا قەيسەرنىڭ بۈگۈنكى بەختسىزلىكى پۈ-
راپ تۇرغانىدى. بەلكىم، سارەممۇ ئازابلىنىدىغاندۇر؟ ئامالسىز-
لىق هېس قىلىدىغاندۇر؟ قەيسەرنىڭ ئۇ ئۆيدە ئۆگەيلىنىپ تۇر-
غىنىدىن كۆرە هەقىقىي ئادەمدەك، خورلۇقتىن خالىي مۇشۇنداق
ياشىشىنى لايىق كۆرگەندۇر؟ بۇ كەڭرى جاهاندا قەيسەرنىڭ تى-
رىكچىلىك قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەندۇر؟... ياكى بول-
مىسا ئانىلىق مېهرىنى دات بېسىپ، باغرى تاشلىق بىلەن قەي-
سەردىن قۇتۇلۇشنى ئىستىگەندۇر؟

بىراق، قەيسەر ئاپىسىنى «مەن ئۈچۈن ئۇ ئائىلىدە قىيىن-
لىپ يۈرۈۋاتىدۇ» دەپلا ئويلايتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداقراق خىيال
بىلەن سوئاللار قايىنىمىدا تېڭىرقاپ قالدى. قەيسەر ئۇيان
ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى يەنە ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ
قالدى: «يا مەن خاتا قىلدىممۇ؟ نېمىنى؟... ئۇلار بىلەن

خۇشال - خۇرام بىر ئائىلىدە ياشىغۇم كەلدى. ئىزدىدىم، باردىم، ئۇلارنىڭ ئېرىشىنى كۈتتۇم، شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا يەنە ئالدىغا باردىم...» قەيسەر بۇ خىيالىدىن ئەندىككەندەك بولدى. ئاندىن بىر خىل ئۆكۈنۈش يىراقتىن ئۇنىڭ خىيالىغا ئاستا - ئاستا باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. «يا ئۇنىڭ ئالدىغا شۇنچە ئادەملەرنىڭ كۆزىچە بارغىنىم خاتا بولدىمۇ؟ راست، شۇ ئىشنى خاتا قىلىپتىمەن، ئارىغا رېھىم شەپقەتتەك ئادەملەرنى سېلىپ ئۇلارنى ئېرىتەلمىگەن يەردە... شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئالدىدا بارسام ئۇ ئەلۋەتتە باشقىچە ئويلاپ قالىدۇ - دە... ھەي، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىسامۇ بوپتىكەن. ئەنۋەرنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسامۇ نېمە بولغاي... ئۆزۈمنى تۇتالماپتىمەن. ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى قىستىدۇرمىسام بوپتىكەن...»

قەيسەر ئۆكۈنۈش ئىچىدە خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن يېقىنلا يەردىكى ئاشخانىغا ناشتا قىلىشقا باردى. ئەمما، بايىقى خىياللار سەۋەبلىك تولىمۇ ئىشتىھاسىزلىق بىلەن ناشتا قىلدى. يۇمشاق نان، ئوبدان دەملەنگەن سۈتلۈك چاي ئۇنى بۇرۇنقىدەك ھوزۇرلاندۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن قەيسەر كەيپى ئوسال ھالدا ئاشخانىدىن چىقتى. شۇ تاپتا تۇرمۇش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن مەززىسىز بىلىندى. دېمىسىمۇ، ئەمدىلىكتە قەيسەرگە لاپاسنى ساقلاپ، پۇل تېپىش، قورساق توقلاش، ئۇخلاشتىن باشقا نېمە ئىش بار؟ پەقەت سەممىمىي ھېسسىيات بىلەن قىلىنىدىغان تەلپۈنۈشمۇ ئاخشام دەپسەندە قىلىندى. ئۇ ئەمدى نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ كىم ئۈچۈن ياشايدۇ؟ ھاياتنىڭ مەنىسى بەلكىم مۇشۇنداق سوئاللارغا كۆمۈكلۈك بولسا كېرەك.

قەيسەر ئاشۇنداق خىياللارغا غەرق بولۇپ بىر ئاز مېڭىۋىدى، ئالدى تەرەپتىن ئەنۋەر ئالدىراپ كېلىپ قالدى.

— ئاخشام يامغۇردا قانداقراق ئۇخلىدىڭ؟ — سورىدى ئەنۋەر ئېھتىيات بىلەن ئېغىز ئېچىپ.

— تازا خۇشياقتى، — دېدى قەيسەر ئۆزىنى چاقچاققا مەجبۇرلاپ.

— خۇشياققان بولسا، يوق، خۇشياقىدىغان گەپ بار، — ئەنۋەر ئۇنى يول بويىدىكى رېشاتكا يېنىغا باشلىدى، — ئاخشام دەي دېسەم... شۇڭا بۈگۈن ئەتىگەندىلا سىنى ئىزدەپ كېلىشىم.

قەيسەرنىڭ سولغۇن چىرايىدا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلدى.

— قەيسەر، مەن... توي قىلىدىغان بولدۇم...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەر بىر ئاز جانلاندى.

— توي؟ قاچان قىلىسەن؟ — قەيسەر ئالدىراپ سورىدى.

— بۈگۈن توي خېتى ئېلىۋالسام، كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى، — دېدى ئەنۋەر مەلۇم ئىشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى قەيسەر خۇشال ھالدا، قەيسەر ئەمدى خېلى تېتىكلىشىپ قالغانىدى.

— بىر ئاز جاپا تارتىپ قالىدىغان بولدۇڭ، — دېدى ئەنۋەر بوش ئاۋازدا.

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ، ئاغىنىلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشى ئۈچۈن... بولۇپمۇ سەن ئۈچۈن ھەرقانچە جاپا تارتسام ئەرزىيدۇ.

ئەمما، ئەنۋەر نېمىشقىدۇر جىم بولۇپ قالدى. قەيسەر بۇنى سەل باشقىچە ھېس قىلىپ ئەنۋەرگە تىكىلىپ قارىدى.

— بىراق، — دېدى ئەنۋەر تەستە ئېغىز ئېچىپ، — مەن توي قىلسام سەن... سەن... ئەستا... ئاداش، سېنى سىرتتا قويىدىغان بولدۇم. ساڭا بىر ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالغانىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەيسەر دەماللىققا چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن گەپنىڭ تېگىنى چۈشەندى.

— ھە... شۇ گەپمىدى، — دېدى قەيسەر كۈلۈپ، — مېنىڭدە چاتاق يوق، ئۆزۈمنىڭ مېھمانخانىسىغىمۇ كۆنۈپ قالدىم. سەن ئەمدى بۇ خىياللارنى قىلماي، تويۇڭنى قانداق قىلىشنىڭ غېمىنى قىل.

— لېكىن، قىشتا تەس بولىدۇ، قەيسەر.
— بەربىر لاپاسقا قارىمىسام بولمايدۇ ـ دە.
— كېچىسىغۇ مەيلى. كۈندۈزى قانداق قىلىسەن؟
— بۇ گېپىڭغۇ ئورۇنلۇق، — دېدى قەيسەر ئويلىنىپ قېلىپ، — ئۆي ئىجارە ئالاي دېسەم، بەربىر ئاخشىمى ئىشلەتمەيمەن... ھە، بولدى بۇ غەملەرنى قويۇپ تۇرايلى. ۋاقتى كەلگەندە كۈندۈزى بىرەر ئىش تېپىپ قىلىپ كۈننى كەچ قىلارمەن. شۇنداق قىلسام تۇرمۇشۇمغىمۇ ياخشى. ھە، تويۇڭنى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

ئەنۋەر ھېلىغىچە تەڭلىكتە تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئېغىز ئاچمىقى تەس كەلدى.
— ئۇنداق بولسا... چۈشتىن كېيىن ئۆيگە بارساڭ بەزى ئىشلارنى ئالدىن مەسلىھەت قىلىشىۋالايلى.
— بولىدۇ، مېنىڭدىن خاتىرجەم بول.
— مېنى توغرا چۈشەنگەن بولساڭلا بولدى، — دېدى ئەنۋەر خوشلىشىۋېتىپ. ئەمما، يەنە كەينىگە بۇرۇلدى، — ئاداش، بەزى ئىشلارنى بەك كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە، سېنىڭ قانداق ھالدا يۈرۈشۈڭ بىلەن ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلچە كارى يوق. شۇڭا ئورۇنسىز ئازابلىنىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى. شۇڭا، ئۆزۈڭنى ئايا، خۇشال تۇت.

ئەنۋەر خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. شۇندىلا قەيسەر ئۆزىنى ھەقىقەتەن يېتىم ھېس قىلدى. تۇرمۇشتا ئەمدى تۈزۈكرەك چىقىش يولى يوقتەك تۇيۇلدى. ئەمدى ئەنۋەردىن ئاغرىنىشىنىڭ ئورنى يوق. ئۇنىڭغىمۇ ئۆز تۇرمۇشى كېرەك. بۇ دۇنياغا سالامەت كۆز ئاچقانلىكى ئىنساننىڭ جاھاندارچىلىقتا ئۆزىگە مۇناسىپ رىزقى بار. ئۇنداقتا، قەيسەرنىڭ رىزقى زادى قەيەردە؟ يا كۆرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەر شۇمۇ؟ ئۇنداقتا، ئۇنىڭ قايسى گۇناھى ئۈچۈن رىزقى شۇنچە ئاز؟

قەيسەر لاپاسقا بېرىپ كارىۋىتىدا ئولتۇردى. ئەنۋەر تويىنىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدى. قەيسەر خۇددى زور بىر يۈلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك غەمگە پاتتى: «زادى ماڭا نورمال تۇرمۇش كەچۈرگۈدەك يول يوقمۇ؟ بىر ئۆمۈر بۇ يەردە كۆزەتچىلىك قىلىپ ئۆتكىلى بولامدۇ؟ بىرنېمىلەرنى قىلىپ جاننىغۇ باقارمەن، لېكىن تاشلاندۇق ئادەم پېتى ئۆتۈۋېرىمەنمۇ؟ بۇ دۇنيادىن... بۇ دۇنيادىن مۇشۇ پېتىلا كېتىپ قالارمەنمۇ؟...» ئويلىغانسېرى قەيسەرنى يىغا قىستىدى. دېمىسىمۇ هاياتنىڭ ئېغىر سىناقلىرى، مۇشكۇلاتلىرى هەر قەدەمدە ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق تەمىنىلا تېتىتىپ تۇرۇۋاتاتتى.

قەيسەر ئاخىرى ئېغىر تىنىپ ئورنىدىن تۇردى: «ياق، تۇرمۇشمۇ بۇنداق بولۇۋەرمەس؟ ئادەملەرمۇ مۇشۇ پېتى ياشاۋەرمەس؟ ناۋادا شۇنداق بولسا، باشقا كەلگەننى كۆرەي. ئۇ خىياللارنى قانچە سۈرگىنىم بىلەن ماڭا يەنە نېمە ئامال... بولدى، باشقا خىيالنى قويۇپ ئەنۋەرنىڭ تويىنىڭ غېمىنى قىلايلى...»

توي؟ بۇ گەپ بىلەن قەيسەر ئىختىيارسىز زۆھرەنى ئويلاپ قالدى. «زۆھرە، زۆھرە هازىر نەدىدۇر؟ ئەگەر ئىشلار ئۆز يولىدا ماڭغان بولسا ئۇمۇ زۆھرە بىلەن لايىقىدا توينى قىلىۋالغان بولار ئىدى. بىراق، هەي... ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە قانداقراق تۇرغاندۇر؟ بىرەر قېتىممۇ ئۇچراشمىدى. يا... يا... ئۇمۇ توي... ياق، ياق. لېكىن... لېكىن توي قىلمىغان بولسا مەن توي قىلالايتتىممۇ؟ يا توي دېگەن بىزدەك ئادەملەرگە يوقنىڭ ئورنىدىكى ئىشمىكىن؟ بولدىلا... قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئازابلىنىش، ئەسلەشلا ئىكەن...» بىراق، قەيسەر زۆھرەنىڭ هېلىقى يىگىت بىلەن ئاللىقاچان توي قىلىپ، ئېرىگە ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى زىنهار بىلمەيتتى.

خىيالىنى بىر باشقا ئاچىقىپ كېتەلمىگەن قەيسەر ئاخىرى ئاچچىق كۈلدى: «بولدىلا، زۆھرەگە ئۆيلىنىش ماڭا نېسىپ بولاتتىمۇ؟»

شۇنىڭدىن كېيىن قەيسەر ئۇ خىياللىرىنى تاشلاپ ئەنۋەرنىڭ تويي تەييارلىقىغا ياردەملىشىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئەنۋەرنىڭ تويي ئىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كەچتىكى سودىسى بىر مەزگىل توختاپ قالدى. ئىككىسى ئۆيلەرنى تۈزەشتۈرۈش، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئىشلىرى بىلەن ئەتىدىن كەچكىچە پالاقلاپ يۈرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپمۇ ئۇلار ئۆگۈنلۈككە تويي دېگەن كۈنى تەييارلىق ئىشلىرىنى ئاران تۈگەتتى. ئەمدى پەردە ئاسقۇچ (گەرنىز) نى ئەكېلىپ بېكىتىپ قويسىلا بولاتتى.

— مەن مۇنچىغا چۈشكەچ، ياغاچچى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتەي، — دېدى قەيسەر سىرتقا مېڭىپ.

— ئاداش، — دېدى ئەنۋەر ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — ئەمدى تويي بولۇپ قالدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت ئۆزگىرىپ قالمايدۇ ھەم ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. كەچلىكى كاۋاپچىلىقنى قىلىۋېرىمىز. ئەڭ مۇھىمى، ساڭا ئوچۇقلا دەي: كۆندىلىك تامىقىڭنى بۇرۇنقىدەك مۇشۇ ئۆيدە يەيسەن.

قەيسەر بېشىنى لىڭشىتتى ۋە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەنۋەردىن مىننەتدار بولدى ھەم قاتتىق تەسىرلەندى: «مۇشۇنداق ئاغىنىلەر بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتكىلى بولغان بولسا قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى - ھە!»

ياغاچچىنىڭ ھويلىسى ھېلىقى كوچىدا ئىدى. قەيسەر بۇنى ئويلاپ سەل ھاياجانلاندى. ئۆزىدە ئاستا - ئاستا پەيدا بولۇۋاتقان جىددىيلىكنى ھېس قىلدى. قەيسەرنى ئىنچىكە تەلپۈندۈرگەن ۋە ھازىرغىچە ئازابلاپ كېلىۋاتقان بۇ كوچا قەيسەرنىڭ سېزىملىرىگە ھەر ۋاقىت تەسىر كۆرسىتىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، بۇ كوچىدا… قەيسەر بۇ كوچىغا ھاياجان بىلەن قەدەم باستى. ئەگەر قەيسەر بۇ قېتىمەتكە دۇچار بولمىغان بولسا، بۇ كوچىغا كىرىپ - چىقىشلار ناھايىتىمۇ ئادەتتىكىچە بىر ئىش بولۇپ قالار ئىدى. قارىغاندا ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەر ئەڭ قىم-

مەتلىك ئوخشايدۇ. قەيسەر بۇ كوچىغا كىرىپ، كوچىنىڭ ئىچ-
كىرىسىدە توپلىشۋالغان ئادەملەرنى كۆردى ۋە ۋارقىراشقان ئا-
ۋازلارنى ئاڭلىدى. قەيسەر «نېمە ئىش بولدىكىنە؟» دېگەن ئوي
بىلەن ئۇلارغا يېقىنلاشتى. قەيسەر يېقىن بېرىپ بىر تونۇش
چىراينى كۆرۈپ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. بۇ يەردە ئىككى
كىشى جېدەللىشىپ قالغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى ئاجرىتىش
ئۇچۇن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. جېدەللىشىۋاتقانلارنىڭ بىرى، قەيسەر
قورۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەۋاتقاندا يېقىن ئۆتكەن ئاغىنىسى ئىدى.
يەنە بىرى بولسا داۋۇت! ئۇنىڭ بۇرنىدىكى قان، يىرتىلغان
چاپىنىدىن قارىغاندا تاياق يېگەنلىكى ئېنىقلا ئىدى. بۇنى كۆرگەن
قەيسەر بىر پەس قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بەك
جىددىيلىشىپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. قەلبىنىڭ ئەڭ
يارقىن يېرىدە ساقلىنىپ تۇرغان تەلپۈنۈش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى
سېھىرلەپ، پۈت - قولىنى غۇژژىدە تىترىتىۋەتتى. ئەقلى ۋە
كۆڭلى شۇ دەقىقىدە ھېلىقى ھويلىغا ئىختىيارسىز باغلىنىپ
قالغان قەيسەر ئەسەبىي تىترەك ئىچىدە ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقى-
نى بىلمەي قالدى. مېڭىسىدىكى بىر غۇژژۇلداش بىلەن خۇدىنى
يوقاتقان قەيسەر يۈگۈرۈپ بېرىپلا ھېلىقى ئاغىنىسىنىڭ قولىغا
ئېسىلدى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر نېمە ئىشلىقىنى بىلمەي گاڭ-
گىراپ قېلىشتى. داۋۇت بىلەن دوستى بولسا چۆچۈپ تۇرۇپ
قېلىشتى. قەيسەر بولسا ھاسىراپ كەتكەنىدى.

— نېمىشقا ئاتامنى ئۇرىسەن؟ — دېدى قەيسەر دوستىغا
غەزەپ بىلەن تىكىلىپ. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ھېلىلا مۇشت ئاتىدى-
غاندەك ئىدى.

— ياقامنى قويۇۋەت، قەيسەر، ئىككىمىز ئاغىنە، ئارىدىكى
ئىشنى سەن چۈشەنمەيسەن، — دېدى دوستى ئاچچىقلىنىپ.

— ئاغىنە بولساق، ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئا-
تامنى ئۇرمىساڭ بولمامدۇ! — دېدى قەيسەر ۋارقىراپ. شۇندىلا

قەيسەرنى تونۇشقا باشلىغان كىشىلەر جېدەلنى قويۇپ كۆسۈرلە-شىشقا، بايا ئىچ ئاغرىتقان داۋۇتقا ئەيىبلەش نەزەرلىرى بىلەن قاراشقا باشلىدى.

— نېمە؟ ھەي···، — دەپ بېشىنى چايقىدى ئاغىنىسى، — شۇ بىرنېمىنى ئاتام دەپ يۈرەمسەن؟ ئىسىت جۇمۇ، قەيسەر، نومۇس! مۇشۇ نىجىسنىڭ ساڭا قىلغانلىرى··· قىساسىڭنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇرىمەن. بولسا، سەنمۇ ئۇر! — ئاغىنىسى شۇنداق دەپ داۋۇتنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى. قەيسەر چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ھېي، نېمە دەۋاتىسەن، ئۇ مېنىڭ ئاتام جۇمۇ! — دەپ ئاغىنىسىنىڭ مەيدىسىگە بىر مۇشت ئاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ مۇشتىنىڭ كۈچى بولماي قالدى.

— سەن! — ھېلىقى يىگىت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى، — شۇ ئىپلاسنى ئاتام دەۋاتقان ئاغزىڭ شۇمۇ؟ — يىگىت شۇنداق دەپ قەيسەرنىڭ ئاغزىغا گاچچىدە بىر مۇشت ئاتتى. مۇشت زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن قەيسەر كەينىگە بىرنەچچە قەدەم سەنتۈرۈلۈپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. بىر قولى بىلەن يەرنى تايىنىپ، ئاغزىنى تۇتۇۋالغان يەنە بىر قولىغا قارىۋىدى، قان! ئۇنىڭ ئاغزى، قولى قانغا بويالغانىدى. قەيسەر ئاغزىدىكى قاننى يەرگە تۈكۈرۈۋىدى، قان بىلەن بىللە بىر تال چىشىمۇ يەرگە چۈشتى.

جېدەلنىڭ ئەمدى بارغانچە چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ قېلىشقان كىشىلەر ئۇلارنى تۇتۇۋالماقچى بولۇشۇۋىدى، ھېلىقى يىگىت قەيسەرگە قاراپ «ئىسىت» دەپ بېشىنى چايقىغىنىچە كەندىن كېيىن كېتىپ قالدى. شۇ چاغدا بۇ يەرگە سەلىمە بىلەن گۈلشەن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئالدىراپ يېتىپ كېلىشتى.

گۈلشەن كېلىپلا چالۋاقىماقچى بولدىيۇ، يەردە ئولتۇرغان، ئاغزى قان قەيسەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئاتىسىنىڭ بۇر-

نىدىكى قاننى سۈرتۈۋاتقان سەلىمە قەيسەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدى-
غا دېۋەيلەپ كەلدى:
— سەن... سەن... ئاتامنى ئۆردۈڭمۇ تېخى! ھۇ لالما!
بۇ ھاقارەتنى ئاڭلاپ قەيسەر لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
گۈلشەن بولسا نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلمەي تېپىرلاپ
كەتتى. بىر چاغدا ئۇ قەيسەرگە زەردە بىلەن ئالىيىپ، بىر نەرسە
دېمەكچى بولۇۋىدى، داۋۇتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— بولدى! ئۆيگە قايتىڭلار!
داۋۇت سەلىمەنى تارتىپ ئەكەتتى. گۈلشەن بولسا كىشىلەر-
نىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئۆيىگە مېڭىشقا
مەجبۇر بولدى. كىشىلەرمۇ كۈسۈرلاشقانچە تارقىلىپ كېتىشتى.
قەيسەر ئاغزى - بۇرنى قان ھالدا ئۆزى تەلپۈنگەن كوچىدا
رەسۋا ھالەتتە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ خىلىغىچە كوچىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن مەكتەپتىن
قايتقان كىچىك باللار «ساراڭ ئىكەن، ساراڭ ئىكەن» دېيىش-
كەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كوچا بويىدىكى لىمغا بېرىپ ئولتۇردى
ۋە يانچۇقىدىكى پارچە - پۇرات قەغەزلەرنى ئېلىپ ئاغزىدىكى
قاننى سۈرتتى. «گۈلشەنلەر مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدى، —
دەپ ئويلىدى قەيسەر خېلىدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ، — شۇ
تاپتا ئاتام ئۇلارغا مېنىڭ قىلغىنىمنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندۇر؟ ئۇلار
ئەمدىغۇ مېنى چۈشەنگەندۇر؟ ماڭا ئىشەنگەندۇر؟ ھېلىلا ئاپام
يۈگۈرۈپ چىقىدۇ...» قەيسەر شۇ خىيال بىلەن ھېلىقى ھويلىغا
تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. گەرچە چىش ئورنى ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ،
ئۇنىڭ قەلبىنى خۇشاللىق سېزىمى چۇلغىۋالدى. ئەمما، قەيسەر
بىرەر سائەتچە ئاشۇنداق تۇيغۇدا كۈتكەن بولسىمۇ، بىرەرى قۇچاق
ئېچىپ ئەمەس، «ھالىڭ نېچۇك؟» دەپمۇ چىقىپ قويمىدى.
بۇنىڭدىن تاقەتسىزلەنگەن قەيسەر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ
ھويلىنىڭ ئالدىغا باردى. ھويلىدىن گۇم - گۇم قىلغان ئاۋاز

ئاڭلاندى. قەيسەر ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىۋىدى، داۋۇت ماي-
كىچان بولۇۋېلىپ، ئىلگىرى قەيسەر تولا ئىشلەتكەن كونا پالتا
بىلەن ئوتۇن يېرىۋېتىپتۇ. قەيسەر ئىشىكنى ئۇرايمۇ ـ ئۇرماي-
مۇ، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ئۆيدىن گۈلشەن ئۇيقۇلۇق كۆز-
لىرىنى ئۇۋۇلاپ چىقىپ قالدى.

— بولدى قىلساڭچۇ، ئاتا، — دېدى گۈلشەن خاپا
بولۇپ، — ئاپام بىلەن ئەمدىلا ئۇخلىغان.

بۇ گەپ زەھەرلىك ئوقيا كەبى ئۇدۇل كېلىپ قەيسەرنىڭ
يۈرىكىگە تەگدى. شۇندا قەيسەرنىڭ چىشى قاتتىق ئاغرىپ
كەتتى.

قەيسەر ئېغىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كەينىگە ياندى. دې-
مەك، ئۇنىڭ كۈتكەنلىرى، تەلپۈنگەنلىرى، بەدەللىرى ھەممىسى
خام ـ خىيال ئىكەن.

قەيسەر قاتتىق ئازابلاندى. تۇرمۇشنى، كۆز ئالدىدىكى رې-
ئاللىقنى بۇرۇنراق ئەنۋەر چۈشەنگەندەك چۈشەنمىگىنىگە ئۆكۈن-
دى. ناۋادا شۇنداق بولغان بولسا قەيسەر ئاللىقاچان پىچانغا
كەتكەن بولاتتى. ئۇ چاغدا نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولار
ئىدىكىن؟ ھېچبولمىسا تۇرمۇشنىڭ مۇنداق تار يولىغا كىرىپ
قالمىغان بولاتتى.

قەيسەر ئېرىقتىكى سوغۇق سۇدا ئاغزىدىكى قانلارنى يۇدى.
ئاندىن ھېلىقى سېمونت تاختايدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
تۇرۇپلا ئۇ ئۆزىدىكى ئېغىر تۇيغۇلارنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقى-
نى، قەلبىنى بېسىپ كېلىۋاتقان چىدىغۇسىز دەردنىڭ ئاجىزلا-
ۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەسلىي ئۇ بىر يەككە ـ يېگانە ئادەم ئى-
كەن. ئۆزى تارتىشىپ كېلىۋاتقان ئۇ ئادەملەر ئەسلىي قۇيقۇرۇق
بىر بوشلۇق ئىكەن. قەيسەر ئويلاۋاتقان رىشتە، مېھىر ـ مۇھەب-
بەت دېگەنلەر قەيسەرلا ئويلاپ كېلىۋاتقان نەرسىلەر ئىكەن.

ئۇلار ھەقىقەتەن قەيسەرنى ئۇنتۇپتۇ. قەيسەرنىڭ قانچىلىك
قانداق ئادەم بولۇشى بەرىبىر ئىكەن. «ئىسىت، ئۇلار ئۇچۇن

ئازابلىنىپ يۈرگەنلىرىم. بۇ كوچا، ئۇ ھويلىنىڭ گۈل كۆرۈنۈپ كەتكەنلىرى... سىلەر، سىلەر... ھەممىڭلار ئادەم ئەمەس ئىكەن-سىلەر. ھەقىقەتەن كالۋا ئىكەنمەن. شۇنچە ئىشلاردىنمۇ ئۇلار-نىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن. ئىسىت، ھاماقەتلىكىم...» قەيسەر شۇلارنى ئويلاپ ئۇلارغا — شۇ ھويلىدى-كىلەرگە قاتتىق نەپرەتلەندى. ئەمما، غەزەپلەنمىدى. چۈنكى، ئۇنداق كىشىلەر غەزەپكە ئەمەس، نەپرەتكىلا لايىق ئىدى.

قەيسەر يېنىڭ تىندى ۋە يېنىغا بىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە چەكسىز مېھرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئىبادەتخان ئانىنى كۆردى.

— يۇر، قەيسەر بالام، سۆيۈملۈك ئۇتكەنىدىم. ئىسسىقىدا بىر چىنە ئىچىۋال، — دېدى ئىبادەتخان ئانا رەت قىلغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىللىق، يۇمشاق تەلەپپۇزدا. قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببىتى داۋۇتلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، قەيسەرنىڭ قەلبىدىكى نەپرەت ۋە مۇھەببەتنى ئۇلغايتىۋەتتى. شۇندىلا قەيسەر تا ھازىرغىچە شۇنچە خورلۇقلار ئىچىدىمۇ يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇمىد باغلاپ ياشاپ كەلگىنىگە ھەيران قالدى. ئۇمىدنىڭ كۈچى نەقەدەر زور-ھە! گەرچە، كېيىن ئۇنىڭ خام - خىيال ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغان بولسىمۇ.

ئىسسىق ئاشنى ئىچىۋاتقان قەيسەر ئىللىق ھېسسىيات تۇيغۇ-لى ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى، چوكا تۇتقان قولىنىڭ تىترەۋاتقانلى-قىنى، تومۇرلىرىغا قانلىرى بىلەن بىللە ئىللىق ئېقىمنىڭ تار-قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دەرۋەقە، قەيسەرنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىپ چىقتى.

ئۆزى ئۆزۈندىن بۇيان تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئەمە-لىيەتتە ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى سېزەلىگەن ئىنسان ھاياتى-نىڭ يېپيېڭى مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ.

# ئون بەشىنچى باب

## كېسەل

قەيسەر ئىسسىق سۇيۇقئاش، ئىللىق چىرايلاردىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق نىيەتكە كەلدى: «ئەمدى ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلايمەن. ئۇلار مەن تارتىشقۇدەك ئادەملەر ئەمەس ئىكەن...»

قەيسەر شۇنىڭدىن باشلاپ يېنىكلا بولۇپ قالدى. كۇنلەرمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەنۋەرنىڭ تويىدىمۇ شۇنداق خۇشال ئوينىدى، ئىچىلىپ - يېيىلىپ يۈردى، تونۇشلىرى بىلەن ئوچۇق - يورۇق پاراڭلاشتى، رېھىم شەپقەت، ئىبادەتخان ئانىلارنىڭ قىلىشىپ بەرگۈدەك ئىشلىرى بولسا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ياردەملەشتى...

شۇنىڭدىن باشلاپ قەيسەرنىڭ روھىدا خۇشاللىق سېزىملىرى پەرۋاز قىلىپ، ھەربىر ئىشىدىن شادلىق ھېس قىلىدىغان، ۋۇجۇدى سۆيۈنۈش ئىچىدە يۈرىدىغان بولدى. جاھان ئىللىق، ئادەملەر ئىللىق ئىدى! شۇڭا كىشىلەر ھاياتلىقنى سۆيىدىكەن ـ دە، جاھاندا ئادەمنى بەخت پەيزىگە چۆمدۈرىدىغان ئىشلار نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە ئازابلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۇ كۈنلەر... «ھەي، بىكارلا كۆڭۈل ئاغرىقى تارتىپ كېتىپتىمەن. ھەي ئادەملەر...»

قىش كىرىپ ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. بىر ھەپتىدىن بۇيان

ئەنۋەر بىلەن قەيسەر كەچلىكى كاۋاپ ئاچىقمايۋاتاتتى. بىر كۈنى تاماق يەۋېتىپ ئەنۋەر قەيسەر ئويلىمىغان، ئەمما قەيسەرنىڭ ھا-ياتلىق يولىغا مۇز قاتۇرىدىغان بىر گەپنى قىلىپ قالدى.

— ئاداش، بىز ئالدىمىزدىكى ھەپتە پىچانغا كۆچۈپ كېتىدى-غان بولۇپ قالدۇق، — دېدى ئەنۋەر تولىمۇ تەسلىكتە. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قەيسەر تۇرۇپلا قالدى.

— ھازىر پىچاننىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخ-شى. سودىمۇ بۇ يەردىكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قېيناتا - قېينانامىلار قايتىپ كەلسەڭلار دەپ تۇرۇۋال-دى. ئۇلارنىڭ بەزى شارائىتلىرى ئەپلىك ئىكەن... شۇنداق قىلىپ كېتىدىغانغا قارار تاپتىم...

بۇ گەپكە قەيسەر نېمە دېيەلىسۇن؟

— بۇ ئىشتا سېنى زورلىمايمەن. مەن بىلەن كېتىمەن دېسەڭ، بىرىپ بىللە ئىش قىلىمىز.

قەيسەر تاسادىپىي ئېيتىلغان بۇ سۆزگە قانداق ئىنكاس بىل-دۈرۈشنى بىلمەي قالدى.

— سەن ھەيران قالما، مەن بۇ ئىشتا شۇنداق ئويلىدىم: سەن بىلەن مېنىڭ بۇ شەھەردە تارتىشقۇدەك ئاتا - ئانىمىز يوق. قەيەردە ئوبدان جان باقالىساق شۇ يەر بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز.

ئاتا - ئانا ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ قەيسەرنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرى، كۆڭۈل ئاغ-رىقلىرى، خورلۇقلىرى، تۇرمۇش مۇشەققەتلىرى ئازمۇ؟ شۇڭا قەيسەر پىچانغا كېتىش ئىشىدا تارتىشىدىغان ئاتا - ئانا ھەققىدە ئەمەس، باشقا بىر ئىشنى ئويلىدى: «ناۋادا پىچانغا بارسام ئۇ يەرگە كۆنۈپ، كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ بولغۇچە بىرمۇنچە ۋا-قىت كېتىدۇ، ئارانلا ئۆتتۈۋاتقان تۇرمۇشۇم ئۇ كۈنلەرگە بەرداش-لىق بېرەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، مېنى ياخشى چۈشىنىدىغان كىشىلەر بار يەردە بىر ئىش قىلاي...»

— بولدى، مەن بارماي، مېنى ئوبدان چۈشىنىدىغان كىشى-لەرنىڭ ئارىسىدا تۇراي. بىرەر ئىش قىلالمىسام، سەن ئۇ يەردە ئىشلىرىڭنى يۈرۈشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن باراي، — دېدى قەيسەر ئاخىرى كۆڭلىدىكىنى ئېنىق ئېيتىپ.

— مەنمۇ شۇنداقراق ئويلاۋاتقان، — دېدى ئەنۋەر كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — نېمىلا دېگەنبىلەن يېڭىياچە يەردە بىر ئىشنى يۈرۈشتۈرۈۋالماق مۇشكۈل. دۇرۇس، مەن ئالدى بىلەن ئورۇنلىشىۋالاي، ئاداش، ئۆزۈڭنى ئاسرا، ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلا، كۈنلەر بۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەس.

«شۇنداق، كۈنلەر مۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەس، — دەپ ئويلى-دى قەيسەر ئەنۋەرنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، — بىراق، بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكۈچە يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ ھەي... جاھاندىكى ماڭا ئوخشاش كۈنگە قالغانلار نېمە قىلىۋاتقان-دۇر؟»

شۇنداق قىلىپ 1 - ئاينىڭ بېشىدا ئەنۋەرنى پىچانغا ئۇزۇت-تىپ قويدى. شۇ دەقىقىلەردە قەيسەر نېمە سەۋەبتىن مۇنداق ئازابلارنى تارتىشقا دۇچار بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ قال-دى. يا ئۇ ھايات ئالدىدا خاتا قىلدىمۇ؟ كىشىلىك تۇرمۇشقا مۇخالىپ يولدا ماڭدىمۇ؟ يا ئۇ ھەقىقىي ئىنسانلارغا خاس قەلبكە ئىگە بولالمىدىمۇ؟ ياكى ئۇ كىشىلەرنى خاتا چۈشەندىمۇ؟ ياكى مەلۇم بىر كۈچ ئۇنى ھاياتنىڭ مۇشۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىلەن سىناۋاتامدۇ؟ ۋە ياكى بۇ ھاياتنىڭ ئىمتىھانىمىدۇر؟ ئۇن-داقتا، ئۇنى مۇنداق سىناپ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ مەيلى، ئۇغۇ شۇ يوسۇندا ھاياتقا نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى. ئۇنداقتا، ئۇ قاچان ھاياتتىن ئالىدىغانلىرىغا نائىل بولىدۇ. ئەمما ھاياتنىڭ ھەربىر ئىنسان ئۈستىدىكى سىناقلىرى، چاقچاقلىرى ئاخىرلاش-قىنى يوق.

شۇنداق قىلىپ ئەنۋەر كەتتى. قەيسەر يەنە مۇزلاپ - توڭلاپ

تۇرغان ھايات ئائىلىدا قىشتا يېلىك كىيىم بىلەن تالادا قالغان ئادەمدەك قالدى.

كېچىسى سوغۇق قاتتىق بولاتتى. گەرچە قەيسەر بىر ئەسكى چېلەكنى مەش قىلىپ كىنوخانىنىڭ كۆمۈرىنى قالاپ كارىۋاتنىڭ تەكتىگە قويۇپ، كونىراپ كەتكەن يوتقانغا مەھكەم ئورىنىۋالسىمۇ، سوغۇق ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بېرەتتى، بەدىنى مۇزلاپلا تۇراتتى. بەزى كېچىلىرى توختىماي تىترەپ چىقاتتى. كېيىنچە قەيسەر بىر بوتۇلكا ھاراقنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ، ئاز - ئازدىن ئوتلاپ بەدىنىنى قىزىتىدىغان بولدى. گەرچە ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئۇ ئىسسىغاندەك قىلسىمۇ، بىراق، سوغۇق ئۇنىڭ غولىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى سوغۇقتىن مۇزلاپ قالاتتى... شۇنداق بولغاچقا سوغۇقنىڭ دەستىدىن قەيسەرگە باشقا خىياللارنى قىلىشقا پۇرسەت يوق ئىدى. ئۇ پۈتۈن بىر كېچە قانداق ئىسسىقراق يېتىشنىڭ غېمىنىلا قىلىپ چىقاتتى. بەزى كېچىلىرى رېھىم شەپقەت ئۇنى ئۆيىگە چاقىراتتى. ئۇلار مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بىرەر تالدىن چېكىشكەچ بىرەر - يېرىمدەم گۇڭۇر - مۇڭۇر قىلىشاتتى. بۇنداق چاغدا، مەشنىڭ تەپتى، قىپقىزىل قىزىرىپ تۇرۇشى، گۈرۈلدەپ ئاۋاز چىقىرىپ كۆيۈشى قەيسەرگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلايتتى. سوغۇققا ئەسىر بولغان تېنى راھەتلىنەتتى. بەزى كېچىلىرى سوغۇقتىن چىشلىرى كاسىلداپ كەتكەن قەيسەر مەشنى قۇچىقىغا ئالغۇدەك بولۇپ، «قىشنىڭ گۈلى ئوت دېگىنى شۇ ئىكەن - دە» دەپ ئويلاپ كېتەتتى.

بۇنىڭغا قوشۇلۇپ تاماق مەسىلىسىمۇ ئۇنىڭغا چوڭ غەم بولدى. بۇرۇن ئۇ ئۆچ ۋاخلىق تامىقىنى ئەنۋەرنىڭكىدە يېگەچكە بىلىنمەيتتى. مانا ئەمدى نەچچە ۋاقىتتىن يىغىپ كەلگەن پۇلى گالغا ئېقىشقا باشلىدى. بەزىدە ئىبادەتخان ئانا، رېھىم شەپقەتلەر ئۇنى تاماققا چاقىرىۋالسىمۇ، ئەمما دائىملا ئۇنداق قىلىۋېرىش

ئەپسىز بولغاچقا، قەيسەرنىڭ ئۈچ ۋاخـلىق تامىقـى ئـاشخانىدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ چەكلىك ئىقتىسادى خوراپ ئاز كۈندىلا يانچۇقى قۇرۇقدىلىپ قالدى. قەيسەر كۆپىنچە ھاللاردا ناۋايخانى- نىڭ تونۇر بېشىدا بىر چىنە چاي بىلەن ئىسسىق ناندىن بىرنى يېيىشكە، ھەتتا بەزى كۈنلىرى چىشىنى چىشلەپ غەيرەت قىلىپ چۈشكە يېقىن يېگەن بىر نان بىلەن كۈننى كەچ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق ئاچ يۈرۈشكە ئادەمنىڭ جېنى قانداق چىدىسۇن؟ ئاچلىق ئاز كۈندىلا قەيسەرنىڭ تېنىدە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەت- تى. قەيسەر كۆرۈنەرلىك ئـورۇقلىدى، تېنـى ئـاجىزلىدى، پۇت - قوللىرى كۈچىدىن كەتتى. شۇنداقتىمۇ قەيسەرنىڭ كۈنى بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ يۈرگەن سەرسانلارغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى. بەزىدە قەيسەر ئۇنداقلارغا ئىچى ئاغرىپ، يۈرىكى ئۈچىلانغاندەك بولۇپ، قولىدىكى ناننىڭ يېرىمىنى بىرەرىگە بې- رەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىدىن رازىمەن بولماقچى بولسىمۇ، ئەمما ئاچلىق بالاسى ئاشۇ يېرىم نانغا گاھىدا قورسىقىنى ئاغرى- تاتتى... قېنى تۇرمۇش مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرگەن بولسىمۇ نېمە بولغاي...

12 - ئاينىڭ كىرىشى بىلەن سوغۇق ئەدەپ كەتتى. بازاردا كەچلىكى سودا قىلىدىغانلار ئازلاپ ئوندەكلا تىجارەتچى قالدى. ئۇلار بىرنەچچە كاۋاپچى، زاسۇيپەز بولغاچقا ئاساسەن نەرسە - كېرەكلىرىنى ئەكېتىشەتتى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ كىنوخانا لاپاسىنى ۋاقتىنچە يىغىشتۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭسىزمۇ قەيسەر بۇ قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنلەردە تالادا يېتىپ توڭلاپ قېلىشتىن ياكى پۇت - قولىنى ئۈششۈتۈۋېلىپ ناكار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسى- رەپ، قورقۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي يۈرەتتى. چۈنكى، بىر تەرەپتە سوغۇق ۋەھىمىسى، يەنە بىر تەرەپتە ئاچلىق ۋەھىمىسى.

مانا ئەمدى قەيسەر تۇرمۇش مەنبەسىدىن ئايرىلدى. نېمە

قىلىش كېرەك؟ «ئەنۋەرنىڭ قېشىغا بارايمۇ؟ ياق، بۇ سوغۇقتا ئۇمۇ ئوقەتنى باشلىمىدى بولغاي. بارسام يۈك بولىمەن. ئەمما، بۇ يەردىچۇ؟ بۇنداق سوغۇقتا قىلغۇدەك نېمە ئىش بار؟ ياتىدىغان يەرچۇ؟ يوتقان ـ كۆرپىگە ھەرقانچە ئورىنىۋالغان بىلەنمۇ بەربىر سىرت دېگەن سىرت ـ دە. يانچۇقتىكى ئازغىنە پۇلنى يەپ ـ تۈگەتسەم كېيىنكى ئىشلىرىمغا نېمىنى خىراجەت قىلىمەن؟ بۇ پۇلنى ساقلاپ قالاي، بىر ئاماللارنى قىلىپ بۇ قىشنىمۇ چىقىرار-مەن. ھەي، مەنمۇ ئەمدى كىيىدىغىنى، ئىچىدىغىنى، ياتىدىغىنى يوق رەسمىي سەرسانلارغا ئوخشىدىمغۇ... ياق، كېيىن مەن ھەر-گىز مۇنداق يۈرمەيمەن...»

ئەمما، ھايات ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا ئۇنى ئەڭ ئېغىر كـۈنلەرگە قـويدى. ئادەم ئۇچۇن يەككە ـ يېگانە، ئاچ ـ يېلىڭ ھالدا سىرتتا قېلىشتىنمۇ ئارتۇق ئېغىر كۈن بولماس.

قەيسەر شۇ كۈنى چۈشتىلا كونىشەھەر بازىرىنىڭ ئارقا كو-چىسىغا باردى. قاتتىق سوغۇق دەستىدىن سودىگەرلەر ئازلاپ كەتكەن. پەقەت مال بازىرىدىلا سودا قىزىغانىدى. قەيسەر مال بازىرىدا بىردەم ئايلىنىپ بېقىپ زېرىكتى، ئۈمىدسىزلەندى. چۈنكى، ئۇنىڭغا بۇ يەردە قىلغۇدەك نېمە ئىش بار؟

قەيسەر ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئۇ ئاشخانا، بۇ ناۋايخانىلاردىن ئىش ئۇقۇشۇپ يېڭىشەھەر رايونىغا پىيادە يېتىپ باردى. ئاچ-لىق، چارچاش تۈپەيلى ھېرىپ كەتكەن قەيسەر بىر ناۋايخانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ خېلىغىچە ئۇھ ـ ئۇھلاپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ناۋايدىن بىر نان ئېلىپ شۇ يەردىلا ناننى چوڭ ـ چوڭ چىشلەپ، يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ناۋاي بىر چوڭ چىنىگە چاي قۇيۇپ بەردى. بىر يۇتۇم چايمۇ ئىچمەي بىر ناننى پاك ـ پاكىز يەۋەتكەن قەيسەر تونۇر بېشىدىكى نانلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ قولىنى پۇل

بار يانچۇقىغا ئېلىپ باردى. ئەمما بىر ئاز تۇرۇپ قېلىپ ئاستا چۇشۇرۇۋالدى. ئاندىن ئاغزىدىكى تۇكۇرۇكىنى تەشنالىق بىلەن غۇرت قىلىپ يۇتتى. ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ناۋاي ئېغىز ئاچتى:

— مۇساپىرمۇ سەن؟

روھسىز ھالدا بېشىنى چايقىدى قەيسەر. بۇنى كۆرگەن ناۋاي ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۇرمەي ھورى سوغۇقتا تۇمانسىمان كۆرۈنۈپ تارقىلىۋاتقان ئىسسىق نانلارنى تونۇردىن قومۇرۇشقا باشلىدى. قەيسەرنىڭ كۆزلىرى مەززىلىك ھىد تارقىتىۋاتقان نانلارغا تىكىلدى. قەيسەرنىڭ ئاشقازىنى ئىختىيارسىز لىپىلداپ كەتتى.

— لېكىن، ئىش بولسا قىلىمەن، — دېدى قەيسەر ئالدىراپ. ناۋاي قولىدىكى ئۇزۇن ئىلمەك تۆمۈر بىلەن قىزىرىپ تۇرغان چوغنى نېرى - بېرى قىلغاچ ئېرەنسىزلىك بىلەن دېدى:

— ساڭىمۇ خۇشياقماسمىكىن؟

— نېمە ئىشتى؟ — سورىدى قەيسەر «باشقىلار قىلمىغان نېمە ئىشتۇر؟» دەپ ئويلاپ.

— تونۇرنىڭ كۇلىنى ئاۋۇ كىنوخانىنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ تۆكۈش ماڭا بەك ئاۋارىچىلىك بولۇۋاتىدۇ. ئىش شۇ. ئىككى كۈندە بىر كۇل تۆكسەڭلا بولىدۇ. ھەققىڭگە كۈندە بىر نان، قانداق؟

ناۋاي شۇنداق دەپ قولىدىكى ئىلمەك تۆمۈر بىلەن يەنە بىر ناننى قومۇردى. ھور چىقىپ تۇرغان نان تونۇر بېشىغا تاشلىنىشى بىلەن قەيسەر ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

— بولدى، ھېساب، بۈگۈندىن باشلاپ، — دېدى قەيسەر پىيازلىرى سەل - پەل قورۇلۇپ، سارغىيىپ پىشقان نانغا قاراپ.

— مەيلى، — دېدى ناۋاي. ئاندىن ناندىن بىرنى بېرىپ

تونۇر بېشىدىكى چەينەكنى ئىشارە قىلدى، — نانني يەپ بولۇپ ماۋۇ كۆلنى تۆكۈۋەت.

ئىسسىق نان قەيسەرنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىنى يايرىتىۋەتتى. «ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كۆل تۆكۈش قانچىلىك ئىشتى؟ بىر دەمچىلىككلا، شۇنىڭ بىلەن قورساقنى غەملەپ، يەنە ئانچە - مۇنچە ئىش تاپسام. ياز يورۇغاندا يانچۇقۇمدىكى ئۈچ يۈز كويدەك پۇل بىلەن بىر ئىش قىلالايمەن...» قەيسەر ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ نان يەۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ، موھتاجلىق قەيسەرنى بۇ ناۋايخانىغا باغلاپ قويدى.

بىراق، قەيسەرگە تۇزۇكرەك بىر ئىش چىقمىدى. ھەتتا، قىش پەسلى بولغاچقا يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ قىلىشىپ بەرگۈدەك ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىمۇ چىقمىدى. بۇلارغا قارىغاندا قەيسەرنى ئەڭ قىيناۋاتقىنى ياتاق مەسىلىسى ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندى. تونۇر ئىچىدە سۇس يېلىنجاپ تۇرغان ئوت ئاندا - مۇندا چوغلىنىپ ئۇنىڭغا راھەت ئاتا قىلغان بىلەن تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلىغىلى بولمايدۇ - دە.

قەيسەر تونۇر بېشىدا باش - ئاخىرى يوق، تولىراق تاتلىق ئۈمىدكە تولغان خىيال بىلەن ئۇيقۇسى كەلگۈچە ئولتۇردى. بىراق، يۈزىگە، دۈمبىسىگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان سوغۇق شامال ئۇنى تاتلىق ئۈمىدلەر قوينىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن سىلكىشلەپ تارتىپ قىشتەكلا سوغۇق رېئاللىققا يۈزلەندۈرۈپ قويدى.

توغرا، ھازىر ھەممىدىن ئەۋزىلى ئەپلىك بىر يەرنى تېپىپ ئۇخلاش.

قەيسەر تونۇر ئىچىدىكى بارغانچە كۆلگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ئاخىرقى چوغلارغا قاراپ بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك بولدى. ئۇ دەرھال تونۇر بېشىدىن چۈشۈپ، تونۇرنىڭ كۆل تارتىدىغان كۆلۈڭىغا يېپىپ قويۇلغان چىگە تاغارنى ئېلىپ كۆرۈپ باقتى.

تاغارنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يېرى تېشىلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ساپساقلا ئىدى. ئارقىدىن قەيسەر تونۇر بىلەن تام ئارىلىقىدىكى بوش يەردىكى پارچە كېسەكلەرنى ئېلىۋېتىپ ئۇ يەرنى تۈزلىدى. ئاندىن كۆل ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان گۈرجەك بىلەن تونۇردىكى چوغ ــ كۆللەرنى ئۇ يەرگە تاشلاشقا باشلىدى. چوغ كۆل بىر قۇر يېيىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەيسەر پۈتىنى ئىسسىق ئۆر-لەپ تۇرغان تونۇرغا ساڭگىلىتىپ خېلىغىچە ئولتۇردى…

بىر ھازاغىچە مۈگدەپ ئولتۇرغان قەيسەر كۆل ئالىدىغان ئىككى كونا چېلەككە لىقلاپ چوغ ئۇستى ۋە ئۇلارنى ھېلىقى بوشلۇقنىڭ ئىككى چېتىگە بىردىن قويدى. ئاندىن يېيىتىلغان چوغلارنى بىر ــ بىرلەپ تېرىۋېتىپ قىزىپ تۇرغان كۆل ئۇستىگە ھېلىقى تاغارنى سالدى. بۇ يەر ھەم دالدا، تېگى ئىسسىق، ھەم باش پۈتى تەرەپتە ئىچىگە چوغ سېلىنغان چېلەك بار. ئۇلار ئازراق بولسىمۇ ئىسسىتىدۇ.

قەيسەر بېشىغا يېرىم كېسەكنى ياستۇق ئورنىدا قويۇپ ياتتى. بىردەمدىلا كۆلنىڭ قىزىقى ئۇنىڭ بەدىنىگە ئۆتتى ۋە ئۇخ-لاپ قالدى.

ئەتىگەندىن بۇيان چارچاپ كەتكەن قەيسەر خېلى تاتلىق ئۇخ-لىدى. بىراق، تاڭ سەھەر سائەت تۆتلەرگە يېقىن ئەدىگەن سو-غۇق ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ تىترىگىنىچە ئامالسىزلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. يەر سوغۇق، چېلەكتىكى چوغلارمۇ ئاللىقاچان سوغۇق كۆلگە ئايلانغان. جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال ئۇنىڭ يۈزلىرىنى تىلىپ ئۆتمەكتە. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ پۈتىنىڭ توڭلىد-شىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قەيسەر تېزلىك بىلەن تونۇرغا سەك-رەپ چۈشتى. ئارانلا تەپتى قالغان كۆل ئۇنىڭ توڭلاپ قېتىپ قالاي دېگەن بارماقلىرىغا ئىللىقلىق بەخش ئەتتى. بەدىنى ئازراق ئىللىغان قەيسەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى: «نېمىدېگەن ئېغىر كۈن-لەر ــ ھە!»

كۆزنگە يىغا ئەلەڭگىپ قالغان قەيسەر تۇرمىدىكى ئېغىر روھىي ئازابقا دۇچار بولغان كۆنلەردىمۇ ئۆزىگە زور تەسەللى بولغان ھېلىقى ناخشىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى:

*نى بالالار كېلىدۇ،*
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.*
*سايدا تۇگمەن چۆرگىلەر،*
*كۆزدىن ئاققان يېشىغا.*

بىرى قەيسەرنىڭ مۇشۇنداق كۆنلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقى-نى ئالدىن بىلىۋالغاندەكلا ـ ھە؟ بەدىنىنى بىر ئاز ئىسسىتىۋال-غان قەيسەر كۆللەرنى تازىلىۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي تونۇرغا ئوت يېقىش ئۈچۈن ناۋايمۇ يېتىپ كەلدى. ئاخشام سوغۇقنىڭ دەردىنى تولا تارتقان قەيسەر تونۇرغا ياندىشىپ، ئوتتۇن ـ كۆمۈر قويۇلغان، نان راسلايدىغان كىچىككىنە ئۆي ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا شۇنچە تەمشەلدىيۇ، ناۋاينىڭ ناھايىتى پەرۋاسىز تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بۇنى ئېغىزدىن چىقىرالمىدى.

شۇنداق قىلىپ، پەقەت ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان جاپالىق كۆنلەر باشلاندى. بىر نان بىلەن قورساقنى گوللاش، ئاخشىمى كۆلنى يېپىپ يېتىش، ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن سوغۇق دەستىدىن يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كې-تىشكە مەجبۇر بولۇش، سوغۇققا بارغانچە يەم بولۇپ كېتىۋاتقان ئاجىز بەدەن... كۆنلەر ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىك قوينىدا ئۆت-تۈشكە باشلىدى. سوغۇق بارا ـ بارا قەيسەرنى ئېلىپ قويدى، ئوزۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ناچارلىقى، سوغۇق ھاۋا، سوغۇق يەر ئۇنىڭغا دەھشەتلىك زەربە بولۇپ، ئۇنىڭ بارغانچە ئاجىزلاپ كەتكەن بەدىنىنى يىمىرىپ تاشلىدى.

ۋاقىتنىڭ قەدىمى 1992 ـ يىلىنىڭ باھارىغا يەتتى.

قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى سەپتى، جاھان ئىسسىدى. ئەمما، قەيسەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن قىشنىڭ ئاسارىتى كەتمىدى. تۇرمىدىكى روھىي ۋە جىسمانىي ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپنىڭ ياتاق قۇرۇلۇشىدا مەستلىكتە سوغۇق ياتاقتا ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاپ كېتىشلەرگە، ئەمدىكى توڭ قىشتا تونۇرنىڭ سوغۇق تېمىغا دۈمبىسىنى چاپلاپ يېتىش قوشۇلۇپ قەيسەرنى چوڭ پالاكەتكە دۇچار قىلدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى تەسلىشىپ، ئۆپكىسى خىرىلدايدىغان بولۇپ قالدى. «ھەرقانچە ئاچ-توق قالساممۇ كېسەل بولۇپ قالمىسام بولاتتى.» قەيسەر ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى ۋە ساق ـ سالامەت يازغا ئۇلىشىۋېلىشنى تىلىدى. ئەمما ئازراقلا كۈچەپ قويسا نەپىسىنىڭ قىسىلىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېتىشى ئۇنىڭدا خېلى مەسىلە بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

بىر كۈنى يار يېزىلىق دوختۇرخانىسىنىڭ بىر قىسىم دوختۇر ـ سېسترالىرى خالىسانە كېسەل كۆرۈپ مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يېڭىشەھەردىكى كىنوخانا ئالدىغا چىقتى. قەيسەر ئولىشىۋالغان كىشىلەرگە قاراپ خېلى ئىككىلەنگەندىن كېيىن، ئاستا، قورۇنۇپ چەتتىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان دوختۇرنىڭ ئالدىغا باردى.

— نېمە بولدۇمكىن، مۇشۇنداق خىرىلداپ···، — قەيسەر ئولىشىۋالغان كىشىلەر ئارىسىدىن تەستە ئۆتۈپ شۇنداق دېيەلىدى. دوختۇر ئۇنىڭ چىرايىغا بىر قاراپ قويۇپ، تىڭشىغۇچنى ئېلىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى.

— ئۆپكىڭىز ياللۇغلىنىپتۇ، — دېدى دوختۇر جىددىيلىشىپ، — تېزرەك داۋالىنىپ ئالدىنى ئالمىسىڭىز··· ئەمدى كېچىكتۈرمەڭ.

قەيسەر دوختۇرنىڭ ئالدىدىن تولىمۇ روھسىز ھالدا تۇردى.

بۇ پالاكەتچىلىكنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئۇنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قولىدىكى ئازغىنە پۇلىنى مەھكەم سىقىمدىغىنىچە دوختۇرخانىغا باردى. ئەمما، بىرقانچە قېتىم ئاسما ئۇكۆل سېلىش بىلەن چىقىپ كەتكەن يىگىرمە نەچچە يۈەننى ئويلىغان قەيسەر ئازراق ياخشىلىنىشىغىلا توختىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سەل ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئېغىر ھاسىرايدىغان، بەزىدە ئۆپكىسى خىرىلداپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن قەيسەر «ھەر نېمە بولسا جىق ياخشىلىنىپ كەتتىم» دەپ خۇشال بولدى. ئەمما، ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن يوللىرىنىڭ ئېتىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىر ئازمۇ ئويلىمىغانىدى.

ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ كىنوخانا ئالدىدا كەچلىكى بولىدىغان بازار يەنە ئاۋاتلىشىپ كەتتى. يېڭىشەھەردىكى بازاردا ئۆزىگە تېخىچىلا تونۇش ئىش تاپالمىغان قەيسەر بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئۇ قەدىناس ماكانىدا پەيدا بولدى.

ھېلىقى سېمونت تاختايدا موخوركا چېكىپ ئولتۇرغان ئادەم قەيسەرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھوي! قەيسەرغۇ سەن! — دېدى ئۇ ئادەم ھەيرانلىق بىلەن. بۇ كىشى — رېھىم شەپقەت ئىدى. قەيسەر ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى.

— بۇ يىل قىش نەلەردە يۈردۈڭ؟ يوقىلىپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى رېھىم شەپقەت قەيسەرنىڭ ئۇچىسىدىكى پېتىدىن چۈشۈپ كەتكەن پاختىلىق كىيىملەرگە ئىچى سىيرىلگەن ھالدا قاراپ. دېمىسىمۇ، بۇ پاختىلىق كىيىملەر كونىراپ، كىرلىشىپ، يىرتىلىپ قارىغۇسىز دېگۈدەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇرپاننىڭ 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىسسىقى سەۋەبىدىن كىشىلەر ئاللىقاچان قىشلىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، يېنىك كىيىنىشۋالغانىدى. قەيسەرنىڭ پاختىلىق كىيىم كىيىپ يۈرۈشى…

— شىنچېڭدا بىر ناۋايغا قاراشتىم...

رېھىم شەپقەت قەيسەرنىڭ دېمى سىقىلىپ ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بىرئاز چۆچۈدى.

— يەنىلا لاپاس ياخشى ئىكەن، ئاخشىمى لاپاسقا قارىسام، كۈندۈزى باشقا ئىشلارنى قىلىۋالىدىكەنمەن. كىنوخانا مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي دەپ كېلىۋىدىم.

— ھە، بوپتۇ. ئىشنىڭ تۈگىگەندە ئۆيگە كىر. تاماق يېگەچ پاراڭلىشىمىز.

ئۇلار خوشلاشتى.

— قەيسەرمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى كۆكتات سېتىۋېلىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئىبادەتخان ئانا رېھىم شەپقەتتىن.

— ھەئە، — دېدى رېھىم شەپقەت خۇرسىنىپ.

— قىشچە نەدە يۈرۈپتۇ؟

— شىنچېڭدا، ناۋايخانىدا ئىشلىگەنىنىڭ گېپىنى قىلىدىغۇ.

— تېخىچىلا پاختىلىق چاپان بىلەنغۇ.

— شۇ گەپ.

— ئۆيگە كىرىپ باقاي، — دېدى ئىبادەتخان ئانا ئۆيگە مېڭىپ، — ئۆيدە بىر قۇر كۆزلۈك كىيىم تۇرغاندەك قىلغان.

— ئۆيدىمۇ بار ئىدى، — دېدى رېھىم شەپقەت، — بىراق، بالىنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن دېدىم. كېيىنچە، ئەپلىك پۇرسىتىنى تېپىپ...

— ھە، بۇمۇ توغرا. قەيسەرنى بىزنىڭ ئۆيگىمۇ باشلاپ كىرسىلە.

ئىبادەتخان ئانا كېتىپ قالدى. رېھىم شەپقەت «ھەي» دەپ بېشىنى چايقاپ قويغاندىن كېيىن سېمونت تاختايغا بېرىپ ئولتۇرۇپ قەيسەرنى كۈتتى.

ئەمما، قەيسەر كىنوخانىدا ئۈمىدسىز جاۋابقا ئېرىشتى.

— شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدىكىلەر ئۇ لاپاسنى بىكار

قىلىش ھەققىدە بىر ھەپتە بۇرۇن ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتىكەن، — دېدى كىنوخانا مەسئۇلى ئېغىر تىنىپ ئەپسۇسلانغان ھالدا، — ئۇلارچە، مۇنداق لاپاسلار شەھەر ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىكەن. شۇڭا... كېيىنچە بىرەر ئىش چىقىپ قالسا سىزگە خەۋەر قىلاي... خاپا بولمىسىڭىز.

قەيسەر قانداقمۇ خاپا بولالىسۇن؟ قەيسەر ئۈمىدسىزلىك بىلەن قايتىپ چىقتى. بارغانچە ئېتىلىۋاتقان ھاياتلىق يوللىرى ئۇنى يەنە قانداق سىنىماقچىدۇر؟ ھېلىمۇ يېتەرلىك جاپا - مۇ- شەققەتكە دۇچار قىلدى. نورمال ئىنسانلىق مېھىر - مۇھەببەتكە زار قىلدى. ھېسسىياتى، ئەقىل - ھوشى جايىدا پۈتۈنسۇرۇك بىر ئادەمنى خار قىلدى. ئەجەبا، مۇشۇلارمۇ يېتەرلىك ئەمەسمى- دۇر؟... قەيسەرگە كىنوخانىنىڭ ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان كىچىك كاردورى تولىمۇ ئۇزۇن بىلىندى. خىياللىرى ئېغىر ئىدى. يانچۇقتىكى پۇلنىڭ تايىنى يوق. تەييار خىزمەتنى كۆز- لەپ مىڭ - مۇشەققەتتە قىشنى چىقىرىۋېدى... ئەمدى ئۇ ئاجىز، كېسەلچان تېنىنى سۆرەپ نەدىنمۇ ئىش تاپار؟ قەيسەر كىنوخانا ئىشىكىدىن چىقىپلا ھېلىقى كوچىغا لەپپىدە قاراپ سالدى. ئەم- ما، بۇ قېتىم ئۇ كوچا قەيسەرنى ھېچقانداق ھاياجانغا سالالمىدى. خۇددى، بىر كۆرۈپلا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كوچى- لارغا ئوخشاش. چۈنكى، ئاشۇ چەكسىز، ۋەھشىيانە خورلۇقلار تۈپەيلى قەيسەرنىڭ يۈرىكىدىكى ئۇ كوچىغا تۇتاشقان تالالار ئۈزۈل- گەن، سوغۇق كۆل كەبى توزۇپ كەتكەن. «مۇشۇنداق ياشاش نېسىپ بولغان بولسا مۇشۇنداق ياشارمەن ياكى ئاخىرقى كۈچ - قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلىپ جان باققۇدەك بولسا ئۇنىمۇ كۆرەر- مەن. بولمىسا...» قەيسەر كۆز چانىقىغا كېلىپ قالغان ياشنى سىڭدۈرۈۋەتتى.

سىرتتا ئۇنى رېھىم شەپقەت كۈتۈپ تۇراتتى. ئىسسىپ، تەرلەپ كەتكەن قەيسەر پاختىلىق چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئاچقاچ ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

— ھە؟ — دېدى رىھىم شەپقەت ئۆنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدىكىلەر ئۆتنىماپتۇدەك، — دېدى قەيسەر بوش ئاۋازدا.

— تۆت ـ بەش كۈن بۇرۇن شۇلار تەكشۈرۈپ يۈرۈۋېدى... ھە، بولدى، قەيسەر، ھازىرچە بۇ غەملەرنى قوي. يۈر، ئۆيدە تاماق تەييار بولۇپ قالدى.

ئىسسىق ئۆيدە، ئىسسىق تاماقنى ھۇزۇرلىنىپ يېگەن قەيسەر تەرلەپ ئولتۇرالماي قالدى. قىشچە ئۇنىڭ جېنىغا ئارا تۇرۇپ كەلگەن بۇ كونا پاختىلىق كىيىملەر ئەنە شۇندىلا ئۇنىڭغا ئېغىرلىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى چۈشىنىپ يەتكەن رىھىم شەپقەت نەچچە قېتىم ئاغزىنى مىدىرلاتتىيۇ لېكىن بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى.

— يۈر، بازارغا چىقىپ باقايلى، — دېدى ئاخىرى قەيسەرنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىمىغان رىھىم شەپقەت، — ھېلىقى ئەنۋەردەك بىرەرى چىقىپ قالسا يارەملىشىپ تۇرارسەن...

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بازارچىلارنىڭ، ئوقەتچىلەرنىڭ ئالدى كېلىپ بولغانىدى. كاۋاپچىلار قەيسەرنى كۆرۈپلا خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.

— ھوي، بارمۇسەن، قەيسەر؟

— قىشچە قەيەردە ئۆچەككە كىردىڭ؟

— پىچانغىمۇ كەتمىگەنسەن؟

ئۇلار تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئەھۋال سوراۋېتىپ ئۇنىڭ تۇرقىغا دىققەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كونا پاختىلىق كىيىملەردىن ئەجەبلەندى.

— ھە، نېمە ئوقەتلەر بىلەن يۈرىسەن؟

قەيسەر تولىمۇ تەستە ئېغىز ئاچتى:

— توك قىشتا نېمىمۇ ئىش بولسۇن. مانا ئەمدى سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئىش ئىزدەپ كەلدىم، — ئۇ سۆزلىگەندە ئېغىر هاسىراپ، ئۆپكىسىمۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ خىرىلداپ قالاتتى. قەيسەرنىڭ بۇ هالىنى كۆرگەن تونۇشلىرى چۆچۈپ كېتىشتى ۋە نېمە ئىشلىقىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ يېتىشتى.

— سودىنىمۇ ئەمدى باشلىدىم، ئالدىراپ قالغۇدەك بولسام بىرىنچىلەپ سىنى هايت دەيمەن، — دېدى بىرى كۆزىنى ئەپقىچىپ.

— قېنى سودىمىز بىر يۈرۈشۈۋالسۇن…

— شۇ، شۇنداق…

بۇ جاۋابلاردىن قەيسەرنىڭ روهى چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ هالىغا قاراپ رېهىم شەپقەتنىڭ ئىچى سېيرىلىپ كەتتى.

— بىرەر ئىش چىقىپ قالسا خەۋەر بېرەرسىلەر، — دېدى رېهىم شەپقەت قەيسەرنى باشلاپ كېتىۋېتىپ. ئۇلار ئون نەچچە قەدەم مېڭىۋىدى. بىرى رېهىم شەپقەتنى چاقىردى. ئۇ قەيسەرگە شەرەتلەپ قويۇپ كەينىگە ياندى.

— رېهىم ئاكا، بىزنىڭ قەيسەرنى ئىشقا سالغىمىز، ئۇنى يۆلىگىمىز بار ئىدى. بىراق، ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ… بىز يېمەكلىك ساتىدىغان خەق، قەيسەرنى ئىشقا سالساق خېرىدارلار… بىزنى خاتا چۈشەنمىسەڭ. ئەپلىكرەك ئىش چىقىپ قالسا…

— چاتاق يوق، ئۇكىلىرىم، سىلەرنى چۈشىنىمەن. يا قەيسەرمۇ كېسىلىنى ۋاقتىدا داۋالاتماپتۇ. هەي… بولىدۇ، كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويساڭلار، ئەپلىكرەك ئىش ئۇچراپ قالسا هايت دەۋەتسەڭلار…

رېهىم شەپقەت كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا كېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ رېهىم شەپقەتلەرنىڭ ئۆيىدە ئېتىلگەن پولۇ ئىشتىهاسىزلا يېيىلدى. رېهىم شەپقەت تەڭلىكتە قالغان، قېيـ

سەرنى غەم باسقاندى. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاماقتىن كېيىن ئۇشۇق - تۆشۈك گەپمۇ بولمىدى.

ئۇلار ئېغىر كەيپىيات ئىلكىدە يېتىپ قېلىشتى. قەيسەر بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشى ھەققىدە تولا ئويلىنىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئەمما، خىياللىرىمۇ ئۇنىڭ ھاياتىغا ئوخشاشلا نىشانسىز، ئامالسىز ئىدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قەيسەرنى يۆتەل تۇتۇپ كەتتى. قەيسەر ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، ئۆپكىسى خىرىلداپ يۆتىلىپ خېلىغىچە قىينالدى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭدىن ئەمەس، باشقىلارنى ئاۋارە قىلىپ قويغىنىدىن ئازابلاندى. مانا، رېھىم شەپقەتنىڭ كىچىك ئۆيى قەيسەر يېتىشى بىلەن تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭسىزمۇ ھەرقانچە بولسىمۇ باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ - دە. قەيسەرنىڭ ئازابلىق خىياللىرىغا ئەنە شۇلار قوشۇلۇپ تاڭغا يېقىن تەستە كۆزى ئۇيقۇغا باردى.

— ئۇنچە غەم قىلىپ كەتمە، قەيسەر. ئارام ئالغاچ بىرنەچچە كۈن قاراپ باقايلى، — دېدى ئەتىسى رېھىم شەپقەت. ئەمما، قەيسەر غەمگە پاتماي تۇرالىسۇنمۇ؟ شۇڭا ئۇ ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماق يېگەندىمۇ ئىچىلالمىدى. ئىبادەتخان ئانا ئۇنىڭ كونا پاختىلىق كىيىم بىلەن تاماقنى تەرلەپ ئولتۇرۇپ يەۋاتقانلىقىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. «ھەقىقەتەن ئېغىر كۈنگە قاپتۇ» دەپ ئويلىدى ئىبادەتخان ئانا كۆڭلى بۇزۇلۇپ.

ئاشۇنداق قىسىلىپ، قورۇلۇپ يۈرۈپ قەيسەر ئۇ ئۆيدە ئالتە كۈن تۇردى. گەرچە رېھىم شەپقەت ۋە بالىلىرى ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، قەيسەر ئۆز - ئۆزىدىن قورۇنۇپ پەقەت تاقەت قىلالمىدى.

— مەن پىچانغا — ئەنۋەرنىڭ قېشىغا بېرىپ باقايمىكىن؟ — دېدى بىر كۈنى قەيسەر.

— توختا، يەنە ئىككى كۈن غەيرەت قىل، — دېدى ئۇنىڭ

ئىچىدىكىنى چۈشىنىپ تۇرغان رېھىم شەپقەت، — بۇ يەردە بىر ئامالى بولمىسا...

قەيسەرنىڭ ھاياتلىق رىزقى ۋە خورلۇقى مۇشۇ شەھەرگە پۈتۈلگەنمۇ، ئۇ يەنە مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ قالدى. ئەتىسى رېھىم شەپقەت خۇشال كىرىپ كەلدى.

— ۋاي قەيسەر، ساڭا ئىش چىقتى.

قەيسەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل جانلاندى.

— كەچلىك بازارنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تازىلايدىغان بولدۇڭ. ھېلىقى كاۋاپچى بالىلار كىنوخانا مەسئۇلىغا جىق چۈشەندۈرۈپ بۇ ئىشنى ساڭا ئېلىپ بېرىپتۇ.

رېھىم شەپقەت بەك خۇشال ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قەيسەرمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نۇر يىغىلىپ، بەدىنى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

— ئېيىغا سەكسەن كويدىن بەرگۈدەك، ئاز كۆرمە.

— ياق، ياق، — دېدى قەيسەر، — مەن قانداقمۇ ئاز كۆرەي.

قەيسەرگە ئىش ئىزدەپ يۈرۈپ رېھىم شەپقەت بىلەن قەيسەر تۈزۈكرەك پاراڭلىشالمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى.

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغاچقا ھاۋا ئىسسىپ قالغان، بولۇپمۇ «ئوت يۇرتى» دەپ نام ئالغان تۇرپاندا ھاۋا بالدۇرلا قىزىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا سەللا ئىسسىق يەر بولسا ياكى ئازراق جىددىي ھەرىكەت قىلىپ قويسا قەيسەر تەرلەپ بىئارام بولۇپ ئولتۇرالماي قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختىلىق كىيىملەر بەك كونىراپ، يىرتىلغان يەرلىرىدىن پاختىلىرى كۆرۈنۈپ، ساڭگىلاپ قالغانىدى. قىسقىسى، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۇ كىيىمنىڭ كىيگۈچىلىكى قال-

مىغانىدى. بۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتۇرغان رىھىم شەپقەت كەس-
كىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ
كېتىپ بىرنەچچە قۇر كىيىم كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئۇكام، سەن بىلەن تارتىنىشىدىغان يېرىمىز يوق، — دېدى رىھىم شەپقەت يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — شۇڭا بۇ ئىشىمنى كۆڭلۈڭگە ئېلىپ يۈرمە. ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمدى پاختىلىق كىيىم بىلەن يۈرسەڭ بولماس، سېلىۋەتكىن. بۇ كىيىملەر ئانچە يېڭى بولمىسىمۇ خەقنىڭ ئالدىغا كىيىپ چىققۇچىلىكى بار.

رىھىم شەپقەت سۆزلىگەچ كىيىملەرنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ چىقتى. قەيسەرنىڭ يۈرىكى ئىسسىقلا بولۇپ قالدى، تىترەپ كەتتى.

— ھە، ئالدى بىلەن ئۇبدان بىر يۇيۇنۇۋالغىن، — دېدى رىھىم شەپقەت بەش يۈەن پۇلنى سۇنۇپ، بۇنى كۆرۈپ قەيسەرنىڭ سوغۇق تومۇرلىرىغا ئىللىق ئېقىم يۈگۈرۈپ، كۆز چاناقلىرى نەمدەلدى.

مۇنچا... قەيسەرنىڭ بەدىنى مۇنچىنى كۆرۈپ باقمىغىلى نەچچە يىللار بولۇپ كەتكەندۇر؟ ياز، باھار، كۈز كۈنلىرى، قىشنى قىش بويى يۇيۇنماي دېگۈدەك چىقىرىش... مۇنچىنىڭ ئىسسىق سۈيىدە قەيسەر ئاجايىپ راھەتلەندى. خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى كۆزى پۈتۈپ كەتكەن بولاقلار ئەمدى ئېچىلغاندەك بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن بىر شېرىن سېزىم، تاتلىق ھۇزۇر يۈرىكىگە تىنىمسىز ئېقىشقا باشلىدى.

ھور چىقىپ تۇرغان ئىسسىق سۇ قەيسەرنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد داغلىرىنى بىردەملىك بولسىمۇ قوغلاپ چىقاردى. شۇڭا قەيسەر ئىسسىق سۇغا ئۆزىنى تۇتۇپ تولىمۇ ئۇزاق تۇردى. ئىسسىق سۇ خۇشياققانسېرى ئۇ سۇنى تېخىمۇ كۆپ چۈشۈرۈپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىش-

تى. سۇ شارىلداپ چۈشەتتى. قەيسەرنىڭ راھەتلىنىۋاتقان ئېغىر بەدىنىگە، قاسماقلىشىپ كەتكەن تېنىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلات- تى. ئۇنىڭ بەدىنى بوشاشتى. قەيسەر تېخىمۇ ئازادە، تېخىمۇ يېنىك بولماقچى بولغاندەك ئەتىر سوپۇننى بەدىنىگە كۆچەپ سۈر- كىدى. قايتا ـ قايتا، خۇددى تېرىسى ئىچىدىكى كىرلەرنىمۇ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك سۈركىدى.

قەيسەر كۆزىنى ئېچىپ پۈتىدىن سىرغىپ ئېقىۋاتقان سوپۇن ئارىلاشقان كىر سۇغا تىكىلىپ قارىدى. شۇ ئاجىز، يېنىك نەر- سىلەر ئادەمنىڭ بەدىنىنى نەقەدەر ئېغىر، ھارغىن، بىسەرەمجان قىلىۋېتىدۇ ـ ھە! شۇ چاغدا قەيسەر بىر كۈنلەر كەلگەندە ھاياتى- دىكى كۆلپەتلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق ئېقىپ تۈگەپ كېتىشىنى ئارزۇ- لاپ ئاھ ئۇردى.

پاك سۇغا نادامەتتە قالغان بىر پاك قەلبنىڭ ئاھۇ زارلىق كۆز ـ يېشى قوشۇلۇپ كەتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## شەپقەت ۋە ھەسرەت

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن قەيسەرنى يەنە مۇگدەك تۇتۇپ، بىر يانغا ئاستا قىڭغايدى ۋە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. رىھىم شەپقەت بالىلىرىغا ئىشارەت قىلىپ ئۇلارنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى ۋە ئە- شىكنى مەھكەم يېپىپ قويدى. قەيسەر تولىمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىدى. مۇنچىنىڭ ئاخشامقى ھۇزۇرى ۋە پاكىز كىيىملەرنىڭ راھىتى قەيسەرنى يېنىك ئەللەيلىمەكتە ئىدى. ئۇ چۈشىمۇ كۆرمى- دى، ئۇنى غەم چۆللىرىدە سەرسان قىلغان تۇيغۇلىرى ئارام تاپقاندەك بولدى. بۇنداق راھەت، بۇنداق ھۇزۇر، بۇنداق بەخىرا- مان ئارام ئېلىشلار قەيسەرنى تاشلىۋەتكىلى، ئۇنىڭ تۇرمۇش كىتابىدىن يىرتىلغان ۋاراق كەبى يوقىلىپ كەتكىلى نەۋاخ. ئە- گەر، ئادەم ئۇخلىغاندىكى ھۇزۇرنى سېزىپ يېتەلىسىدى، قەيسەر ھاياتىنىڭ بۇ ئىبىسىل نېمىتى ئالدىدا ئۆز كۆلپەتلىرى ئۇچۇن يۈرەك - باغرىنى زەردابقا تولۇشتىن توسۇپ قالالىغان بولاتتى. شۇنداقلا، كەلگۈسى كۆلپەتلىك ھاياتىنى ياشاش - ياشىماسلىق ئالدىدا گاڭگىراپ قالمىغانمۇ بولاتتى. يەنە، ھاياتىنىڭ ھەربىر ئىنسان تارتىشىدىغان سىرلىق يەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىن- سانلار ھەر قانچە جەبر - جاپا كۆرسىمۇ ئۆز ھاياتلىقى ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىدۇ. ئۆز تۇرمۇشىغا يارىشا ئۈمىد تىكلىشىپ شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلايدۇ. ھاياتىنىڭ قىزىقىمۇ شۇ يەردە.

چۈشكە يېقىن ئويغانغان قەيسەر ئۆزىدە ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان ئۇنتۇلغان يېنىكلىكنى، ئارامنى سېزىپ تازا بىر كېرىلد-
ۋالدى. ئاندىن ئوڭدىسىغا يېتىپ يېنىك تىنغىنىچە، تورۇسقا
ھۇزۇر بىلەن تىكىلىپ ياتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھۆكۈم-
رانلىق قىلىۋاتقان تۇيغۇ ئۇنىڭغا بۇ ئۆينى، ھازىرقى تۇرمۇشى-
نى، تۇنۇگۈنكى، بۈگۈنكى، ئەتىكى جاپالىق تۇرمۇش ھەلەكچى-
لىكىنى ئۇنتۇلدۇرغاندەك ئىدى. ئۇ گويا ئارامخۇدا تۇرمۇش
كەچۈرۈۋاتقان ئادەمدەك، ھېلىلا ئىشىكتىن چىقىپ نورمال يۇرۇ-
شۇۋاتقان ئىشنىڭ كويىدا خۇشاللىق بىلەن پالاقلايدىغاندەك ھالدا
تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ناۋادا، رېئاللىق شۇنداق بولسىدى···
ئەمما، مۇنچىدا بىر يۇيۇنۇش بىلەن بولغان ھۇزۇر بىر ئادەمنىڭ
ھاياتىنى قانداقمۇ بىردىنلا ئۆزگەرتىپ تاشلىيالىسۇن؟

ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىكتە رېھىم شەپقەتنىڭ سەل مۇكچەي-
گەن گەۋدىسى پەيدا بولۇۋىدى، قەيسەر چۆچۈپ ئۆي ئىچىگە
ئەلەڭلەپ قارىدى، ئاندىن يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ ئىشىككە
تىكىلدى. ئاشۇ ئىشىكنىڭ سىرتى قەيسەرنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقى
ئىدى. شۇ ھامان قەيسەرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئېغىر بىر ھارغىنلىق
يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇ تەستە قىمىرلىدى.

— ئەجەب ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — دېدى قەيسەر خىجىل
بولۇپ.

— بەزىدە مۇشۇنداق ئۇيقۇلار جانغا ئوزۇق، — دېدى رېھىم
شەپقەت ئادەتتىكىدەك مۇلايىم ئاۋازدا، — يۇر، تاماقمۇ تەييار
بولۇپ قالدى.

مۇشۇنداق ئارامنىڭ ئۈستىگە تاماقنى ئىسسىقىدا يېيىزە،
ئادەمنىڭ ھاردۇقى تازا چىقىدۇ. ئەمما، قەيسەرنىڭ ھەقىقىي
ھاردۇقى قاچانمۇ چىقاركىن؟

نېمىلا بولمىسۇن قەيسەر تاماقنى ھەقىقەتەن راھەتلىنىپ
يېدى. ئۇ تاماقتىن كېيىن بىر چىنە ئىسسىق چاينى ھۇزۇرلى-

نىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئۆز رېئاللىقى ھەققىدە ئاخشام ئويلى-
غانلىرىنى دەرھال ئېسىگە ئالدى. قىيىنچىلىق يامان، ئۆزىنى-
مۇ، ئۆزگىنىمۇ قىيىنچىلىققا قويغان قىيىنچىلىق تېخىمۇ يا-
مان! قەيسەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ تېخىمۇ دەھشەتلىك، قەيسەر
بۇنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ.

— ئىشىممۇ ئىزىغا چۈشتى. سىلەرگە كۆپ رەھمەت، ئاتام-
نىڭ، ئائىلەمنىڭ ئورنىدا بېشىمنى سىلىدىڭلار، — دېدى قەي-
سەر تاماقتىن كېيىن، — يازمۇ يورۇپ قالدى. قىلىدىغان
ئىشىممۇ كەچلىك بازار بولغاندىكىن، شۇ يەردىلا ياتاي.

— ھوي! — دېدى رېھىم شەپقەت چۆچۈپ، — تالادا ياتتى
دېگەن قانداق گەپ.

— بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتتىم، — دېدى قەيسەر مەيۈس كۈ-
لۈپ، — ئىت توڭلايدىغان سوغۇقلاردىمۇ يېتىپ باقتىم، ئاخىرى
كۆنۈپ قالدىم. ھازىر دېگەن ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان تۇرسا.
تېخى يېزىلاردا بەزى كىشىلەرگە.ئۆي ئىسسىق كېلىپ، سىرتتا
ياتىدىغان ۋاقىتمۇ كېلىپ قالدى. ئاكا، مەن شۇنداق قىلاي،
ھېلىمۇ سىلەرنى جىق ئاۋارىچىلىكلەرگە قويدۇم.

ئۆزىنىڭ ئۆي ئەھۋالى ئۆزىگە ئايان بولغاچقا، رېھىم شەپقەت
ئارتۇق تۇتۇپ قالالمىدى. پەقەت قەيسەرنىڭ مۇشۇنداق قىيىن
كۈنلەرگە قالغىنىغا ئېچىندى، ئازابلاندى.

ھاۋا ھەقىقەتەن ئىللىپ قالغانىدى. كۈننىڭ تەپتىدە كىشى-
لەر يېلىك چاپانلار بىلەنمۇ تەرلەپ تۇراتتى. يول بويىدىكى تې-
رەكلەرنىڭ ئېگىز ئۇچلىرىدىكى بەزى نوتىلار پوتلا چىقىرىپ
بولغان. تۇرپان قىشتىمۇ باھار پۇراپ تۇرىدىغان خاسىيەتلىك
ماكان. «ئوت يۇرتى» دېگەن نامىغىمۇ نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك
مەنىلەر يوشۇرۇنغان. ئوت ئۇلۇغ! ئىنسانىيەتنى يېڭى مەدەنىيەت
مەنزىلىگە باشلىغانمۇ ئوت! ئالتۇندىن تۆمۈرگىچە بولغان بارلىق
مەدەتلەرنى تاۋلاپ پاكلايدىغان نەرسىمۇ ئوت! ئىنسانغا ھاياتلىق

ھارارىتى بېرىدىغان نەرسىمۇ ئوت! ئىنسانىنىڭ جىسمى ۋە ئەقلى-
نى تاۋلايدىغان نەرسىمۇ ئوت! دېمەك، ئوت ئۇلۇغ! شۇنداق
ئىكەن، ئوت يۇرتى تېخىمۇ ئۇلۇغ! ئۇنداقتا، ئوت يۇرتى خەلقى-
چۇ؟ ئوت يۇرتى خەلقى ئىچىدىكى بىر ئەزا سانىلىدىغان
قەيسەرچۇ؟

ئۇلۇغ يۇرتنىڭ بىر پۇقراسى بولغان قەيسەر دەرەخلىكتە،
ھېلىقى سېمونت تاختاي ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كەچلىك قونالغۇ
ھەققىدە غەملىك خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۆتكەن يىلى ئۇ
لاپاسقا قارىغاندا ياتقان كارىۋاتمۇ كۆرۈنمەيتتى. كونىراپ كەتكەن
يوتقان - كۆرپىلىرىنى كىمدىن سورۇشتۇرۇشى مۇمكىن؟

قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ماكان مۇشۇ سېمونت تاختاي
ئوخشايدۇ. باشقا نېمە ئامال؟ تولۇق قىشتا ئىچى ئىسسىقتىن
دوزاخ، سىرتى سوغۇقتىن دوزاخ بولۇپ كېتىدىغان تونۇرنىڭ
كەينىدە توڭلاپ ياتقاندىن مىڭ ياخشى. ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك
ھاياتلىق يولى بولغىنىغا شۈكرى!

قەيسەر شۇ ئاخشىمى پاختىلىق چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ
يېتىپ قالدى. سېمونت تاختاي بولسىمۇ ئۇنىڭغا راھەت بىلىن-
دى. چۈنكى، رېھىم شەپقەت ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى
ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، قەيسەر قورۇنۇپ تۈزۈك ئارام ئالالمى-
غانىدى. پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، ئۆز خىيالى بىلەن
يېتىش نېمىدېگەن راھەت - ھە! ئەمما، قەيسەر دە سۇرگىنىدەك
نېمە خىيال بولسۇن؟ رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئۆگەي دادىسىنى
ئويلىسۇنمۇ؟ ۋاپاسىز ئاپىسىنى ئويلىسۇنمۇ؟ ئۆز ئاتىسى...
ئەمما، ئۇ ھەرقانچە ئويلىسىمۇ بالىلىق خاتىرىلىرىدىن پەقەت
ئاتىسىنى كۆيۈمچان، ئىرىشچان ھالەتتىلا تاپالىدى. ئۇ ئاتىسى-
دىن كىچىكلا ئايرىلغان بولغاچقا، ئاتىسى ھەققىدە ئۇنىڭغا تۈزۈك
ئەسلىمە قالمىغانىدى. ئۇنى ھاياتنىڭ مۇشۇنداق دىشۋارچىلىق
بالاسىغا بەند قىلغان ھېلىقى كېچىمۇ ئۇنىڭ يادىدا غۇۋا قالغا-

نىدى. ھېلىقى ئادەم — مۈرىسىدە مېڭى بار ئادەم. ئۇ كىم بولغىيدى؟ ماتېرىياللارنى نېمىگە ئىشلەتكەندۇر؟ ھەي ... قالغىنى ھەممىسى ئازابلىق، نەس باسقان كۈنلەر، قەيسەر بۇ كۈنلەرنى ئەسلىمىسىمۇ، ئۇنداق كۈن ھازىرمۇ ئۇنىڭ رېئاللىقىدا ئۇنى قىيناپ تۇرۇپتۇ. قارىغاندا تۇرمۇشى خاتىرجەم، ئىشلىرى يۈرۈشكەن كىشىلەردىلا پىلان، خىيال تولا بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ كۈلپەتلىك كۈنلەر قاچانمۇ ئاخىرلىشىدىكىنتاڭ؟

قەيسەرنىڭ بۇرۇنقىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان جاپالىق كۈنلىرى باشلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەچكە ھەمدە ئوزۇقلۇق كەم، ناچار، ئۆپكىسىدە دەرد بولغاچقا، ئۇنىڭ تېنى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭغا جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان بەزى ئىشلار ئۇچرىسىمۇ، ئۇ ئامالسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىپ قاتتىق ئازابلىناتتى. قېنى ئۇنىڭ بېجىرىم تەنلىرى: ئۇ ئاجىز، كۈچى قالمىغان قول - پۇتلىرىنى سىلاپ ئاھ ئۇرغىنىچە سېمونت تاختاي ئۈستىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئاجىز بەدەن ئۇنىڭغا ھەرقاچان ۋەھىمە ئېلىپ كېلەتتى. ئۇنى قورقۇنچقا سالاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ بۇرۇن كۆپ تەلپۈنگەن كوچىغا قارىماس، ئويلىماس بولدى. ئۇ بىر چاغلاردا ئارزۇلىغان ھېلىقى كىشىلەرنىمۇ كۆرۈشنى ئارزۇلىماس بولدى. قىسقىسى، كارى بولمىدى، ئۆز ھالى بىلەنلا بولدى.

ئېغىر ھاسىراش، ئۆپكىسىنىڭ يېقىمسىز خىرىلدىشى، بەدىنىنىڭ تېگى - تېگىگە چاپلىشىۋالغان ھارغىنلىق ئۇنىڭ ھەمراھى، سىردىشى ئىدى، چوڭ غەم - ئەندىشىسى ئىدى. ئۇ بەزىدە رېھىم شەپقەتنىڭ ئۆيىگە ياكى ئىبادەتخان ئائىلارنىڭكىگە تاماققا چاقىرتىلسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنى بىسەرەمجان قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ بارمايتتى.

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەيسەرنىڭ تەن رەئىپلىكى ئاشكا-را بىلىنىشكە باشلىدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، مەڭز سۆڭەك-لىرى چىقىپلا قالدى. پۇت - قوللىرىن كۈچ - مادار كەتتى. ئوزۇقلۇقنىڭ ئۆزۈن مۇددەت ناچار بولۇشى، كۆن بويى ئاچ - توق يۈرۈشى، تۈرمە، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ياتاق قورۇلۇ-شى، لاپاس تېگىدىكى كارىۋاتتا يېتىشى، قىشتا تونۇر كەينىدە يېتىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ تەن - تېنىگە ئۆتۈپ كەتكەن سوغۇقلۇق تۇپەيلىدىنمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ماغدۇر كەتكەچكە پۇتى ئىششىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن رېھىم شەيقەت نەچچە قې-تىم: «دوختۇرغا بېرىپ بۆرىكىڭنى تەكشۈرتۈپ باقساڭ بولۇر-دى» دېگەن بولسىمۇ، قەيسەر ھە دەپ قويۇپلا بولدى قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تەكشۈرتۈشكە كېتىدىغان پۇلدىن ئەنسىرىگەند-دى. شۇنداق قىلىپ تېنى ھەم ئاجىزلاشقان ھەم پۇت - قولى ئىششىپ قالغان قەيسەرگە بىرەر يېنىكرەك ئىشنى قىلىشمۇ تەسكە چۈشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قاتتىق سېمونت تاختايدا يېتىۋېرىشمۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەت-تى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ روھىي جەھەتتىنمۇ تۈگىشىشكە باشلاپ، «ھاياتنىڭ بولارىنى كــۆرەرمەن» دېگــەندەك ھــالغا كېلىپ قال-دى... تۈرمۈشنىڭ ئېغىرچىلىقى ئۇنىڭ روھى ۋە جىسمىنى ئەنە شۇنداق بارغانچە ئەزمەكتە ۋە نابۇت قىلىشقا تىرىشماقتا ئىدى.

ھايات ھەركىمگە چاقچاق قىلىشى، ھەركىمنى سىنىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ھاياتنىڭ قەيسەرگە قىلغان چاقچىقى، سى-نىقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. قەيسەرگە ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئىچى ئاغرىدى، ھېسداشلىقى كەلدى.

— خۇدايىم ھەركىمگە كۆرسەتسىمۇ ئۇنچىلىك كۆن كۆر-سەتمىسۇن؟ باشقا بىرى چىدىمايدۇ بۇ كۈنگە! — دېدى ئىبادەت-خان ئانا كىچىك ھويلىسىغا كىرىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ.

— كىمنى دەۋاتىسەن، ئاپا؟ — دېدى چوڭ ئوغلى.

— كۆرمىدىڭلارمۇ، كىنوخانا ئالدىدىكى قەيسەرنىڭ ھالىنى…
— بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ئۇ. ئاتا ـ ئانىسىمۇ تازا بىر…
— بۇلارنى دەپ نېمە قىلىسەن. بالىلارغا ئۇنداق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى.
— كېسەلمۇ نېمە، ئاپا، ئۇ بالا، ھالى ئارانلىغۇ…
— قىشنىچە تالادا يېتىپ ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قاپتىكەن. سىل بولۇپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، پۇتلىرىمۇ ئىششىپ قاپتۇ، يەنە نېمە بولىدىكىن بىچارىگە — ئىبادەتخان ئانىنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى.
— بۇنى بىلگەن بولسام بىرەرنىڭلارنى ئاز تۇغاركەنمەن، — دېدى ئىبادەتخان ئانا كۆزىنى سۈرتۈپ، — ئۇنى سىلەر بىلەن تەڭ بېقىپ قاتارغا قوشۇپ قويغان بولسام، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ساۋاب نەدە؟ ھەي…
توققۇز بالىنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، ئۇلارغا ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈۋاتقان ئىبادەتخان ئانا بۇنى ئۆزىدىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان، لېكىن بالىۋاقىسىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك ئامالسىز قالغانىدى، قەيسەرنىڭ ئازابى ئۇنى ئازابلايتتى. ئانىنىڭ مېھرى قەيسەرگە ئىللىق مېھىر يەتكۈزۈشكە ئۈندەيتتى. ئاخىر، ئىبادەتخان ئانا مېھمانلىق ئۈچۈن تىزىپ قويغان يېڭى، ئېسىل يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.
قول ـ پۇتلىرىنىڭ بوغۇملىرىنىڭ ئاغرىشىغا چىدىماي ئازابلىنىپ ياتقان قەيسەر يېنىغا ئادەم كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ بېشىدا ئىبادەتخان ئانا بىر ياستۇقنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يېنىدا بولسا قىزىل رەڭلىك پالاس ۋە يېڭى يوتقان ـ كۆرپە كۆتۈرۈۋالغان كىچىك ئوغلى. قەيسەر قىينىلىپ ھەرىكەت قىلىپ، تەستە ئولتۇردى.
— سېنى ئۆيۈمدە تۇرغۇزۇپ بالىلىرىم قاتارىدا باقالمىغى-

نىمغا ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ... قوپ، قاتتىق يەردە يېتىۋەرسەڭ بولمىغۇدەك...

ئىبادەتخان ئانا كەينى - كەينىدىن ئازابلىق ئۇھ تارتىپ سېمونت تاختاي ئۈستىگە يوتقان - كۆرپىلەرنى جايلاشتۇرۇپ بەردى. ئاندىن ئوغلىنى ئۆيىگە سۆيۈرگىگە بۇيرۇپ، سېمونت تاختاي ئەتراپىنى تازىلاپ زىچ تېرەكلىك ئىچىدىكى بوش يەرنى — قەيسەرنىڭ مۇقەددەس ماكانىنى تۈزەشتۈردى.

مۇشۇ ئەتراپتىكى ھەممە كىشى دېگۈدەك بىلىدىغان، ئەمما بەك بىلگىنى ئۈچۈن ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان بۇ بوش يەر قەيسەرنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تىركەشكەنلىكىنىڭ تولۇق گۇ-ۋاھچىسى ئىدى.

كېيىنچە قەيسەرنىڭ ئەھۋالى يامانلاشقانسېرى ئىبادەتخان ئانا قەيسەرگە ئۈچ ۋاخلىق تاماق توشۇغاندىن باشقا، تىجارەتچىد-لەرمۇ ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرىشنى ئادەت-كە ئايلاندۇردى. ھەتتا، كەچلىكى تازا پەيزى قىلىشقان مەستلەر-مۇ بۇ دەرەخلىككە كىچىك تەرەت قىلمايدىغان، بۇ يەرگە كېلىپ قالايمىقان ۋارقىراشمايدىغان بولدى. قەيسەرنىڭ قەلبىدە ئەجەل-لىك داغ قالدۇرغان ھېلىقى ئائىلىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ يەر ئاللىقاچان ئۇنتۇلغانىدى.

قەيسەر يات ۋۇجۇدلاردىكى ئىللىق مېھىرلەردىن تەسىرلەن-گەن ھالدا جىمجىت ياتاتتى. ئۇنىڭ ھالسىز تېنى تولىمۇ تەسلىك-تە ھەرىكەتكە كەلگىنى بىلەن يۈرىكى ئۇ ئوتتەك مېھىرلەرنىڭ قۇدرەتلىك، سېھىرلىك تەپتىنى ئۆزىگە مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇۋې-لىشقا تىرىشاتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

## مۇقەددەس ماكان

كېسەللىك، بەدەن زەئىپلىكى تۈپەيلى بەكلا ھالسىزلىنىپ كەتكەن قەيسەر 6 ـ ئايغا كەلگەندە پەقەتلا بولالمىدى. ئۇنىڭ كەچلىك بازارنى تازىلايدىغانغىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى ۋە ئاخىرى رەسمىي يېتىپلا قالدى.

6 ـ ئايدا تۇرپاننىڭ دەھشەتلىك ئىسسىقى باشلىنىدىغان ئاي بولۇپ، چۈش بولا ـ بولمايلا ئادەمنىڭ سىرتتا تۇرۇشى مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىدە قىزىپ كېتەتتى. ماشىنىلا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، ئادەملەر بىرقەدەر كۆپ بولغان دەرەخ سايىلىرىدىمۇ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئىسسىق شامال ئادەمدە يېقىمسىز تۇيغۇ پەيدا قىلىپ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئادەتتە، ئادەم مىژىلداپ كېتىدىغان تۆت كوچىمۇ، ئىسسىق دەستىدىن ئادەملەر چىقمىغاچقا چۆلدەرەپ قالاتتى. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئادەمسىز بولۇشى ئادەمگە جىمجىتلىق، تىنچ ـ ئاراملىق بەرسىمۇ، ئەمما شەھەرنىڭ پەيزى ئۇچۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

مۇشۇنداق يېقىمسىز مۇھىت ئىچىدە قەيسەر كېسەل ئازابىنى تارتىپ گاھى ـ گاھىدا سۇس ئىڭراپ قويۇپ ياتاتتى. لەۋلىرى قۇرۇپ كەتسە كونسېرۋا قۇتىسىغا قۇيۇپ قويغان، ئىسسىقتىن ئىلمان بولۇپ قالغان سۇنى مەجبۇرىي بىرنەچچە يۇتۇم ئىچەتتى. ئەتراپىدا بولسا بىر توپ چىۋىن گىژىلداپ، ئۇنىڭ كىر ۋە تەر دەستىدىن يېنىدا تۇرغۇسىز دەرىجىدە پۇراپ كەتكەن بەدەنلىرىگە، بۇرۇن ـ ئېغىزلىرىغا توپ ـ توپ بولۇشۇپ قونۇشاتتى. قەيسەر

بولسا باش، پۇتىنى ھالسىز مىدىرلىتىپ ئۇلارنى قوغلاشقا مەج-بۇر بولاتتى. ئەمما، ئۇ چىۋىنلەر بىر كۆتۈرۈلۈپلا يەنە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلاتتى. قەيسەر تولا قوغلاپ تەڭ كېلەلمەي بۇنىڭغا كۆنۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، چىۋىنلەر بۇ «گۆش ئايروپورت»تا بەھۇزۇر پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. تەن ۋە روھى ئوخشاشلا يىمىرىلىشكە باشلىغان بۇ ئادەمنىڭ ئازابىنى، دەرد - ھەسرىتىنى ئادەملەر چۈشەنمەيۋاتقان يەردە، چىۋىنلەر قانداقمۇ چۈشەنسۇن! ؟

چۈشلۈكى قەيسەرنىڭ بەدىنى قىزىپ كەتتى. تەر شۇرۇلداپ ئېقىشقا باشلىدى. قەيسەر بەك قىينىلىپ كەتتى. كۆز ئالدىغا ئۈزلىرى كىچىك چاغلىرىدا ئەتىدىن كەچكىچە چۆمۈلۈپ ئويناپدىغان ئۆستەڭلەرنى، مۇشۇنداق ئىسسىقتا جاننى ياشارتىدىغان ئىنك-كى موچەنلىك مۇز سۇيىنى، جۇمەك سۇيىگە چىلاپ قويغان تاۋۇزنى كەلتۇردى. ھېچبولمىسا ئاۋۇ چوكا مۇز سانقۇچىلارنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ كەينىدىكى ساندۇقتىكى بىر موچەنلىك چوكا مۇزدىن بىر - ئىككى تال شورىۋالسا. شۇلار چېغىدا قەيسەرنىڭ قېشىغا كېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ جاھاندا ئاجىزلار ھەقىقەتەن ئۇۋال ئىكەن. قەيسەر ئىختىيارسىز ئۈنسىز يىغلاپ تاشلىدى. ئاچچىق كۆز - يېشى كىر - چاپاق يۈزىدە روشەن ئىز قالدۇرۇپ سىرغىشقا باشلىدى.

دەرەخلىك يېنىدا بىر نەرسىنىڭ تاراقلىشى بىلەن قەيسەر ئۆزىگە كەلدى. قەيسەر بېشىنى بۇراپ ئۆزىگە كۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئىبادەتخان ئانىنى، بىر كىچىك قول هارۋى-سىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى كىچىك ئوغلىنى كۆردى.

— قوپ، بالام، — دېدى ئىبادەتخان ئانا، — بۇ يەر بەك قىزىپ كېتىپتۇ، نەدىن كەلدى بۇنچە كۆپ سۇپۇرۇندى…

قەيسەر نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— بىزنىڭ كوچىدا ئورۇن راسلاپ قويدۇم…

ئۇلار قەيسەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ئىككى ئوغۇل قەيسەرنى يۆلەشتۇرۇپ هارۋىغا ئولتۇرغۇزدى. بۇنىڭدىن قەيسەرنىڭ روهى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ئۇلار هارۋىنى يېنىك ئىتتىرىپ مېڭىپ كېتىشتى. قەيسەر دەرەخلىكتىكى بوش ئورۇندىن — مۇقەددەس ماكانىدىن چىقىپ باقمىغىلى يىگىرمە كۈنچە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭىمۇ ئۇ ئەتراپقا تىنىماي قاراپ كەتتى. قەلبى ئىللىقلا بولۇپ قالدى. هاۋا ئىسسىق، قەلبى ئىللىق. لېكىن، هاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ئۇنى بىزار قىلسا، قەلبىدىكى ئىللىقلىق ئۇنىڭ روهىغا ئارامبەخش سېزىم بېغىشلىدى.

ئىبادەتخان ئانا كىچىك كوچىدىكى ئىشىك ئالدىدىكى ئىككى تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىنى تازىلاپ، سۇ سېپىپ تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئىككى تۈپ ئۈجمىنىڭ سايىسى سالقىن بولۇپ، بۇ كىچىك مەهەللىدىكىلەر چۈشلۈكى ئارام ئالغاچ قارتا ئويناپ ياكى پاراڭ قىلىشىپ سالقىنلىشاتتى. بۈگۈنكى ئىسسىقنى كۆرۈپ، قەيسەرگە ئىچى ئاغرىغان ئىبادەتخان ئانا هويلىسىدىن تۈزۈك ئورۇن تاپالماي ئاخىرى بۇ يەرنى راسلاپ بىر كارىۋات قويدۇرغانىدى. دەرەخ سايىسىدە ئادەمگە باشقىچىلا خۇشياقىدىغان سالقىنلىق بار ئىدى.

ئۇلار قەيسەرنى شۇ يەرگە ئەكېلىشتى. قەيسەر كارىۋاتتا يېتىپلا ئۇنتۇغىلى ئۇزۇن بولغان بىر ئاراملىقنى هېس قىلدى.

ئىبادەتخان ئانا ئۇنىڭ قېشىغا بىر چەينەك چاي ئاچىقىپ قويغاندىن كېيىن:

— هازىرچە مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇر، بۇ يەرمۇ ئۆيۈمگە ئوخشاشلا… سەن ئۇبدان ئارام ئالمىساڭ بولمايدۇ، بالام، — دەپ بىرمۇنچە كۆكئۆل بىلدۇرگەندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. راهەتلىنىپ ياتقان قەيسەرنى شېرىن ئۇيقۇ قىستىدى…

هايات مۇشۇنداق شېرىن ئۇيقۇدەك تاتلىق ـ خۇشاللىق ئىـ
چىدە داۋاملاشمىسىمۇ، دەھشەتلىك جۆيلۇشلەر ئارا بىرەر دەم
تاتلىقراق ئۇخلىۋالغانچىلىك بولسىمۇ ئۆتكەن بولسا، قەيسەرنىڭ
مۇشۇ كۈنلەردىكى ئۇمىدسىزلىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئارمانـ
لىرى قانغاندەك بولاتتى.

ئەمما، مەلۇملۇقكى، شېرىن چۈش ئېغىر، كۆڭۈلسىز
جۆيلۇشلەر سەۋەبلىك بۇزۇلىدۇ.

قەيسەرنىڭ هاياتلىق شېرىنلىكىلا ئەمەس، ئاشۇ قىسقا دەمـ
لىك ئۇيقۇ شېرىنلىكىمۇ بۇزۇلدى.

چۈشتىن كېيىن خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەن كىشىلەر ئۇچـ
مە دەرىخى ئاستىدا ياتقان قەيسەرنى كۆرۈپ هەيران قېلىشتى.
شۇنداقلا، بۇ ئىشنى ئىبادەتخان ئانىنىڭ قىلغانلىقىنى چۈشىنىشـ
تى. ئـەمما، ئىش «كـۆرۈش»، «چۈشىنىش» بىلەنلا ئاخىرـ
لاشمىدى.

ئىشتىن چۈشۈپ، بۇ كوچىغا تەرلەپ يېتىپ كەلگەن تۇنجى
كىشى — ئىبادەتخان ئانىلارنىڭ قوشنىسى قەيسەرنى كۆرۈپ
توختاپ سالاملاشتى ۋە ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ئۆيىگە ماڭدى:
«هەي، بىچارە بالا؟ بۇنچىلىك جاپا تارتقۇدەك نېمىمۇ گۇناھ
ئۆتكۈزگەنسەن؟ ماكانسىزلىقنىڭ، ئاچ ـ توقلۇقنىڭ بىر گەپ...
ئەمدى بۇ كېسەللىكىمۇ سېنى بوزەك قىلسا... هەي، ئادەم هاياتـ
لىققا ئېرىشكەنىكەن، نورمال ياشىسا، نورمال ياشاش ئىمكانىيەتـ
تى بولمىسا ئەسلىدىلا هاياتلىققا ئېرىشمىسە... لېكىن، بۇنىڭغا
بەندىنىڭ نېمە ئامالى... قارىغاندا ئادەم ئىنساپ بىلەن هەقىقىي
ئادەم بولالايدىكەن. ئەگەر هېلىقى داۋۇتتا ئازراق ئىنساپ بولغان
بولسا، بۇ بالا بۇنچىلىك كۈنلەرگە قالماس ئىدى ...» مۇشۇنداق
خىياللار بىلەن يۈرىكىنى بىر نەرسە مەھكەم قىسىۋالغان بۇ ئادەم
بالىسىدىن قەيسەرگە بىر قۇتا ئۈزۈم كونسېرۋاسى چىقارتقاندىلا
ئازراق ئارام تاپقاندەك بولدى.

قەيسەر ئۆزۈم كونسېرۋاسىنى كۆرۈپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدى. قەيسەر بۇرۇن ئۆزۈم كونسېرۋاسىنى كۆرۈپ بىر يېڭىلىق سۈپىتىدە شۇنچە يەپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، پۇلىغا كۆزى قىيمىغان، نەپسىنىڭ بىر يېرىدىكى بوشلۇق تا بۈگۈنگىچە قىمىرلاپ كەلگەنىدى. خۇددى ئۆزۈم يەپ چوڭ بولغان تۇرپان بالىلىرى (بولۇپمۇ دېھقانلىرى) خېلى يىللارغىچە ئۆزۈم كونسېرۋاسى يەپ بېقىش ئارمانىدا يۈرگەندەك.

ئۇ ئۆزۈم كونسېرۋاسىنى مەززە قىلىپ يەپ، سۈيىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋاتقاندا، بۇ كوچىدىكى خىزمەتچىلەر ئىسسىق ھاۋادىن قاقشىشىپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. بەزىلەر قەيسەرگە مۇنداقلا، پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بىزارلىق ئىپادىلىرىنى ئاشكارا بىلدۈرۈپ قاراپ - قاراپ قويۇشتى. بۇ قاراشلار قەيسەرنى ۋۇجۇدىدىكى ئاغرىق ئازابىدىنمۇ بەكرەك ئازابلىدى، پۇچىلىدى. شۇڭا ئۇ مۇڭلۇق، غەمكىنلىك، بىچارىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇ نەزەرلەردىن ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىدىنمۇ، كېسەلنىڭ قىيىنىشىدىنمۇ ئېغىر بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

قەيسەر كۆزىنى ئەمدى باشقىچە تېتىۋاتقان كونسېرۋاغا تىكىپ تۇرغاندا بىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ۋېلسىپىتنى جالاقشىتىپ ئۆتتى. ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ بوش، ئەمما، ۋېلسىپىتنىڭ جالاقلىشىدىنمۇ دەھشەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئېغىر كېسەلنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ... يۇقۇپ قالسىزە....

بۇ گەپ قەيسەرنىڭ يۈرىكىگە قاتتىق تەگدى. بەدىنى تىكەنلەشتى. تۇيۇقسىز كوچىدا يالىڭاچ قالغان ئادەم كۈچلۈك ئۇيات ۋە نومۇس تۇيغۇسى ئىلكىدە بىرەر قۇتقۇزغۇچىنى ئىزدەپ ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپىغا قارىغاندەك تار كوچىنىڭ ئىككى بېشىغا

تېز ـ تېز قاراپ چىقتى. خۇددى سالامەتلىكى هازىرلا ئەسلىگە كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ گۇرسۇلدەپ مېڭىپ كېتىدىغاندەك، ئىششىپ كەتكەن پۇتى تىترەپ كەتتى. ئۆزىنى تۇتالمىغان قەيسەر ئىبادەتخان ئانىنى چاقىرىپ ئۆزىنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتماقچى بولدىيۇ، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئاۋازى چىقمىدى.

قەيسەر خېلىغىچە لېۋىنى چىشلەپ، ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن كۈچلۈك ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئارانلا تۇرغان روھىي دۇنياسى يەنە لىڭشىدى.

بىر چاغدا ئۆيلىرىدە بىرەر دەم ئارام ئېلىشىپ، سوۋۇتۇلغان چايلىرىنى ئىچىشىپ هاردۇقلىرىنى چىقىرىشقان كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ ئىشىك ئالدىلىرىغا چىقىشىپ، كەچكى قۇياشنىڭ نۇرلىرىنى توسۇپ، سايىگە چۆمگەن تار كوچىدا پاراڭغا چۈشتى. ئەلۋەتتە، مۇنداق ۋاقىتتا نېمە پاراڭ بولماقچى؟ گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر قۇرۇق پاراڭ بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىدۇ! شۇڭا، مۇنداق ۋاقىتتا پاراڭ تېمىسى پاراڭ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ دىلىنى رەنجىتمەيدىغان چاققان تېما بولۇشى كېرەك. دېمەكچى، ئۇلارنىڭ پارىڭى تەبىئىيلا قەيسەر ئۈستىدە بولدى. ئۇلار قەيسەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشى بىلەنمۇ ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمىدى.

— بۇ بالىغىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. لېكىن، كېسەل ئادەمنى كوچىغا ياتقۇزۇپ قويسا... بۇ تازىمۇ بىر ئىش ـ دە...

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن. كوچىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي، ئادەم كۆپ تۇرسا. كېسەل يۇقۇپ تارقىلىپ كەتسە، كىم ئىگە بولالايدۇ؟

— يامان يېرى كوچىمۇ باشقىچىلا بولۇپ قالىدىكەن، ئەمەسمۇ.

— ئىبادەتخانزە، ياخشىلىق قىلىمەن دەپ ئاشۇرۇۋېتىدىكەن. ئۆيىگە ئەكىرىپ باقالمىغاندىكىن، نېمە قىلىدۇ دەيمەن...

— بۇ ئايالغا ۋاقتىدا گەپ قىلىپ قويىدىغان ئىشتى.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەكچىلار، ناۋادا ئۆزىمىزنىڭ بالىسى بولۇپ قالغان بولسا...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىزمۇ ئۇ بالىغا يامان بولسۇن دېمىدۇق. لېكىن، ھەممىمىزگە ياخشى بولسۇن ـ دە.

ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى پارىڭى داۋاملىشىۋەردى. ھەتتا، بەزى مىجەزى چۇسلىرى بۇ گەپنى ئىبادەتخان ئانىغا مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ ئوچۇقلا دېمەكچىمۇ بولدى.

بۇ گەپلەر قەيسەرنىڭ كېسەل چىرمىۋالغان ۋۇجۇدىغا تىغ. دەك سانجىلىشقا باشلىدى. قەيسەر ئولتۇرالماي قالدى، تاقەت قىلالماي، كۆزلىرى دەم قاراڭغۇلىشىپ، دەم چەكچەيدى. دېمى سىقىلىپ، تېخىمۇ ھاسىراپ كەتتى. ئۆلۈك ئېقىۋاتقان قانلىرى بىردىنلا دەھشەتلىك ئۆركەشلەپ ئۇنىڭ ئەسەبىيلىرىنى قوزغاپ، ھېلىلا بەدەنلىرى تازا پىشقان تاۋۇزغا پىچاق سېلىنغاندەك چاراس ـ چاراس يېرىلىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ گەپ. لەرنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ شۇ غە. زەپ، ئاچچىق، خورلۇقنىڭ كۈچىدە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەت. تى. قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيۋاتقان قەيسەر قولىدىكى كونسېرۋا قۇتىسىنى تاشلىۋېتىپ كوچا بېشىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئېغىر، لېكىن كەسكىن ئىدى. قەيەر شۇ ھالەتتە ئازراق ماڭدىيۇ، ھالسىزلىنىپ، ئۆزىنى كونترول قىلالماي يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان پا. راڭچىلار قەيسەرنىڭ يىقىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بىردەم تېڭىر. قاپ قېلىشتى. ئاندىن «ھوي... ھوي...» دېيىشىپ قەيسەرنىڭ قېشىغا مېڭىشتى.

شۇ چاغدا قەيسەرنى ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئەكەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قەيسەرنى يوقلاپ ماڭغان بىرنەچچە تىجارەتچى ۋە سىرتتىن

يېڭىلا قايتىپ كەلگەن رىھىم شەپقەت كوچا بېشىدا پەيدا بولدى.

ئۇلار يېتىپ كەلگەندە قەيسەر كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ زەئىپ ھالدا ھاسىراپ ياتاتتى. كىشىلەر بۇنىڭدىن چۆچۈشتى ۋە دەرھال كۆتۈرۈپ بايىقى كارىۋاتقا قاراپ ماڭدى. ئەمما، قەيسەر كۆزىنى لەپپىدە ئېچىپ «ياق، ياق» دەپ ئىڭرىدى. كىشىلەر بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يەنە بىر قەدەم مېڭىشۇىدى، قەيسەر ھالسىز تېپىرلىدى. كىشىلەر بۇ ئەھۋالدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى. قەيسەرنىڭ مەقسىتىنى رىھىم شەپقەت بىردىنلا چۈشەندى.

— بولدى، ئۇنى دەرەخلىككە ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى ئۇ.

كىشىلەر ئارتۇق تارتىشماي دەرەخلىككە قاراپ مېڭىشتى. شۇندىلا قەيسەر كۆزىنى تىنچقىنا يۇمۇپ ئۆز ھالى بىلەن بولدى. رىھىم شەپقەت قەيسەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ ئېغىر تىنىپ قويدى.

كىشىلەر تارقىلىشتى. رىھىم شەپقەتمۇ ئۆيىدىكىلەرگە قەيسەر ئۈچۈن سۇيۇق ـ سەلەڭ بىر نەرسە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيىگە كەتتى.

ئەسلىدىلا يالغۇز قەيسەر يەنە يالغۇز قالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ يېڭىلا يورۇغان كوچا چىراغلىرىغا، ئۆزىدىن ئوتتۇز مېتىر نېرىدىكى ئەمدىلا قىزىشقا باشلىغان كىنوخانا ئالدىغا قارىدى.

بۇ يەر قانداق ئېسىل ماكان ـ ھە؟ ئەخلەت ـ يۇندى پۇراپ تۇرسىمۇ، قاتتىق يەردە ياتسىمۇ، چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ تۇرسىمۇ قەيسەر ئۈچۈن ئەڭ راھەت، خاتىرجەم يەر مۇشۇ يەر ئىكەن، مۇشۇ ماكان ئىكەن! مۇقەددەس ماكان دېگىنى كىشىلەرنىڭ ئەزىزلىگەن، قەدىرلىگەن يەرلىرىغۇ. مەسىلەن، بىرىلىرىنىڭ گۈزەل، يېشىللىققا تولغان كەنتلىرى، بىرىلىرىنىڭ ئوۋ خۇمارىدىن

چىقىدىغان تاغلىرى، بىرىلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ رەڭگا رەڭلىكىنى ھېس قىلىدۇرىدىغان مەركىزىي شەھەرلىرى... دەرۋەقە، بۇ يەر ـ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن قالغان، قەيسەر ياتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان بۇ جاي — قەيسەرنىڭ مۇقەددەس ماكانى!

پۈتۈن ۋۇجۇدى تىنچلىنىپ قالغان قەيسەر ئۆزىنى تىڭشاپ تۇرۇپ ئەمدى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ھالدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدى. «مەيلى، ئۆلسەممۇ مۇشۇ جايدا خاتىرجەم ئۆلەي، ھاياتتا مەن تارتىشقۇدەك نېمە بار؟ ھايات تۇرۇشۇم زادى نېمە زۆرۈرىيەت ئۈچۈن؟ ئەكسىچە باشقىلار ئۈچۈن يۈك ئىكەن-مەنغۇ، گەرچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ...» ئارقىدىن قەيسەر شۇنچىلىك جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ، خورلۇقلاردىن پۈچىلىنىپ ئېرىشكىنىنىڭ مۇشۇ قىسمەت بولغىنىدىن ھەيران قالدى. ئە-گەر، ئۇ يەنە شۇنچىلىك دىشۋارچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلىسە، قانداقراق تەقدىرگە دۇچ كېلەر؟ «جاپالىق كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كې-تىدۇ» دېگەنىبىلەن شۇ جاپالىق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈۋاتقان ۋاقتى ئادەمگە بەك ئېغىر كېلىدىكەن ئەمەسمۇ. ھېلىقى ناخشا كۈلپەت تارتقۇچىلار ئۈچۈن تازىمۇ جايىدا ئېيتىلغانىكەن (لېكىن ناخشا قىلىپ ئېيتقان بىلەن جاپاغا چىداشنىڭ تەسلىكى):

*نى بالالار كېلىدۇ،*
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.*
*سايدا تۇگمەن چۆرگىلەر،*
*كۆزدىن ئاققان يېشىغا.*

ئاياغ تىۋشى بىلەن قەيسەرنىڭ خىياللىرى ئۈزۈلدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ جىممىدە يېتىۋالدى. كەلگۈچى ئاستا قەدەملەر بىلەن كېلىپ قەيسەرنىڭ يېنىدا خېلىغىچە جىممىدە تۇردى. ئاندىن ئاھ ئۇردى:

— كىمدىن ئاغرىنغۇلۇق··· ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئاسرى-
شىنى ئەيىبلىگىلى بولامدۇ؟ سالامەت بولغان بولساڭغۇ، ھەرنېمە
بولسىمۇ، بۇ كۈنلەر بولمىغان بولار ئىدى···

بۇ ئىبادەتخان ئانا ئىدى. باياتىدىن بېرى قاتتىق خورلۇق
ھېس قىلغان ۋە ئۈمىدسىزلىككە پاتقان بولسىمۇ، كۆزىدىن بىر
تامچىمۇ ياش ئاققۇزمىغان قەيسەر ئەمدىلىكتە كۈچلۈك ئانىلىق
مېھرىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۆزىنى تۇتالماي ئىختىيارسىز يىغ-
لاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىنى كۆرۈپ ئىبادەتخان
ئانىمۇ ئۈنسىز كۆز يېشى قىلدى. ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئانىلىق
باغرى ھەقىقەتەن چىدىماي قالغانىدى.

— بالام قەيسەر، — دېدى ئىبادەتخان ئانا خېلىغىچە ئەنە
شۇنداق پۇچىلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — سەن يەنە بىر
مەزگىل چىداپ تۇر. ئالدىمىزدا ھويلىدىكى ئەسكى - تۈسكىلەر
بار ئامبار ئۆينى قايتىدىن ئوڭشاپ ئىككى ئېغىز ئۆي سالىدىغان
بولدۇق. شۇ چاغدا سېنى ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئۆزۈم باقىمەن. يەنە
ئون - يىگىرمە كۈن جاپا تارتىدىغان بولدۇڭ··· شۇنچە بالىنى
بېقىپ چوڭ قىلغان ئادەممەن، ئەمدى سېنى بېقىشقا مادارىم
يەتمەسمۇ؟ كۈنۈم مۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەس. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇ-
ۋاتقان ئىككى بالام 7 - ئايدا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلسە، كۈنىمىز
ياخشىلىنىپمۇ قالار···

— ھېلىمۇ سىلىدىن··· مەن بەك··· رازى، — دېدى قەيسەر
بوش شىۋىرلاپ. ئىبادەتخان ئانا بىر گەپنى دېمەكچى بولۇپ كۆپ
ئىككىلەندى. ئاندىن ئېھتىيات بىلەن ئېغىزدىن چىقاردى.

— يا··· ئاپاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقايمۇ···

بۇ گەپتىن قەيسەرنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشتى. قەلبى غۇم،
نەپرەتكە تولدى، مۇشتى بوش تۈگۈلدى.

— ياق، ياق، — دېدى قەيسەر ئاچچىقى بىلەن، — ئۆلۈپ
كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۇلارنى كۆرگۈم يوق.

ئىبادەتخان ئانا ھازىرچە بۇ گەپنى دېسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئارتۇق سۆزلىمىدى ۋە ئورنىدىن تۇردى:

— ئوبدان ئارام ئال، كۆڭلۈڭ تارتقان تاماقنى ماڭا دە...

ئىبادەتخان ئانا كېتىپ قالدى. قەيسەر «ھەي، نېمىشقا مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسى بولۇپ قالمىغاندىمەن؟» دەپ ئويلىدى ئەلەم بىلەن.

قايناق شەھەرنىڭ قايناقلىقى بۇ كىچىككىنە زېمىندىن ئە-گىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شەھەرنىڭ خۇشاللىقلىرى دارىمايدۇ، تەن-تەنىلىرى تەسىر قىلمايدۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى شېرىكمۇ قىل-مايدۇ. ئەمما، قەيسەر پەقەت مۇشۇ ئۇنتۇلغان كىچىككىنە بوش-لۇقتىنلا خاتىرجەملىك تاپالايدۇ.

روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى زەربە قەيسەرنى بارغانسېرى تۈگەشتۈرۈشكە باشلىدى. تۇرپاننىڭ قاتتىق ئىسسىق كۈنلىرىنى-مۇ مۇشۇ يەردە تەرلەپ يېتىپ كۆتۈۋالدى. ئۈزىتىپ قويدى. ۋاقىت مۇشۇنداق تەكرارلانسىمۇ، بىراق، قەيسەرنىڭ تەكرارلان-ماس ياشلىقى مۇشۇنداق ئۆتۈپ، تەكرارلانماس ھاياتى مۇشۇنداق خوراپ كېتىۋاتاتتى.

رېھىم شەپقەت ۋە ئىبادەتخان ئانا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى كېلىشىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ھەر كۈنى قەي-سەرگە تاماق چىقارغاندىن سىرت، ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ، كۆڭلىگە ئەمىنلىك، تەسەللى بېرىشىپ كېتەتتى. لېكىن، ئاخىرى بېرىپ كېسەل قەيسەرنى يىقىتتى. ئۇ ھەتتا تەرەتكە بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ ئارانلا چىقا-لايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغاچقا قەيسەر ئۆزىنى پەقەت ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقان ئادەم دەپلا بىلىدىغان بولدى.

قەيسەرنىڭ ھالى ھەقىقەتەن خاراب ئىدى. ئاخىرى بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلى تاماقىمۇ تارتمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالايىتەن قىلىنغان تاماقلارنىمۇ

تۇزۇك يېيەلمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلىغانچە، ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان كېسەل ئۇنى تېخىمۇ بوزەك قىلىشقا باشلىدى. بەزى كۈنلىرى قەيسەر بېشىدا شۇنداق ياخشى تاماقلار تۇرسىمۇ كۈن بويى ئاچ ياتاتتى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىغا پەقەت چىدىمىغان ئىبادەتخان ئانا بىر كۈنى ئۇستىخان شورپىسىغا ئازراقلا خېمىر تاشلاپ، ئىشتىھا ئاچىدى-غان دورا ـ دەرمەكلەرنى ئوبدان تەڭشىگەندىن كېيىن قەيسەرنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ ئاش قەيسەرگە بەك خۇشيېقىپ بەش ـ ئالتە قوشۇقنى ئالدىراپ ئىچكەن بولسىمۇ، يەنە گېلى تۇتۇلۇپ قالدى. سۇيىنىمۇ خۇددى توپىنى يۇتقاندەك قىينىلىپ تۇرۇپ يۇتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئىبادەتخان ئانا نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ھەي، يوقسۇزچىلىق، ھەي، نامرات-لىق! بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق تۇگىشىپ كېتىشىگە قاراپ تۇ-رۇشقا ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭلى چىدىمايدىكەن. ئەمما، كۆ-ڭۈل چىدىمىغان بىلەن نېمە ئامال؟ كۆزنى يۇمۇپ، ئۆزىنى ئەپقېچىپ كۆرمىدىم دەپ يۈرگەندىن، ئازراق بولسىمۇ ئىللىقلىق بېغىشلاش، مېھىر يەتكۈزۈش كۆپ ياخشىغۇ! بىر نورمال ئىن-سانلا بولىدىكەن ھەر ۋاقىت ياكى ھامىنى مېھىرگە موھتاج بولىدۇ. شۇڭا «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەس.

ئىبادەتخان ئانا قەيسەرگە قاراپ خېلىغىچە ئېغىر خىيالغا پېتىپ ئولتۇردى. ئاخىرى «ئاجىز بەندەڭگە خۇدايىم ئۆزۈڭ بار» دەپ ئېغىر، ئازابلىق خىيالدىن ئۆزىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى.

— نېمىلا بولسا ئازراق بىر نەرسە يەپ بەرسەڭ ياخشى بولاتتى، بالام، يېنىپ چىقىپ كەتسىمۇ يۇقۇندىسى بولسىمۇ قالاتتى ئەمەسمۇ، — دېدى ئىبادەتخان ئانا كۆڭلى بۇزۇلۇشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، — ھەر نېمە بولسا جېنىمىزنى جان ئېتىپ

تۇرساق، ياخشى كۆنلەرمۇ بولۇپ قالار ئىدى. مۇشۇنچە چىڭ جاننى بەرگەن خۇدايىمنىڭ بىر شەپقىتىمۇ باردۇر... شۇڭا تولا يامان خىياللارنى قىلماي، كۆندە ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە يەپ بەرگىن.

قەيسەر بېشىنى ئاستا چايقىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— ئۆتمەيدۇ، ئىچىمنى كۆيدۇرۇپ، كەينىگە يانىدۇ، — دېدى قەيسەر ھاسىراپ تەستە سۆزلەپ، — بىرنېمە يۇتمىسام... بىرئاز ئارام تېپىپ قالىدىكەنمەن.

بۇ گەپتىن ئىبادەتخان ئانا ئۆزىمۇ يوشۇرۇن بىر ئۈمىدسىزلىكنى سېزىپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ، باشقىچىلا بولۇپ كەتتى ۋە بۇ ھەقتە سۆزلەشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىبادەتخان ئانا يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ قولىدىن كېلىدىغان نېمە ئىش بار؟ ئۇنىڭ يۈرىكى ئامالسىزلىق جۇدۇنىدا مۇزلاپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۆزىنى گۇناھكاردەك، ۋىجدان ئازابىغا قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئارامسىزلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. بىر چاغدا قەيسەرنىڭ كىيىم - كېچىكى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇزۇن مەزگىل كىيىلىپ، بىرەر قېتىممۇ يۇيۇلمىغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلەك ۋە ئىشتىنى كىرلىشىپ، قېتىپ قالغانىدى. قەيسەرنى بىلمىگەنلەر قارىسىمۇ ئىچى ئېلىشقۇدەك دەرىجىدە كىر بولۇپ كەتكەن كىيىملەر ئۇنىڭ بەدىنىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قىيناۋاتقان يەنە بىر دۈشمەن ئىدى. توۋا بۇنى نېمىشقا بۇرۇنراق ھېس قىلمىدىم ـ ھە. ئىبادەتخان ئانا خۇددى گۇناھىنى يۇيۇش پۇرسىتىنى تاپقاندەك ھېسسىياتقا كەلدى.

— كىيىملىرىڭنى يۇيۇپ بېرەي، — دېدى ئىبادەتخان ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ، — كىيىم پاكىز تۇرسا ئادەم يېنىكلا بولۇپ قالىدىغان نېمە.

— بۇ... بۇ... ، — كېسەل ئازابىدا قىينىلىپ ياتقان قەيسەر بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتى. ھەقىقىي ئىنساني تۇيغۇنىڭ سېھرىي كۈچى مانا مۇشۇ.

— نېمىدىن تارتىنىسەن، كەچ كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ يېنىڭغا باشقا بىر كىممۇ كېلىپ يۈرمەس، — دېدى ئىبادەتخان ئانا ئۇنى سۆيلەپ، — ھازىر يۇيۇپ قويسام ناماز غا قوپقىچە قۇرۇپ كەتسە ئەكېلىپ بېرىمەن.

ئەمما، قەيسەر يەنە ئۈنىمىدى. ئىبادەتخان ئانىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ قەيسەرنىڭ يەڭلىرىنى تارتىشتۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىرى قەيسەر كۆڭلىكىنى سېلىشقا مەجبۇر بولدى. كۆڭلەكتىن قاڭسىق بەتبۇي پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

— ئىشتانىنىمۇ سال، — دەپ بۇيرۇدى ئىبادەتخان ئانا.

— ياق، ياق، — دېدى قەيسەر كۆزىنى ئەپقېچىپ.

— نېمىدىن خىجىل بولىسەن؟ بەزىلەر كۆپكۆندۈزدىمۇ كوچىدا كۆسارچان يۈرمەمدۇ؟ بۇ كېچە تۇرسا... چاققان بول...

قەيسەر يەنە ئۈنىمىدى. ئۇنىڭغا تولا گەپ قىلىپ ئىبادەتخان ئانىمۇ ھېرىپ قالدى ۋە تەر، كىر دەستىدىن قېتىپ كەتكەن كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ماڭدى.

كېچە قوينىدا تەنھا قالغان قەيسەر يەنە ئۆزىنى قەبرىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. قەبرىگە كۆمۈلگەنلەرنىڭ يېقىنلىرى ئاردىلاپ - ئارىلاپ يوقلاپ قويىدۇ. بۇ يەردىمۇ شۇ. دائىم دېگۈدەك كېلىپ تۇرىدىغان رېھىم شەپقەت، ئىبادەتخان ئانىلار ۋە ئارىلاپ كېلىپ قالىدىغان بىرنەچچە ئۇششاق تىجارەتچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنى ھېچكىم يوقلاپ كەلمەيدۇ، يوقلىمايدۇ ئەمەس، ئۆزىدەك بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنىمۇ ئويلىمايدۇ.

قەيسەر ئەنە شۇنداق تۇيغۇدا يېتىپ، ئىبادەتخان ئانىنى چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن ئويلىدى. ئاندىن خىجىللىقتىن يۈزى قىزارغاندەك بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدە كالتە ئىشتىنى

يوق ئىدى. قەيسەرنى قاتتىق نومۇسلاندۇرغان ئىش مۇشۇ ئىدى. ئادەتتە، ئادەملەر ئىچىگە كالتە ئىشتان كىيمىسە كۆڭلى بىرخىل بوشلۇقنى، كەملىكنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، قەيسەرمۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ھالدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ يىغلىغۇسى كەلگەنىدى.

ۋەھالەنكى، قەيسەر مەيلى قانداق ھالدا تۇرمىسۇن شەھەر بارا - بارا كېچە جىمجىتلىقىغا چۆكمەكتە ئىدى. بۇ جىمجىتلىقتا كىملەرنىڭدۇر خۇشلۇقى، كىملەرنىڭدۇر جاپا - مۇشەققىتى، قەيسەردەكلەرنىڭ كۆز يېشى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، كىمنىڭكىنى كىم بىلەلىگەن؟ قەيسەرمۇ بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى ئۆزىنىڭ نادامىتى ۋە مۇشۇ كىچىككىنە، بىراق، مۇقەددەس ماكانى. ھەر ئادەمنىڭ مۇقەددەس ماكانى بولۇشى كېرەك، مەيلى ئۇ ئېغىل بولسىمۇ.

# ئون سەككىزىنچى باب

## بالام!

شەھەر بىر كۆنلۈك ئالدىراشچىلىقىنى تۈگىتىپ، ئۇيقۇغا باش قويغان چاغدا، قەيسەر يەنىلا ئويغاق ياتاتتى. كېچە ھەرقانچە ئۇزۇن، ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ تۈتاش مېھىرلەرنىڭ چېقىندىلىرى ھەر ۋاقىت ئۈچرىشىپ تۇراتتى. ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ سېھرى شۇ بولسا كېرەك.

دەرۋەقە، كەچكىچە كىر يۇغان ئىبادەتخان ئانا پەقەت ئۇخلىيالمىدى. كۆزىنى مەجبۇرىي يۇمۇپ باقسىمۇ، خىياللىرى ھەريان چېپىپ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ تۇردى. خۇددى خەتەر يۇز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىپ، كۆڭلى ئۇيۇپ تۇردى. ئوقۇۋاتقان باللىرىغا بىرەر ئىش بولدىمىكىن دېسە، بۇگۈن كەچقۇرۇنلا ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىدىن خەۋەر كەلدى. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىشقا مۇنداق ئەنسىز سېلىپ ئۇنى ئارامسىزلاندۇرىدىكىنە؟ «چارچاپ قالغان ئوخشايمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىنى بەزلەپمۇ باقتى، لېكىن خىياللىرى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا بويسۇنماي ئەنسىز چالغىپ تۇردى. ئېنىقسىز، ئەمما ئادەمنى بىئارام قىلغۇچى تۇيغۇلار تۈپەيلى ئىبادەتخان ئانا خاتىرجەم ياتالمىدى. ئۇ چىراغنى ياندۇرۇپ ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ «نېمە بولدۇمكىن؟» دەپ بېشىنى سىلىپ ئويلىنىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن تۇيۇقسىز

قەيسەرنى ئېسىگە ئالدى: «ئۇ بىچارىگە بىرەر ئىش بولدىمۇ ـ يا؟» ئەمما، ئۇ بۇ خىيالىغا ئانچە ئىشىنەلمىدى: چۈنكى، ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا كۆكتات ئالغىلى بازارغا چىقىپ قايتى-شىدا قەيسەرنىڭ قېشىغا بارغىنىدا، ئۇ بىر ئۆبدانلا قالغانىدى. ئۇ بۇنچە تېز... ئۆزگىرىپ قالمىغاندۇر؟ ئىبادەتخان ئانا «قېرىپ قالغىنىمدىن ئۆيقۇم قېچىۋاتامدۇ، نېمە؟» دەپمۇ ئويلاپ باقتى، بىراق، ئۇنىڭ هازىرقى ئارامسىزلىقى «قېرىپ قالغاندىكى ئۇيقۇ قېچىش» قا پەقەت ئوخشاشمايۋاتاتتى. قەيسەر ئىبادەتخان ئانىنىڭ خىيالىدىن قەيسەرنىڭ بايىقى تۇرقى چىقمايلا قويدى. بۇنىڭدىن بىر خىل تىت ـ تىتلىق هېس قىلغان ئىبادەتخان ئانا سىرتنى ئايلىنىپ كىرگەچ، قەيسەرگە قاراپ باقماقچى بولدى. شۇنداق قىلسا، بەلكىم ئۇنىڭدىكى ئارتۇق خىياللار نېرى بولۇپ، ئۇخلاپ-مۇ قالار. شۇ ئويغا كەلگەن ئىبادەتخان ئانا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

ئىبادەتخان ئانا كېچە جىمجىتلىقىنىڭ هۇزۇرىنى سۇرگەچ قەيسەر ياتقان دەرەخلىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ دەرەخلىككە يېقىن كېلىشى بىلەن سۇس ئىڭرىغان ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى. بۇنىڭدىن غەيرىيلىك هېس قىلغان ئىبادەتخان ئانا زەن سېلىپ تىڭشىدى. بۇ سۇس نالە دەرەخلىك ئىچىدىن چىقىۋاتاتتى. شۇ هامان بىر نەرسىنى ئويلاپ ئۈلگۈرگەن ئىبادەتخان ئانىنىڭ يۈرى-كى ئەنسىز جىغىلدىدى. ئۇ ئالدىراپ دەرەخلىككە كىردى. دەر-ۋەقە، قەيسەر چۈشىنىكسىز جۆيلۈپ، ئازابلىق ئىڭراپ ياتاتتى. ئىبادەتخان ئانا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاستا چاقىردى:

— قەيسەر... قەيسەر بالام...

بىراق، قەيسەر كۆزىنى ئاچمىدى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن ئى-بادەتخان ئانا قەيسەرنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. تۇتتىيۇ، ئەندىكىپ كەتتى. چۈنكى، قەيسەرنىڭ پېشانىسى ئىنتايىن قىزىق ئىدى، قوللىرىمۇ ئوت ئىدى. نېمە ئىشلىقىنى سەزگەن ئىبادەتخان ئانا

باش ياغلىقىغا قەيسەرنىڭ يېنىدىكى بوتۇلكىدىكى سۇدىن قۇيۇپ،
قەيسەرنىڭ پېشانىسىگە ئاۋايلاپ قويدى. بۇ قەيسەرگە خۇشياقتى
بولغاي، نالىسى بىر ئاز بېسىققاندەك بولدى.
يۇرىكى ئېچىشقان ئىبادەتخان ئانا قەيسەرنىڭ يېنىدا ئولتۇ-
رۇپ قالدى. ئەمدى كىچە جىمجىت ئەمەس ئىدى. قەيسەرنىڭ
ئازابلىق نالىسى هاياتنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى يەتكۈچە تارتىۋات-
قان بىر جاننىڭ كېچە جىمجىتلىقىدا مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ
تۇراتتى. ئانىنىڭ يۇرىكى بىكارغا ئاغرىغانىكەن - دە، ئەمما...
ئەمما... بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان ئۆيدە هاياتنىڭ شىرىن-
لىكىنى تېتىۋاتقان، رېئاللىقتا «ئانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇ ئايال-
دا — سارەمدە ھەقىقىي ئانىلارغا خاس مېهىر بارمۇ، يوق؟
ئانىلىق مۇھەببىتى دائىم ئۇچقۇنداپ تۇرامدۇ، يوق؟ بالا ئۇچۇن
سەدىپارە بولامدۇ، يوق؟ پەرزەنتىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۇچۇن
ئۆزىنى قۇربان قىلالامدۇ، يوق؟ ئىبادەتخان ئانا بۇلاردىن گۇماند-
لاندى. ئۆزىنىڭ شۇنچە كۆپ بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشقىچە
تارتقان جاپاسىنى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن تەڭ تېخىمۇ جۇلالىنىپ
بارغان ئانىلىق مېهرىنى ئويلىغىنىدا بۇ گۇماندىن ھەيران قال-
دى. چۈنكى، ھەرقانداق باغرى تاش، سوغۇق تەلەت، بىشەم
ئانىلاردىمۇ مەڭگۇ يىمىرىلمەس ئانىلىق مېهرى بولىدىغۇ؟
ئەجەبا...
قەيسەرنىڭ ئۇنلۇكرەك گۇدىرىشى ئىبادەتخان ئانىنى كۆز
ئالدىدىكى رېئاللىققا قايتۇردى. كۆز ئالدىدا بايىقى گۇماننىڭ
كۇچلۇك ئىسپاتى تۇراتتى.
ئازاب - ئوقۇبەت دەستىدىن نۇرى قاچقان كۆزىنى سەل
ئاچقان قەيسەر ئىبادەتخان ئانىنى كۆرۈپ لەۋلىرىنى يالىدى.
ئىبادەتخان ئانا دەرھال بوتۇلكىنى ئېلىپ قەيسەرگە سۇ ئىچۇر-
دى. ئاندىن ياغلىقىنى يەنە نەمدەپ پېشانىسىگە قويدى. بۇنىڭدىن

قەيسەر خېلى ئارام تېپىپ قالدى. ئىبادەتخان ئانا ئۇنىڭ يۈزلىرى-
نى سىلىدى.

— ئەجەبمۇ كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىسەن، بالام، — دېدى ئىبا-
دەتخان ئانا ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىپ، — بۇنداق دەردنى
سېنىڭدەك ئاق كۆڭۈل ئادەملەر تارتقۇچە نائەھلىلەر تارتسا بول-
مامدىغاندۇر؟ بۇنداق كۈنلەر ئاشۇنداقلارنىڭ بېشىغا كېلىپ،
ئۇلارنىڭ دىلىنى رۇسلىسا بولمامدىغاندۇر؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەيسەر كۆزىدىكى ئەلەملىك، پىغانلىق
ياشلىرىنى تۇتۇپ قالالمىدى.

— يىغلىۋال بالام، ھېچبولمىسا ئىچىڭ بوشىسۇن، —
ئىبادەتخان ئانا ئۆزىنىڭ ۋە قەيسەرنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈ-
رەلمەي قالدى.

يىغلىغۇدەك ئازابلار ئۈچۈن يىغلىغۇلۇق، بۇمۇ ھەقىقىي
ياشايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت. چۈنكى،
بەزى ئادەملەر ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ يىغلاپ ئېقىپ
كېتىدىغۇ.

قەيسەر تازا يىغلىۋالاي دېگەندەك كۆز يېشىنى قويۇپلا بەر-
دى. بۇ كۆز ياشلارنىڭ مەنبەسى ئانىلىق مېھرىدىن نەچچە يىل
مەھرۇم قالغان دەردلىك، ئارمانلىق بىر يۈرەك، بۇ يۈرەك
«بالام» دېگەن ۋەزنى چوڭقۇر سۆزنى ئاڭلاشقا شۇنچە تەشنا، مۇنۇ
ئانىنىڭكىدەك ئىللىق چىرايىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار. ئادەم ئۆلۈم
گۆلىنى قىسىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئۆز ئانىسىنىڭ «بالام» دەپ
باغرىغا بېسىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ - ھە! ، ئەمما، شۇ
تاپتا، قەيسەر نىمجان ھالدا ھاياتقا تەلپۈنۈپ تۇرغاندا يات بىر
ئانىنىڭ ئانىلىق باغرى ئۇنىڭغا كەڭ ئېچىلدى. لېكىن، بۇ
ئانىلىق مېھرىدە قەيسەرگە يېتىپ ئاشقۇدەك سېھرىي قۇدرەت
بار. شۇنداق ئىكەن، ئانا يات بولغان بىلەن مېھرى ئۇنىڭغا

تەبىئىي، مەھكەم باغلانغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆز يېشى ھازىر قەدىرلىك.

قەدىرلىك كۆز ياشلار، تۆكۈلگۈدەك بولسا تۆكۈلۈڭلار! دەردلىك يۈرەكتە تۇرۇۋېرىپ پىغاننى ئۆرلەتمەڭلار!

— مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، — دېدى بىردىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىبادەتخان ئانا، — مەن ئەتىلا ئاناڭ بىلەن كۆرۈشىمەن. ئۇلار ئەھۋالىڭنى بىلسۇن، كۆرسۇن، باغرىدىن چىققان پەرزەنتى مۇشۇنداق ھالدا تۇرسىمۇ چىدايدىغان قانداق ئانىكەن ئۇ. مەن بىر كۆرەي، ئەگەر ئۇلاردا شۇنچىلىكمۇ ئىنساپ بولمىسا...

— بولدى ئاۋارە بولمىسىلا، — دېدى قەيسەر تولىمۇ كۈچىنىپ سۆزلەپ، — ئەمدى ھېچبىر ھاجىتى يوق. پۈتۈنسۇرۇك ئوغۇل بالا چېغىمدا، قولۇمدىن ھەر ئىشلار كېلىدىغان ۋاقىتتا مېنىڭدىن تانغان ئادەملەر... ئەمدىلىكتە... مۇشۇنداق ئۆلەرمەن بولۇپ ياتقان ئادەمگە ئۇلار... كەينىنىمۇ قىلماس... بولدى، مېنىڭمۇ ئۇلارنى كۆرگۈم يوق.

— ياق، سەن ئۇنداق دېمە، مېھىر دېگەن باشقىچىلا نېمە. بۇ يېشىمغىچە ھەر ئىشلارنى كۆردۈم. ھەرقانچە ئانا بولسىمۇ، ئۆگەي ئانىچە بولماس.

قەيسەر جىمىپ قالدى. ئىبادەتخان ئانا ياغلىقىنى يەنە ھۆللەپ قەيسەرنىڭ پېشانىسىگە باسقاندىن كېيىن، دورا ئەكېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ماڭدى.

ئىبادەتخان ئانىنىڭ بايىقى سۆزلىرى بىلەن قەيسەرنىڭ خىيالىغا سارەم كىرىۋالدى. قەيسەر ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزى ھەققىي تەشنا بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ قالدى. ئۇ ئاپىسىنى سېغىنىپتۇ، كۆرگۈسى كېلىپتۇ. گەرچە، سارەملەر كىنوخانا تەرەپكە كېلىشتىن ئۆزلىرىنى تارتقان، قەيسەرنى كۆرۈپ قېلىشنى خالىمىغان بولسىمۇ. قەيسەر ئۇلارنىڭ بۇ نىيىتىنى

باشتا سەزگەن، ئۇلاردىن نەپرەتلەنگەنىدى. شۇ تاپتا قەيسەر ئۇ-لارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇدى. پەقەت ئاپىسىنى كۆرۈش ئىستىكى-دە ئەمدىلىكتە يۈرىكى ئوت بولۇپ ياندى.

دورا، قايناق سۇ ئەكەلگەن ئىبادەتخان ئانا قەيسەرگە دورا ئىچۈردى، ئۆيىدىكى جۇمەك سۇيىدە يۇيۇپ چىققان لۆڭگىنى قەيسەرنىڭ پېشانىسىگە باستى. بىر ئازدىن كېيىن قەيسەر ئۆزىنى خېلى ئارام تېپىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. لېكىن، كۆڭلى بىر ئازمۇ ئارام تاپالماي قالدى. بايىقى خىيالىدىن ھەرقانچە تىرى-شىپمۇ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ چىقالمىدى... ئاخىرى چىدىماي كۆڭلى-دىكىنى ئېيتىۋەتتى:

— ئاپامنى كۆرمىگىلى ئىككى يىلدەك بولۇپ قاپتۇ... نېمىلا بولسام... ئاپامنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام... يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋالسام مەيلى ئىدى...

— يامان خىيالنى قىلما، لېكىن، ئاپاڭ بىلەن كۆرۈشمى-سەڭ، ياراشمىساڭ قانداق بولىدۇ. سەن خاتىرجەم بول، تېزلا ئوڭشىلىپ ئەسلىگە كېلىسەن.

ئىبادەتخان ئانا قەيسەرنىڭ پېشانىسىدىكى لۆڭگىنى ئالماش-تۇرغاچ ئانىلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئەزەلدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئانىلارنىڭ ئاچچىقلىنىپ تىللاشلىرىدىمۇ كۈچلۈك مۇھەببەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىرىماي ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە سۆزلىدى. قەيسەر بۇ گەپلەرنى، سارەم ھېلىلا «بالام» دەپ قۇچاق ئېچىپ كېلىدىغاندەك ئارزۇدا ئاڭلىدى. دورا ۋە ھۆل لۆڭگە كۈچىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك سەز-گەن قەيسەر ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمدى، ئۇنىڭ ھېلىقى ئازابلىق ئىگراشلىرى ئاساسەن توختىغانىدى.

ئىبادەتخان ئانا ئۇنىڭغا قاراپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ سارەم بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلگەنى-دى. «بۇزە، بۇ يەردە ئۆلىمەن دەپ ياتسۇن، سەن ئۇ يەردە

شېرىن ئۇيقۇڭنى ئۇخلاپ يېتىۋەر... سەن ئانا بولغان ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ كۆرۈپ باق... مۇشۇ ھالەتتىكى بالىنى كۆرۈپمۇ، بالام، دەپ باغرىڭنى يارمىساڭ... بولدى... . بولدى مانا مەن ئۇنى بالا قىلىۋالمەن. بالام دەپ چاقىرىمەن، ئەگەر كېسەللى يوقسا ماڭا يوقسۇن، مېنىڭ قېرى جېنىمنى ئېلىپ ئۆزى ساق قالسۇن...»

# ئون توققۇزىنچى باب

## ئۇ ئىشىك يەنە ئېتىك

سەھىپىمىزدىن خېلىدىن بۇيان چەتتە قالغان بۇ كوچىدا قەيسەرنىڭ نۇرغۇن مۇرەككەپ ھېسسىياتلىرى قالغان. ھويلىدىكى يېڭىلىقى بىلىنىپ تۇرغان ئۆيگە قەيسەرنىڭ نۇرغۇن ئەجرى سىڭگەن، لېكىن ئاشۇ ئۆي ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ ئازاب ئەكەلگەن، ئەڭ قاتتىق بەدەل تۆلىگەن. ئەمما، بۇ ئۆي يەنە شۇ يېڭىلىقى بىلەن. مەلۇم نەرسىلەر ياخشى نىيەتلەر بىلەن مەيدانغا كەلسۇن ياكى رەزىل نىيەتلەر بىلەن مەيدانغا كەلسۇن، ئۇ نەرسىلەر ۋاقىتنىڭ كەسكىن سىناقلىرىدىمۇ ئادەم ۋە ۋاستىسىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدىكەن. كىشىلەرمۇ ئادەم ۋە ۋاستىنىڭ رەزىللىكىدىن پايدىلىنىپ نەرسىنىڭ قىممىتىنى باغلىۋالمايدىكەن. مەسىلەن، تۇرپان مۇنارى، بېيجىڭ خان سارىيى... شۇنىڭدەك، ئۇ ئۆيمۇ ئۇ ئازابلاردىن، ئۇ بەدەللەردىن پەرۋاسىز ھالدا ئۆز يېڭىلىقى بىلەن. مۇشۇ يېڭىلىقىنىڭ ئىگىسى بولسا ئۆلۈم چىشلىرى ئارىسىدا.

ھويلىدا ھېلىقى ئادەملەر، ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتى بىلەن دەرەخلىكتە ئىگراپ ياتقان قەيسەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوقتەك... ئۇلارمۇ ئۆز غېمىدە.

داۋۇت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، قولىنى سىلكىپ سەلىمەگە ھەدەپ كايىۋاتاتتى:

— ھە دېسىلا ئانچىكىم ئىشلار ئۈچۈن يامانلاپ كېلىۋالساڭ، بۇ مەھەللىدە يۈزىمىزنى نەگە قويۇپ يۈرىمىز؟ (قەيسەرگە قىلغان يۈزسىزلىكىدىن ئەينى چاغدىلا بۇ مەھەللىدە ئۇنىڭ يۈزى قالمىغان) مۇشۇ قوپال مىجەزىڭ بولىدىغان بولسا شاھزادىگە تەگسەڭمۇ بەربىر (ئۆزى قوپاللىقتا، سوغۇق نەپەسلىكتە بالىلىرىغا ئۈلگە). سېنىڭ دورىڭدا① ماڭا زادى ئاراملىق بولمىسا. تولا يالغان سەۋەب كۆرسەتمەي، تىنچ ئۆيۈڭنى تۇتۇشنىڭ غېمىنى قىل... ئەمدى مىشىلداپ كەلگۈچى بولما... خۇمار قىلدىغۇ ئادەمنى...

داۋۇت ئىشىكلەرنى تاراقلىتىپ سىرتقا ماڭدى. يالغاندىن مىشىلداپ ئولتۇرغان سەلىمە دەرھال توختىدى ۋە سارەمگە، گۈلشەنگە ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى.

— دادىڭىز توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى سارەم تەنبىھ ئاھاڭىدا (قەيسەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ سارەمنىڭ قورسىقى تومپايغاندىن كېيىن سارەمنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئورنى خېلى ئۆسۈپ قالغانىدى)، — ئايال كىشى دېگەن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆي تۇتۇشنىڭ غېمىنى قىلغىنى ياخشى. قۇرۇق جاڭجاللىشىپ، باتناپ يۈرگەننىڭ تازا پايدىسى يوق. شۇنداق قىلىۋېرىپ نېمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ناۋادا، ئاخىرى بېرىپ ئاجرىشىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، بۇ بىز ئاياللار ئۈچۈن چوڭ زىيان.

پەيلاسوپلاردەك سۆزلەۋاتقان بۇ ئايالنى — بۇ ئانىنى بىردىنبىر يۈرەك پارىسىنى ھاياتنىڭ كۈلپەتلىك قاينىمىغا تاشلىۋەتكەن دېسە كىم ئىشىنىدۇ.

سەلىمە «ئاجرىشىش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈدى. پەسكويغا چۈشتى. سارەممۇ گەپنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقىنى ھېس

① دورى — سەۋەبى، تۈپەيلى (تۇرپان شېۋىسى).

قىلىپ بولدى قىلدى. ئەھۋالنى چۈشەنگەن گۈلشەن ئورنىدىن تۇردى:

— سەلىمە ئايلا، يۇر بازار ئايلىنىپ كىرىمىز.

ئۆڭ، مىجەزى داۋۇتنىڭ ئۆزىنىلا تارتقان سەلىمە ھېچ ئىش بولمىغاندەك سىڭلىسىغا ئەگىشىپ كوچىغا ماڭدى. سارەم «ئۇھ» دەپ ئېغىر تىنىپ ئىشقا تۇتۇندى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خاتىرجەم تۇرقىدىن ئۇنى بالىسىنى ئۇنتۇغان مېھرىسىز ئانا، يۈرەك پارىسىنى ھالاكەت قايىنىمىغا تاشلاپ قويغان شەپقەتسىز ئانا دېيىشنىڭ ئۆزى تەس ئىدى. ھادىسە بىلەن ماھىيەت ئالدىدا بەزى كىشىلەرنىڭ ئالدىنىپ قېلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

مەيلى نېمىلا بولسۇن «ئانا» (ئاپا) دېگەن ئۇلۇغ نامغا ئىگە بولغان بۇ ئايال بەختىيار قىياپەتتە قولىدىكى ئىشنى ئەمدىلا داۋام قىلىشىغا ھويلا ئىشىكى ئېچىلدى. ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن بېشىنى بۇرىدى. ئەمما، ئىشىكتىن كىرگەنلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

كىرگەنلەر رېھىم شەپقەت، ئىبادەتخان ئانا، كىنوخانا مەسئۇلى ۋە بىرنەچچە تىجارەتچىدىن تەشكىل تاپقان ئۆزلۈكىدىن ئىنسانىي مېھرىنى نامايىش قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان كىشىلەر ئىدى.

سارەم بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ قانداقتۇر ئەلچىلىك ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئاستا توختاتتى.

كىرگۈچىلەر ئارتۇقچە سالام ـ سەھەتنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، سارەممۇ داستىخان سېلىپ، شەكىلگە قالدى ـ قاتتى نەرسىلەرنى تىزىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلىشتى. مۇشۇ ئانىنىڭ ئىچ ـ باغرىدىن ئايرىلدە بولغان بىر پەرزەنتىنىڭ شۇ تاپتا خارلىقتا چەيلىنىپ تۇرغانلىقىنى ئويلىغان ئىبادەتخان ئانا سارەمنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا قارىماسلىققا تىرىشىپ كۆزىنى ئەپقاچاتتى.

— كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇۋاتقانسىز، بىچارە بالا كېسەلگە يەم
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ياشىنىپ قالغان ئادەم بولسىمىغۇ «ياشىۋال-
دى، مەيلى» دېسەك، لېكىن ئۇ غۇنچىسى ئەمدىلا ئېچىلغان ياش
بالا تۇرسا، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ بالىنىڭ تارتىۋاتقان جەبىرسى-
نى... ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. خۇدايىم، مۇشۇ كۈنلىرى-
نى يەنە كىملەرگە كۆرسىتىپ، كىملەرنى خار - زار قاقشىتىۋا-
تىدىكىن. كېچىلىرى «بۇنداق كۈن مۇشۇنداق بىچارىنىڭ بېشىغا
كەلگۈچە، پۇل - بىساتى بار، ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالالايدىغان كى-
شىلەرنىڭ بېشىغا كەلسە بولمامدۇ» دەپ ئويلىنىپ كېتىمەن.
نېمە كۈن ئۇ بالىغا، قارىسىڭىز ئىچىڭىز سىيرىلىدۇ. بىز بۇنچە
بولغان يەردە، سىز ئاپىسى بولغان ئادەم قانچىلىك بولۇپ كېتى-
سىز. كۆرسىڭىز بىلىسىز. كۆرسىڭىزلا بىلىسىز، سىڭلىم.
بىر تىرىك ئادەم شۇ كۈنلەرنىمۇ كۆرەرمۇ، دەپ ئىشەنمەيلا قالى-
مەن. بىرەر قېتىم كۆرۈپ بېقىڭ، بىر قېتىم كۆرۈپ باقسىڭىز-
لا بىچارە بالىڭىزنىڭ قانچىلىك ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلىسىز،
سىڭلىم...

ئىبادەتخان ئانا سۆزلەۋېتىپ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قى-
لىپ، سۆزىدىن توختاپ قالدى. ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئۆزىنى
باسالماي يىغلاپ گېپىنى داۋام قىلالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن رې-
ھىم شەپقەت دەرھال سۆزگە ئۆتتى:

— سىڭلىم، قەيسەر ھەقىقەتەن كېسەللىك دەردىنى بەك
تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاپىسى بار تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق كۈنلەرگە
دۇچار بولسا سىلەردەك يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ياخشى
ئەمەس. ئۇ سىزنىڭ بىردىنبىر بالىڭىز. ئارىڭىزلاردا بىرەر
كۆڭۈلسىزلىكمۇ بولغىنى يوق. ئۇ كېسەلدىن ئۆرە بولۇۋالسا،
سىزلەرگە تاغدەك يۆلەك. داۋۇتقا ئېيتىپ ئوبدان چۈشەن-
دۈرۈپ بېقىڭ. ئۇمۇ ئەمدى گەپ يەپمۇ قالار. بۇنداق كېتى-
ۋەرسە... پۈتۈنسۈرۈك بىر يىگىت مۇشۇنداقلا... بىزدىن ئايرى-

لىپ قالسا... ھەرقانچە بولغان تەقدىردىمۇ ئاپىسى بولغان سىزگە ئېغىر كېلىدۇ. ئۇ دۇنيادىمۇ قانداق يۈز كېلەلەيسىز. ئوبدانىراق ئويلىنىپ بېقىڭ، سىڭلىم. ھېلىمۇ قەيسەر نەچچە يىلدىن بېرى ئاز جاپالارنى تارتمىدى. ئۇ ھېلىمۇ چىداشلىق ئىكەن. ئەمما، بىر ئىنسان ئۇچۇن شۇنچە جاپالارمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆز ئالدىڭىزدىلا تۇرسا، كارىڭىز بولماي قانداقمۇ كۆڭ-لىڭىز توق يۈرەلەيسىز... گەپ بولسا شۇ، سىڭلىم، ئۇنى ئەكې-لىۋېلىڭ، ئاردا تىل قىسىنچىلىقىڭىز بولسا، مانا بىز تەييار. ھازىر قەيسەر بىزنىڭمۇ بالىمىز.

رىھىم شەپقەتنىڭ بۇ سۆزلىرى سارەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگەن-دەك بولدى. بولۇپمۇ، «ئۇ دۇنيادا» دېگىنى. ئەمما، ئۇ ئىپادى-سىز تۇرۇپ قالدى.

«ئانا تۇرۇپ - ھە؟» دېگۈمىز كېلىدۇ، ئەمما ئۇ شۇنداق ئانا تۇرسا، نېمە دېگۈلۈك؟ ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇچۇن سوئال قويۇپ ئۆزگىرىش ياساش مۇمكىنمۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى دەل كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپ-لىكىدە. شۇڭا، بۇ دۇنيادا ئانىسىغا باسقۇنچىلىق قىلغان بالا بار بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆز بالىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغان ئانىلارمۇ بولىدۇ. شۇلارمۇ پەرزەنت، شۇلارمۇ ئانا.

ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەلپازىدىن ھېلىلا سارەمنى ئەسەبىي تىل - ھاقارەتلەر بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدىغان ھالەت چىقىپ تۇراتتى (تىل - ھاقارەتلەر مۇشۇنداق يەرلەردە ئىشلىنى-دۇ دەپ ئىجاد قىلىنغان - دە). ئاڭغىچە كىنوخانا مەسئۇلى ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— بۇ يوشۇرغۇدەك يېرى قالمىغان ئىش. ياخشىسى سىز بالىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، كېسىلىنى داۋالىتىڭ! ئۆز بالىسىنى كېسەل پېتى سىرتقا تاشلى-ۋەتتى دېگەن قانداق گەپ، كىيگۈمىز كەلمىسە تاشلىۋېتىدىغان

ئاياغ بولمىسا ئۇ. ساقىيىپ باقسۇنچۇ، بىر ئائىلىگە يۆلەك بولغۇدەك راۋۇرۇس يىگىت ئۇ.

سارەم يەنە شۇ بىر خىلدا تۇراتتى. بەلكىم ئۇنىڭ ھېسسىياتى مۇزدۇر؟ ئېرىنمەيدىغان مۇزدۇر؟ لاي ئارىلىشىپ قېتىپ قالغان مۇزدۇر؟ شېغىللار كاللەكلىشىپ قالغان مۇزدۇر؟ سارەم قىمىرلىدى: قەلبىنى تىڭشىغاندەك بولدى. بىراق، ئۆزىنى بىلەلمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى بىلەلمەي يۈرگىلى ئۇزۇن بولغان. ھالبۇكى، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ سۆزلىدى:

— مېنىڭ ئۇنى شۇنداق...، — سارەم كۆزىگە ياش ئالدى، — بىراق، داۋۇت... خىزمىتى بولغان بولسىمىغۇ...

كىرگەن ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بۇنىڭغا دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمەي قالدى.

كىنوخانا مەسئۇلى بابا ئوراپ قويغان موخوركىسىغا قوپاللىق بىلەن سەرەڭگە چاقتى:

— قەيسەرگە ئىگە بولىدىغانلا ئىش بولسا، خىزمىتىنى مانا مەن ھۆددىگە ئالىمەن! بولدى ھېساب، ھازىرلا تىلخەت قىلىشىلى.

كىرگەنلەر بۇ گەپلەر بىلەن ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كەتكەندەك يېنىك بولۇپ قېلىشتى ۋە سارەمگە تىكىلىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سارەم بۇ ئىشتا ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقىنى ئويلاۋاتقاندەك ياكى ئۇ سۆزنى ئويلاشماي دەپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك تەرزدە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن تەستە ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيەلەيمەن... مەن باشتا ئۇ ئادەم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي. ئاندىن...

ئۇلار ھەر ھالدا ئۈمىد بىلەن قايتىشتى.

— ھەي شۇمۇ ئانىمۇ؟ — دېدى يولدا كېلىۋېتىپ رېھىم شەپقەت.

— ھەيران قالغۇلۇقمۇ؟ — دېدى كىنوخانا مەسئۇلى، — بۇنىڭدىنمۇ ئېپلاس ئاتا - ئانىلار تۇرمامدۇ. ئۇلاردىكى قانداق كۆڭۈلكىنتاڭ!

— ھېچبولمىسا مۇشۇ قەيسەر ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇلارغا ئىنساپ بەرسۇن خۇدايىم، — دېدى ئىبادەتخان ئانا يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — سارىخانغىمۇ نېمە ئامال؟ قەيسەر ساقىيىپلىۋالسا پۈتۈنسۈرۈك بىر ئەر. قورساقتىكى بالىچۇ؟ سارىخان شۇلارنى ئويلىغاندۇر؟ بىچارىمۇ تەڭلىكتە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتقاندۇر؟

— ھەي، بۇلار ئىگە بولىمىز دېگىنى بىلەن تاڭ - تاڭ، — دېدى باياتىدىن بېرى غوتۇلداپ ئولتۇرغان سودىگەر، — ئۇلار ھە، مانا دەپ قويۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. پۇل چىقىرىپ داۋالىتارما ئۇلار؟ پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە بولغان بىلەن بىر ئۇچى يۈرەكتە. شۇڭا، ئۇلارنى تېخىمۇ ئىنساپقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىشنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دەپ پۇل، شارائىت ھازىرلىساق بولىدۇ.

— ياخشى گەپ.

— بولىدۇ، بۇنىڭغا مەن مېڭىپ كۆرەي، — دېدى رېھىم شەپقەت، — مەن يەنە مۇنداقمۇ ئويلاۋاتىمەن. بىز ھېچبولمىسا مۇشۇ ئەتراپتا بولسىمۇ ئىئانە يىغىدىغان ئىشنى قىلىپ باقساق. شۇنىڭدا قەيسەرنىڭ ئىشى ئوڭشىلىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.

— توغرا، شۇنداق قىلايلى.

— ئۇلارنىڭ يۈرىكى تاش بولغان بىلەن قەيسەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار كۆپ.

بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئاشۇنداق ياخشى مەسلىھەتلەر بىلەن تارقىلىشتى.

ئىبادەتخان ئانا ئۆيىگە كىرىپ ئەتىگەن تەييار قىلىپ قويغان شېكەر سۈيىنى ئېلىپ قەيسەرنىڭ قېشىغا باردى. قەيسەرنىڭ

ھالى نەچچە كۈندىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى، گۈنسىز كۆزلىرىنىڭ پىلدىرلىشى، ھالسىز نەپەس ئېلىشى، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قاراپ يېتىپ كېتىشلىرى، شېكەر سۈيىدىن باشقىنى يۇتالماسلىقى... ھېلىلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ... بۇلارغا قاراپ ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئىچى سىيرىلدى. كۆزىدىكى نەملىكنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى. ھەي، قىران بىر يىگىت مۇشۇنداقلا كېتىپ قالسا...

قەيسەر ئىبادەتخان ئانىنى كۆرۈپ خۇددى «بولدى، مەن ئۇچۇن ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار» دېگەندەك بېشىنى ئاستا چايقىدى. بۇنى كۆرۈپ ئىبادەتخان ئانا ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلىغىنىچە ئۆزىنى باسالماي قالدى. قەيسەرنىڭمۇ نۇرى ئاجىزلاپ قالغان كۆزىدە ياش ئەلەڭگىدى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، بالام، ساڭا مانا مەن ئىگە بولىمەن، سېنى ساقايتىمەن، راۋۇرۇس يىگىت قىلىمەن... ئۆز قولۇم بىلەن ئۆيلەيمەن. سەن مېنىڭ بالام... سېلىۋاتقان ئۆيىمۇ پۈتۈپ قالدى. شۇ ئۆينىڭ بىرى سېنىڭ. مەن سېنى ئۆيگە ئەكېتىمەن... جېنىم بالام...

ئىبادەتخان ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى. پاك قەلبلەرنىڭ يىغىسى دۇنيانىڭ يەنە بىر گۈزەللىكى. ئەمما بەزى كىشىلەر بۇنى بىلىپ يېتىشكە قادىر ئەمەس.

بۇ كىچىككىنە «مۇقەددەس ماكان» دىكى دەرەخلەر «بۇ يەردىمۇ سولماس ھاياتلىق بار» دېگەندەك ياپيېشىل ياشىرىپ تۇراتتى.

# يىگىرمىنچى باب

## ئانا! ئانا!

بىر ھاياتلىق ھايات تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلماقتا ئىدى. ھاياتنىڭ ئەڭ رەھىمدار بېزەكلىرى بولغان ئىنسانلار ئەسلىنى، ئۆزىنى، نەسلىنى ئۇنتۇشنىڭ ئازابلىق ئىدەكەنلىكىنى بىلىشىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۇنتۇشماقتا ۋە ئۇنتۇش ئۇچۇن تىرىشماقتا ئىدى.

ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك ئىغىزىدا تۇرغان قەيسەرگە ۋاقىت تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىۋاتقان بىلەن نورمال كىشىلەر ئۇچۇن قىسقا كېلىپ يېتىشمەيۋاتاتتى. خۇددى، جاھاندىكى ھەممە ۋاقىت يىغىلىپ كېلىپ ئاشۇ تىرەكلىكنىلا ئورىۋالغاندەك قەيسەرنىڭ ھەربىر كۈنى ئۆتكۈزمىكى ناھايىتى تەسكە چۈشۈۋاتاتتى. ۋاقىتنىڭ مۇشۇ ئىغىرچىلىقىنى ئەمدى ئىبادەتخان ئانىمۇ تارتتى: چۈنكى ئۇ ئەتە ئۆزىدىكى بېسىمنى يېنىكلىتىدىغان جاۋابنى ئاڭلايدۇ، قەيسەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى كاپالەتكە ئېرىشىدۇ.

ئىبادەتخان ئانا ئەتىسى باشقا ئىش قىلماي، يىراق - يېقىنغا كېتىپ قالماي شۇ خەۋەرگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە بىردىنبىر ئويلايدىغىنى شۇ ئىدى: قەيسەر ھاياتىنىڭ بۇنچىلىك جاپا - مۇشەققىتىنى تارتقۇدەك گۇناھ قىلغان ئەمەس.

ئەمما، رېئاللىق — ئادەملەر مەۋجۇت قىلىپ تۇرغان رېئال-

لىق بىر ئادەمنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقى، خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى بىلەن تەقدىر تونىنى پىچىپ تۇرمايدىكەن. چۈنكى، تونىنى ئوڭمۇ پىچىدىغىنى، تەتۈرمۇ پىچىدىغىنى يەنە شۇ ئادەملەر - دە.

داۋۇتنىڭ «ھىھ، قېنى ئاۋۋال قەيسەر ساقىيىپ باقسۇن، خىزمىتى ھەل بولۇپ باقسۇن» دەپ دەھشەتلىك ئالىيىشى، قولىنى سامۇرايلارچە سىلكىشى ۋە سارەمنىڭ كۆزىگە لۆممىدە ياش ئېلىشى بىلەن سارەمنىڭ سۆزى ئېغىزدىن چىققان پېتى غايىب بولدى.

شۇنداق، ئۇ ئۆيدىن ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ ھېچبىر سادا بولمىدى. ئۇ ئۆيدىن — بىر ئىنسان پۈتۈن نىيىتى بىلەن تەلپۈنگەن ئۇ ئۆيدىن خۇددى چىرىپ كېتىپ قۇرۇق ئۇستىخىنى قالغان جەسەتنىڭ گۆرىدەك سادا چىقمىدى!

ئۇمىدى ئۈزۈلگەن ئىبادەتخان ئانىنىڭ روھى چۈشۈپ يۈرىكى تىلىنىپ كەتتى. نېمە قىلىش كېرەك؟ قارىغاندا ئۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغان ئوخشايدۇ، بالىلىق مېھرىمۇ شۇ، ئانىلىق مېھرىمۇ شۇ، ئاتىلىق مېھرىمۇ شۇ… ئەمما بۇنى ئىبادەتخان ئانا ئەقلىگە پەقەت سىغدۇرالمىدى.

ئىبادەتخان ئانا ئېغىر قەدەملەر بىلەن دەرەخلىككە يېتىپ كەلدى. قەيسەر ئېغىر نەپەس ئېلىپ ھالسىز ياتاتتى. ئۇ قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ كۆزىنى تەستە ئاچتى. بۇ نۇرسىز كۆزلەردە ھاياتقا — ھاياتتىكى نېمىلەرگىدۇر بولغان كۈچلۈك تارتىنىش سۇس ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ خىل تارتىنىش خۇددى ئەزرائىل قولىنى تۇتقان ئادەمنىڭ ھاياتقا بولغان تارتىنىشىدىن قېلىشمايتتى. بۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ تۇرغان ئىبادەتخان ئانا قەيسەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردى. ئەمما، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

چۈنكى، قەيسەرنىڭ ھاياتلىق نۇرلىرى بارغانچە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىدە چاپاق قايناپ تۇراتتى. ھاياتنىڭ ئۇزۇن داۋانلىرىدا ھاياتلىقنىڭ ئاچچىق - تاتلىقلىرىنى يېتەرلىك تېتىپ مۇشۇ ياشقا كەلگەن ئىبادەتخان ئانا بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ھاياتلىق نېسىۋىسى تۈگەپ قالغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە ئەنە شۇنداق چاپاق پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئىبادەتخان ئانا بۇنداق كۆزلەرگە كۆپ قېتىم مەجبۇرىي كۈلۈپ قارىغان، بۇنداق ئادەملەرنىڭ بېشىنى نۇرغۇن قېتىم يۈرىكى يىغلىغان پېتى سىلىغان... شۇڭا، بۇنىڭدىن ئىبادەتخان ئانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، لېۋىنى چىڭ چىشلىگەن پېتى قەيسەرنىڭ كۆزىدىكى چاپاقنى سۈرتۈۋەتتى.

ھەي، ئىستەي، ھاياتقا تويمىغان، ھاياتلىقنىڭ تۈرلۈك دوقاللىرىغا خۇمارى تېخى قانمىغان بىر جان ئەمدى شۇنچە رەزىل ئادەملەر بىلەن شۇنچە ئاق كۆڭۈل ئادەملەر يەنىلا كۈلۈپ، قاقشاپ ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتەمدۇ؟ قايسى گۇناھى ئۈچۈن؟.

ئىبادەتخان ئانا ئۇنىڭغا خۇدادىن شىپالىق تىلەپ دورا ئىچۈرمەكچى بولۇۋىدى، قەيسەر بېشىنى چايقاپ دورىنى ئىچكىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ھالىنى، رايىنى كۆرۈپ ئىبادەتخان ئانىمۇ قايتا زورلىمىدى. چۈنكى، بۇرۇنلاردا خېلى ئۇنۇمى بولۇۋاتقان دورىنىڭ ئەمدىلىكتە ھېچبىر تەسىرى بولمايۋاتقانلىقىنى قەيسەرمۇ، ئىبادەتخان ئانىمۇ بىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېگەن نەرسىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكەن دورىمۇ يېنىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئىبادەتخان ئانىنىڭ قەيسەرنى ئارتۇقچە قىيىنىغۇسى كەلمىدى. ئەمما، دورىمۇ ئىچمىسە، تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمىسە... كېسىلى بولسا ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتسا... قەيسەرنىڭ قېنى قاچقان، تاتىراڭغۇ، كېسەل ئازابى تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئىبادەتخان ئانىنىڭ كۆز چاناقلىرى يەنە نەملەندى. بۇنداق بولسا

بولمايدۇ، شۇنچە ئادەملەرنىڭ كۆزىچىلا تىرىك بىر جان دوزاخ ئازابىنى تارتىپ ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ، تېخى ۋاقتى ئەمەس، تېخى...

شۇ ھالدا خېلىغىچە كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغان ئىبادەتخان ئانا قەيسەرنىڭ ھالىغا پەقەت چىداپ تۇرالمىدى.

— ياق، بالام، مەن سېنى نېمىلا بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىمەن، سەن مۇنداق ياتـ ساڭ بىزگە خۇشلۇق ھارام. بولدى، تاپقان – تەرگىنىم ساڭا ھېساب، سېنى داۋالىتىپ ساقايتمىغۇچە توختىمايمەن...

قەيسەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى ئاستا چايقىدى. كۆزلـە رىدە ئازراق نەملىك پەيدا بولدىيۇ، يەنە يوقالدى. ئۇنىڭ كېسەلـ لىك چىرماشقان تېنى ئۇنى ئىنسانىي ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشـ تىنمۇ مەھرۇم قىلغاندەك ئىدى. قاتتىق ئازاب ئىلكىدە ھالسىزـ لانغان بۇ تەن نېمىلەرنىدۇر، كىملەرنىدۇر مەسخىرە قىلماقچى بولغاندەك ئىنسانىي مېھىر ۋە ھايات سوغۇقلىرى ئالدىدا ئوخشاشـ لا قېتىپ تۇراتتى.

— بالام، سەن بۇنداق ھالدا ياتساڭ مەن بۇ قېرى جېنىمنى سۆرەپ نەدە يۈرەي! قانداقلا قىلماي سېنى داۋالىتىمەن!

قەيسەرنىڭ ئۈمىدسىز تۇرقىدىن يۈرىكى ئېچىشىپ قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئىبادەتخان ئانا دەرەخلىكتىن چىقتى. ھاۋانىڭ ئىسسىق تەپتى تېخىچە كەتمىگەچكىمۇ بۇ يەردىكى كىچىك، ئەمما ئۇزۇنلۇقى مەس بازاردا بىرنەچچە لەڭپۇڭچى، كاۋاپچى، سامسىپەز ۋە ئىچىگە گېزىت سېلىنغان سېۋەتتىكى گازىرنى ئۆزى ياسىۋالغان قەلەي قۇتىدا بىر موچەندىن ساتىدىغان گازىرچى بوۋاي ھەمدە بىرنەچچە خېرىدارلار بار ئىدى. ئەمما، ئىبادەتخان ئانا بۇلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

— خېرىدارىڭلار بولمىغاندىكىن قولۇڭلاردىكى ئىشىڭلارنى قويۇپ گېپىمنى تىڭشاپ باقساڭلار، — دېدى ئىبادەتخان ئانا

جىددىيچىلىكتە نېرى - بېرىسىنى ئويلىماي، — قەيسەر شۇ ھالدا ياتسا، قانداقمۇ خاتىرجەم سودا قىلغۇمىز كېلىدۇ؟ قاراپ بېقىڭلار، پۈتۈنسۈرۈك بىر ئەر چىۋىنگە يەم بولۇپ يېتىپتۇ. مانا ئەمدى دورىمۇ كار قىلماس بولدى. دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىساق بولمايدىغان يەرگە كەلدى... شۇڭا چۈشۈرۈپ قويغانىنىڭ ئورنىدىكى پۇللىرىمىزدىن ئازراقتىن تاشلىساق... قەيسەرنى نېمىلا بولسۇن دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقمىساق بولمايدۇ...

قەيسەرنىڭ ئەھۋالىنى بۇنداق چۈشەندۈرۈشىمىزمۇ ئوبدان بىلىدىغان بۇ كىشىلەر ئۈن - تىنسىز ھالدا قوللىرىنى غەللىرىگە ئۈزىتىشتى...

ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئالدىغا بىردەمدە بىرمۇنچە پۇل يىغىلدى. ئىبادەتخان ئانا سانىۋىدى، ئىككى يۈز ئاتمىش يۈەندەك بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىبادەتخان ئانا ھېچ ئىككىلەنمەيلا يېنىدىكى بىر يۈز قىرىق يۈەننى ئۇنىڭغا قوشتى ۋە قەيسەرنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئۇ قەيسەرگە تەسەللى بولىدىغان بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ، پۇلنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويۇپ: «مۇشۇ قېتىم دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ئوبدان بولۇپ كەتسەڭ مەھەللىدىكىلەر دېيىشكىنىمىز بويىچە سېنى ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆيلەپ قويمايدىغان بولساق...» دەپ تۇرۇۋشىغا بىر شۇم خەۋەر كېلىپ قالدى: ئىبادەتخان ئانىنىڭ توقسۇن خودۇڭدىكى① بىر نەۋرە تۇغقىنى قازا قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبادەتخان ئانا كەينىگە يېنىپ ئۇدۇل رېھىم شەپقەتنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە بۈگۈندىن قالدۇرماي قەيسەرنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى قاتتىق جېكىلەپ توقسۇنغا يۈرۈپ كەتتى.

رېھىم شەپقەت شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا بىرقانچە كىشىنى باشلاپ دەرەخلىككە كەلدى.

---

① خودۇڭ — توقسۇن ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى (ھازىرقى غولبويى يېزىسى).

قەيسەرنىڭ ھالى تېخىمۇ يامانلاشقان بولۇپ، ئاچچىق ئىڭرىـ
شى يۇرەككە ئېغىر ۋەھىمە سالاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ياشانغان
كىشى بېشىنى چايقاپ قويدى. رېھىم شەپقەت قولىنى ئاستا
سۇنۇپ قەيسەرنىڭ كۆزىدىكى چاپاقنى سۈرتۈۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ
بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ:

— قەيسەر، بۇگۈن خېلى ياخشى كۆرۈنىسەن. شۇڭا سېنى
دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقايلى دەپ كەلدۇق، — دېدى. بىراق،
قەيسەر بولسا بېشىنى بوشقىنا چايقاپ، سەلگىنە ئاچقان كۆزىنى
يۇمىۋالدى.

— قارا، قەيسەر بالام، مۇشۇنداق ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقان
ۋاقتىڭدا، — دېدى رېھىم شەپقەت چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆزـ
لەپ، — دوختۇرلار تازا كۆچلۈك ئوكۇلدىن بىرنەچچىنى ئۇرىدىـ
غان بولسا... نېمە ئۇ كېسەل دېگەن. سەنمۇ بىز بىلەن ھېيتلىدـ
ساڭ تازىمۇ ئوبدان ئىش بولىدىغان بولدى.

بىراق، قەيسەر يەنە بېشىنى چايقىدى.

— راست، بالام، — دېدى ياشانغان كىشى، — سەۋەبىنىڭ
ئالىمى، نېمىلا بولسا سەۋەب قىلىپ كۆرۈپ باققۇلۇق...

قەيسەرنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى سەل ئېچىلدىيۇ، لەۋلىرىنى
كۆچسىز يالاپ يەنە بېشىنى چايقىدى. ئاندىن رېھىم شەپقەتكە
قاراپ لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلاتتى:

— رېھىمكا، سىلەر ماڭا جىق ياردەم قىلدىڭلار... مەن...
مەن بىلىمەن... جىق جاپا تارتتىڭلار... مەن سىلەردىن رازى...
مەن... مەندىن رازى بولۇڭلار...

ئۇنىڭ سۆزلىرى كەلگەنلەرنى چۆچۈتتى. رېھىم شەپقەت
ئەندىككەندەك بولۇپ قەيسەرگە تىكىلىپ قارىدى.

—قەيسەر، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى رېھىم شەپقەت
ئۇنىڭ گەپلىرىدىن باشقىچە بولۇپ، — چوڭ دوختۇرلار كۆرـ
دۇ، ئەمدى ياخشى بولۇپ كېتىسەن. مانا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ،

ياخشىلىنىش تەرىپىگە مېڭىپسەن. قىلىدىغان باشقا تەييارلىقىڭ بولمىسا هازىرلا دوختۇرغا بارايلى…

— دوختۇرغا بارمايلى… مۇشۇنداق يې… يېتىۋېرەي… ، — دېدى قەيسەر كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇپ، قەيسەرنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى چۈشەنگەن رېھىم شەپقەتنىڭ كۆزلىرى نەملەندى. ئۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىر پەس ئولتۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئويلىنىپ كۆرۈپ بۇ ئىشتا ئالدىرىماي، ئىبادەتخان ئانىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكچى بولدى. «ئىبادەتخان بۈگۈن كەچ كەلمىسە، ئەتە ئەتىگەن كېلىدۇ. قەيسەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ. هازىر مەجبۇرىي ئاپىرىپ قويۇپ بالىنىڭ سۇنۇق دىلىنى رەنجىتىپ قويمايلى…» شۇلارنى ئويلىغان رېھىم شەپقەت باشقىلارغا ئىشارەت قىلىپ ئورنىدىن تۇردى:

— بولىدۇ، بالام، دوختۇرغا بارغۇڭ بولمىسا بوپتۇ، ئىبادەتخان كەلگەندە بىر گەپ بولسۇن…

ئۇلار كەتتى.

جىسمانىي ئازاب ئىلكىدە ياتقان قەيسەر شۇ تاپتا يەنە شېرىن ئىستەكنىڭ هۇزۇرىنى سۈرمەكتە ئىدى: ئۇ پەقەت ئانىسىنىڭ «بالام» دېگەن سۆزىنى، ئاۋازىنى ئاڭلىۋالسىلا، ئۆزىنى كۆرمىسىمۇ رازى ئىدى. شۇ زاماتلا ئۆلۈپ كېتىشنى خالايتتى. چۈنكى، ئۇ بىلەتتى، ئۇ ئانا ـ ئانىسىنىڭ مۇشۇنداق خاراب هالدىكى ئۆزىدىن نومۇس قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىدەك بىر يارىماس پەرزەنتىنىڭ بولۇشى سەۋەبلىك كىشىلەردىن خۇدۇكسىرەپ، يۇزىنى تۆۋەن قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى، بارلىق خۇشاللىقلىرىغا غەشلىك سايىسى تاشلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ناهايىتى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ «بالام» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاشنى ۋە كۆزىنى چىڭگىدە يۇمۇپ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ مېھرىبان چېھرىنى كۆڭۈل ئېكرانىدا نۇرلاندۇرۇپ «ئانا، ئانا» دەپ تۇۋلىۋېلىشنىلا ئارزۇ قىلاتتى. شۇندا، ئۇنىڭدا دوختۇر، داۋالىنىش، هايات دېگەنلەر نېمىتى.

بىراق، رېئاللىق باشقىچە ئىدى.

ئۆلۈم تەشۋىشلىرى ئۇنى ھەربىر ئەگىگەندە، ئانىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى كۈچىيىپ كېتەتتى. ئانىسىنى كۆرگۈسى كېلەتتى، سۆزلەشكۈسى، بىر چىنە قايناق سۇنى بىللە ئىچكۈسى، ئانىسىنىڭ ھىدىنى تويماي پۇرىغۇسى، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىللىقلىقى مۇجەسسەملەنگەن قوللىرىغا بېشىنى سىلاتقۇسى كېلەتتى. بالىلىق چاغلىرىنى سېغىنىپ كېتەتتى، بالىلىق، ئېھ، بالىلىق! سەن قاچساڭ ئاناڭ قوغلاپ تۇرغان، تاماق يېمىسەڭ ئاناڭ ئاغزىڭغا تىقىپ تۇرغان، قولۇڭدىن مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ كىيىملىرىڭدىكى توپىلارنى قېقىپ تۇرغان، ئازراقلا ئىڭراپ تاشلىساڭ تونۇرغا ھارارەت ئاتا قىلغان مەڭزىڭنى مەڭزىڭگە يېقىپ تۇرغان... پۈتۈن ئەتراپىڭ زىچ ئانىلىق مېھىر، سەن خۇددى ھاۋانى سۈمۈرگەندەك ئۇنىڭدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولىسەن. نەدىسەن بالىلىق ئەسلىمىلىرى؟! قەيسەر كىچىك چېغىدا ئانىسى ئۇنى ئىچى پۇشقۇدەك قۇچاقلىغان، يۈزىگە، مەڭزىلىرىگە قەيسەر زېرىككۈدەك سۆيگەن، كوچىدا، قايناق بازاردا قەيسەرنى كۆتۈرۈپ قوللىرى تېلىپ كەتكەن، ئويناپ ھارغاندا يۈگۈرۈپ بېرىپ توپا - چاڭ كىيىملىرى بىلەنلا ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ كىيىملىرىنى مەينەت قىلىۋېتىپ ئانىسىنىڭ خاپا بولغىنىدىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلگەن... ئەسلىمىلەرگە غەرق بولغان قەيسەرنىڭ كېسەللىك چىرماپ تۇرغان تاتىراڭغۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. بۇنداق كۈلۈش ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان مانا ئەمدى ئۇنىڭغا نېسىپ بولغان بولسىمۇ، بىراق... بۇ كۈلكە شېرىن بىر خىيالنىڭ تەمىلا ئىدى. خالاس! شۇڭا بۇ شېرىن خىيال قەيسەرنىڭ قەلبىگە بىر يورۇقلۇق تاشلاپلا يىراقلىدى. قەيسەرنىڭ چىرايىغا، روھىغا كېسەللىك ئازابلىرى باستۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قەيسەرنىڭ كۆز نۇرلىرىدىكى ئانا سىيماسى يىراقلاپ، غۇۋالاپ ئاخىرى غايىب بولدى. بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغان قەيسەر

«ئانا، ئانا» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ نەدىمۇ ۋارقىرىغۇدەك ماجالى بولسۇن؟ شۇڭا، ئۇنىڭ ۋارقىرىشى ئەمەلىيەتتە «ئانا، ئانا» دېگەن زەئىپ نالە بولۇپ ئىپادىلەندى.

قەيسەر تىنىماي «ئانا، ئانا» دەپ نالە قىلىپ ياتاتتى. ھەربىر نالىسى بىلەن تەڭ ئەتراپىغا تەستە قارايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئانىسى مۇشۇ يەرگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇ «ئانا» دەپ چاقىرسا، ئانىسىمۇ باغرى ئېزىلگەن ھالدا «بالام» دەپ چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

بۇ كېچىدە ھايات يەنە ئۆز يولى بىلەن داۋام قىلىۋاتاتتى. خۇشاللىق ۋە قايغۇلار ئۇنىڭ بىر مەزمۇنى بولغاچقا، بىر ئىنساننىڭ مۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتتە ھاياتلىقىنىڭ قەدىمىنى سەل - پەل ئاستىلىتىشىغىمۇ توسقۇن بولالمايتتى.

قەيسەر قاراپ - قاراپ ھارغاندىن كېيىن قەدەم تىۋىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازلارنى زەن قويۇپ تىڭشاشقا باشلىدى. ئاۋازلار كۆپ ئىدى، ھەرخىل ئاۋازلار ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق، پەقەت ئانىنىڭ قەدەم تىۋىشىلا ئاڭلانمىدى.

ئىنتايىن سوغۇق بىر نەپەستە ھاياتلىقنى تەرك ئەتكەن قەيسەر تاڭ سۈزۈلۈشىگە يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى.

*نى بالالار كېلىدۇ،*
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.*
*سايدا تۇگمەن چۆرگىلەر،*
*كۆزلەردىن ئاققان يېشىغا.*

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئەلۋىدا

هارپا كۈنى. ھەممە كىشى ھېيت تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ، ئەمما چىرايلىرىدا ھېيت خۇشاللىقى جىلۋە قىلاتتى.

ئۈيقۇدىن ئاران ئويغانغان قەيسەر رېھىم شەپقەت بالىسىدىن ئەۋەتكەن، يېڭىلا تونۇردىن سويۇۋالغان، سىياھدان، كۈنجۈت، پىيازلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ئىسسىق ناندىن بىر بۇردىنى تەستە يەپ، قالغىنىنى پەقەت يېگىلى ئۇنىمىدى. يېمەكچى بولغان بولسىمۇ، گېلىدىن ئۆتمىدى. بالا خېلى زورلاپ بېقىپمۇ يېگۈزەلمىگەندىن كېيىن، ناننى قەيسەرنىڭ بېشىدىكى داستىخانغا ئوراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— رېھىمكامنى··· چاقىرىپ قوي، — دېدى قەيسەر تەستە ئېغىز ئېچىپ. بالا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئالدىراپ كەينىگە ياندى.

قەيسەر بەكلا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت قىلىشقا ئارانلا ماغدۇرى يېتەتتى. مانا ئەمدى ئولتۇرۇشمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالدى. يەر دەسسىسە پۇتى تېلىپ كېتەتتى، تىك ئولتۇرسا بېلى ئاغرىپ، بەدىنى بېسىلىپ بولالمايتتى، ياستۇققا تايىنىپ ئولتۇرسا قولى بىردەمدىلا تېلىپ بەرداشلىق بېرەلمەي قالاتتى. يېنى يەر تارتىپ تۇراتتى، يېتىۋالغۇسىلا كېلەتتى. ھەي، كۈچ ـ ماغدۇر···

قەيسەر ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇشىغا بىرنەچچە ياش ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقمىغان، قەيسەرنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغان دوستلىرى ئىدى. قەيسەر ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولغان بولسىمۇ، بىراق قوپۇپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى، ماغدۇرسىزلىقىنى ئويلاپ خالىمىدى.

ئۇلار قەيسەردىن قىزغىن ئەھۋال سورىغان بولسىمۇ، بىراق قەيسەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ، بىر-بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇزاق ئولتۇرۇش ئەپسىز بولۇۋاتاتتى.

— ئاداش، ھېيت كېلىپ قالدى. بىز ھېيت تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈۋېلىپلا، ئەتىدىن باشلاپ ھېيتلايمىز. سېنى ھەممىمىزنىڭ ئۆيىگە ئاپارمىساق ھېساب ئەمەس.

— شۇنداق، ئاداش، بۇ ھېيتتا تازا بىر يايرىۋالمىساق بولمايدۇ. ئەتە گۆشنى قازانغا سېلىۋېتىپلا ئۆزۈم سېنى ئالغىلى كېلىمەن...

گەپلەر ھېچ قولاشمايۋاتاتتى. بۇنىڭدىن دوستلىرى ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئارىنى جىمجىتلىق باستى. ئەمما، قەيسەر بۇلارغا ئېرەن قىلىپ كەتمىگەندەك ياكى ئۇ گەپلەرنى ئىڭشىمىغاندەك بىر گەپنى قىلدى:

— مەن سىلەردىن خوش، ئاغىنىلەر. سىلەر... سىلەر مېنىڭدىن رازى... بولۇڭلار...

دوستلىرى قەيسەرنى باشقىلارنىڭ ھېيت خۇشاللىقلىرىنى كۆرۈپ قەيسەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ شۇنداق دەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قەيسەرنىڭ ئۇ گېپىنى ئانچە ئويلىشىپ كەتمەي، ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى سەۋەبلىك ئۇنى يوقلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراشتى. قەيسەر بولسا ئۈنسىز ھالدا بېشىنى چايقىدى.

شۇ چاغدا رىھىم شەپقەت ئالدىراپ يېتىپ كەلدى. قەيسەرنىڭ دوستلىرى بۇنىڭدىن يېنىكلىگەندەك بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئەتە كېلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپ ئوڭايسىز بىر كەيپىيات ئىلكىدە ئاستا بۇ يەردىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇ يەرگە كەلمىگىنى قەيسەرگە ھېچقانداق تەسىر قىلالمىغان بولسا، مۇنداقلا كېلىپ كېتىشىمۇ قەيسەردە يۈرەك ئاغرىقى پەيدا قىلالمىدى.

— قانداق تۇرىسەن، بالام؟ — دېدى رىھىم شەپقەت. قەيسەر كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە يانچۇقىدىن بىر مۇنچە پۇلنى چىقىرىپ رىھىم شەپقەتكە سۇندى.

— رىھىمكا، ئىبادەتخان ئانام بىلەن ئىككىڭلار مەن ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتىڭلار، — دېدى قەيسەر پۈتۈن غەيرىتى بىلەن ئىچىدىكى سۆزلىرىنى تولۇق دەۋېلىشقا تىرىشىپ، — نۇرغۇن چىقىم تارتتىڭلار... بۇ قېتىممۇ مېنى دوختۇرغا كۆرسىتىمىز دەپ... مەن ئويلاپ باقتىم، بۇ پۇلنى ئىشلىتىپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. پۇلنىڭ مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىنىنىڭ نېمە پايدىسى. شۇڭا، ھەي... مېنىڭ سىلەرگە قايتۇرغۇدەك باشقا نەرسەم يوق. شۇڭا مۇشۇ پۇل سىلەرنىڭ ماڭا قىلغىنىڭلارنى قايتۇرغىنىم بولسۇن. سىلەرگە جىق جاپالارنى سالدىم. مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار...

— ھوي، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — دېدى رىھىم شەپقەت جىددىيلىشىپ، — يامان گەپلەرنى قىلما. بۇ پۇل سېنىڭ. ئوبدان ساقلا، لازىم بولىدۇ. ئىبادەتخان بۈگۈن كەچلەردە كېلىپ قالسا... خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە چۈشتىن كېيىن ئۆيلەردە ھېيتلايمىز... ھېيت ئوبدان ۋاقىتتا كەلدى. مۇشۇ ھېيتنىڭ بەرىكىتىدە ئوڭشىلىپ كەتسەڭمۇ ئەجەب ئەمەس.

— ھەي، — دېدى قەيسەر كۆزىنى ئاستا يۇمۇپ، — ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت... مەن... مېنى ئويلىماي، ھېيتنى بول-

سىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېلىڭلار...
— نېمە گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن، قەيسەر، — دېدى رېھىم شەپقەت قەيسەرنىڭ سۆزلىرىدىن بىر ئاز ئەنسىرەپ، — ھېلىمۇ ساڭا ياخشى قارىيالمايۋاتىمىز. بولمىسىغۇ كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىسەن.
قەيسەر بېشىنى چايقاپ جىم يېتىپ قالدى. ئەمدى بىر ئاز يېنىكلەپ قالغاندەك بولغان رېھىم شەپقەت پۇللارنى رەتلەپ ئوب-دان قاتلىغاندىن كېيىن قەيسەرنىڭ يانچۇقىغا پۇختىلاپ سېلىپ قويدى.
— قەيسەر، سەن بىر ئاز چارچاپ قالدىڭ، كىچىككىنە ئارام ئېلىپ تۇر.
رېھىم شەپقەت شۇنداق دەپ دەرەخلىكتىن ئىتتىك چىقتى ۋە قەيسەرگە دەپ ئىشتان بۇيرۇتۇپ قويغان تىككۈچىلىك دۇكى-نىغا قاراپ ماڭدى. «ئۇستامنى سۈيلەپ ئىشتاننى بۈگۈن كەچ-تىلا پۈتتۈرۈپ ئەكەلسەم بولغۇدەك. قەيسەرنىڭ كۆڭلى ئۆلۈپ كېتىپتۇ.» رېھىم شەپقەت تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىشىكىنى كۆرۈپ تىتىلداپ كەتتى.
قەيسەر ھوشىنى بىلە - بىلمەي بىرنەچچە ئۇخلاپ - ئويغى-نىپ كەچمۇ كىردى. ئۆي - ئۆيلەردىكى تەييارلىقلار ئاساسەن پۈتۈن قالغانىدى. كىنوخانا ئالدىدىكى سودىگەرلەر بولسا ئىككى قولىنى تۆت قىلىپ ئۆيىدىكى ھېيت تەييارلىقلىرىنى تۈگەتكەندىن باشقا، ھېيتتا بولىدىغان قىزىق سودىنىڭ غېمىدە ئالدىراپ يۈرۈ-شەتتى. كىنوخانىنىڭ ئاۋاز ياڭراتقۇسىدا بولسا ھېيتتا قويۇلىدى-غان ئىككى يېڭى كىنو بىلەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكنىڭ ھېيتلىق قويىدىغان ئويۇنىنىڭ ئېلانىنى تەكرار - تەكرار ئاڭلى-تىلىۋاتاتتى.
قەيسەر بىر مەزگىل ئىللىقلىقتىن بەھرىمەن بولغان، قان - تەرى بىلەن ئۆرە قىلغان ھېلىقى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدىمۇ

ھېيت خۇشاللىقى ھۆكۈمران ئىدى. ئۆيلەر چىرايلىق بېزەلگەن، ساڭزا، پوشكاللار ئوخشىغان، نازۇ نېمەتلەر تەق قىلىنغان، قۇربانلىق قىلىنىدىغان سېمىز قوي نېرىدىكى دەرەخكە باغلانغاندى. سەلىمەلەر بولسا ئەتە كىيىدىغان ھېيتلىق كىيىملىرىنى دەممۇ دەم ئۇستىلىرىگە ئارتىشىپ سىناپ كۆرۈشۈپ خۇشال كۇلۇشۇۋاتاتتى. ئۇلار تۇرۇۋاتقان مۇھىت، نەرسە ـ كېرەك ۋە ئۆزلىرىدىن ھېيت خۇشاللىقى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، بۇلار باشقا بىر دۇنيا ئىدى.

قەيسەرنىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنىڭ تالالىرى چىرىسلاپ ئۇزۇلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇنسىز ھالدا ھەممە كىشى بىلەن ۋىدالىشىپ چىقتى.

قەيسەر خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ياتاتتى. خۇشاللىقمۇ، ماتەممۇ بەرىبىر. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر ئۇنى ئۇنتۇغان. ئۆز تەسىرلىرىنى قەيسەردىن تەرك ئەتكەن. مانا شۇنچە كىشىلەرنى — ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىمۇ، رەزىل كىشىلەرنىمۇ ھاياجانغا سالغان ھېيت قەيسەرگە ئازراقمۇ خۇشاللىق بەرمىدى. قەيسەر بۇرۇن ئوقۇغان بولسىمۇ، بىراق ھازىر ئويلىغۇدەك ھەپسىلىسى يوق «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق»① دېگەن چۆچەك سەزگۈلەردە ئوقۇلماقتا ئىدى: «بىچارە قىزچاق! ئۇ ئېچىنىشلىق قىياپەتتە ھەم مۇزلىغان، ھەم ئاچ ھالدا ئالغا قاراپ كېتىۋاتماقتا. قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭلىك ساپسېرىق ئۇزۇن چاچلىرىغا چۈشمەكتە. يەلكىسىنى يېپىپ تۇرغان چاچلىرى بەكمۇ كۆركەم ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلمايتتى. دېرىزىلەردىن چىراغ نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، كوچىلاردىن غاز كاۋپىنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلەتتى. چۈنكى، بۇ ھارپا كېچىسى بولۇپ، ئۇ بۇنى

---

① «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» — دانىيىلىك يازغۇچى ئاندىرسېننىڭ مەشھۇر چۆچىكى.

زادىلا ئۈنتۈمايتتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە قوللىرى مۇزلاپ قېتىپ
قالغاندەك بولدى. ئاھ، كىچىككىنە بىر تال سەرەڭگىمۇ ئۇنىڭغا
قانچىلىك ھارارەت بەخش ئېتەتتى دېسىڭىزچۇ؟ ئۇ بىر باغلام
سەرەڭگە ئىچىدىن بىر تالنى سۇغۇرۇۋېلىپ، تامغا سۈركەپ ياند-
ۇرۇپ، قولىنى ئىسسىتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ ئۇ ئاخىر-
ى بىر تال سەرەڭگىنى ۋىژژىدە قىلىپ ياندۇرۇۋىدى، ئوت
چاقناپ كەتتى! نېمىدېگەن ئىسسىق، نۇرلۇق ئوت يالقۇنى ـ ھە،
ئۇ گويا شامغا ئوخشايتتى. قىزچاق قولىنى ئوتقا قاقلىدى. بۇ
ھەقىقەتەن غەلىتىلا بىر ئوت يالقۇنى ئىدى! قىزچاق ئۆزىنى
گوياكى ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرغان چويۇن مەش ئالدىدا قوللىرد-
نى قاقلاپ ئولتۇرغاندەك ھېس قىلاتتى! مەشتىكى ئوتنىڭ يالت-
يۇلت قىلىپ نۇر چېچىپ، گۇرۇلدەپ كۆيۈشىدىن ئاجايىپ را-
ھەت ھېس قىلاتتى. لېكىن نېمە بولغىنىكىنتاڭ؟ ئۇ ئەمدىلا
پۇتىنى سوزۇپ ئىسسىتىۋالماقچى بولغىنىدا، ئوت يالقۇنلىرى
ئۆچۈپ، مەشمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ پەقەت بىر تال كۆيۈپ
بولغان سەرەڭگىنى تۇتقان ھالدا شۇ يەردىلا ئولتۇراتتى.
ئۇ سەرەڭگىدىن يەنە بىر تالنى سۈركىدى، سەرەڭگە يې-
نىپ، يورۇق نۇر چاچتى ۋە ئۇنىڭ شولىسى تامغا چۈشۈپ، ئۇ
يەر يورۇپ خۇددى نېپىز، سۈپسۈزۈك شايىدەك بولۇپ
قالدى ـ دە، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىنى بىمالال كۆرەلىدى. شىرەگە
قاردەك ئاپئاق داستىخان سېلىنغان، نەپىس چىنە ـ تەخسىلەر
قويۇلغان بولۇپ، تەخسىلەرگە ئالما، كىشمىشلەر سېلىپ پىشۇ-
رۇلغان، ئىسسىق ھورلىرى پۇرقىراپ تۇرغان غاز كاۋىپى قويۇل-
غان. تېخىمۇ قىزىقى شۇكى، بۇ غاز تەخسىدىن سەكرەپ چۈ-
شۈپ، دۈمبىسىگە پىچاق ھەم ۋىلكا سانجىلغان ھالدا پول ئۈستىد-
دە ئىككى تەرىپىگە ئىرغاڭلاپ مېڭىپ، ئۇدۇل بىچارە قىزچاققا
قاراپ كېلىۋاتاتتى، شۇ چاغدا سەرەڭگە ئۆچۈپ قالدى ـ دە،
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەم قېلىن، ھەم سوغۇق تامدىن باشقا ھېچ

نەرسە قالمىدى. ئۇ يەنە بىر تال سەرەڭگە ياندۇردى. بۇ قېتىم ئۇ بىر تۈپ چىرايلىق مۇقەددەس دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. بۇ دەرەخ ئۇ بۇلتۇر روژدېستۋو بايرىمىدا باي سودىگەر ئائىلىسىنىڭ ئەينەكلىك ئىشىكىدە كۆرگەن ھېلىقى بىر تۈپ دەرەختىنمۇ چوڭ ھەم كۆركەم ئىدى. ياپيېشىل شاخلىرىدا نەچچە مىڭلىغان شاملار لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. ئۇ سودا دۇكانلىرىنىڭ دېرىزىلىرىدىن كۆرگەن رەڭلىك رەسىملەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇنلىغان رەسىملەر خۇددى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. قىزچاق رەسىملەرگە قولىنى سۇنۇشى بىلەنلا سەرەڭگە يەنە ئۆچۈپ قالدى. پەقەت روژدېستۋو بايرىمىدا يېقىلغان شاملارنىڭ نۇرلىرى بارغانچە يۇقىرى ئۆرلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك بولۇپ قالدى.

ئۇ تامغا يەنە بىر تال سەرەڭگىنى سۈركىۋىدى، بۇ قېتىم روشەن نۇر ئىچىدىن، ئۇنىڭ مومىسى ئاجايىپ ئىللىق ھەم مېھرىبان قىياپەتتە ئېنىق كۆرۈندى.

«موما! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى قىزچاق، — ئاھ! مېنى ئالغاچ كەتسىڭىزچۇ! ماڭا مەلۇم، بۇ سەرەڭگە ئۆچۈشى بىلەنلا سىزمۇ خۇددى ھېلىقى ئىسسىق مەشتەك، ھىدى كېلىپ تۇرغان غاز كاۋىپىدەك ۋە كۆركەم مۇقەددەس دەرەختەك كۆرۈنمەي قالىسىز!»

ئۇ مومىسىنى ئېلىپ قالماقچى بولۇپ، بىر باغلام سەرەڭگىنىڭ ھەممىسىنى تېزلىك بىلەن ياندۇردى. بۇ سەرەڭگىلەر كۈچلۈك نۇر چېچىپ، كېچىنى خۇددى كۈندۈزدەك يوپيورۇق يورۇتۇۋەتتى. مومىسى ئەزەلدىن ھازىرقىدەك مۇنداق چوڭ ۋە مۇنداق گۈزەل ئەمەس ئىدى. ئۇ قىزچاقنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىۋالدى ۋە ئۇلار ئىككىسى پارلاق نۇر ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۇچۇپ كەتتى...»

قەيسەردە سەرەڭگە بولمىغان بىلەن سەرەڭگىدىن بەتتەر

كۆيۈۋاتقان بىر يۈرەك بار ئىدى! ئۇ يۈرەك ئۆز ھارارىتى بىلەن ھايات گۈزەللىكلىرىنى تاۋلىماقچى بولغان ۋە ئاخىرقى ئۇچقۇنلىرىغىچە چاقناپ كەلگەنىدى...

ۋاقىت تۈن نىسپىگە كەلگەن چاغدا، قەيسەر ئۇچۇن ھايات ئاخىرلاشماقتا ئىدى. ئاغرىق ئازابىدا تولا قىينىلىپ باياتىدىن بىرى قورقۇنچلۇق جىمىپ كەتكەن قەيسەر قايتا ـ قايتا ئىچىنىشلىق ئىڭرىدى، بىر نەرسىنى مەھكەم تۇتماقچى بولغاندەك قوللىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ بارماقلىرىنى يىغدى ۋە ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى.

شۇ چاغدا ئىغىر بىر قەدەم تىۋىشى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. بۇ غەيرىي، ئەمما قانداقتۇر تونۇش قەدەم تىۋىشى سەزگۈلىرى بارغانچە ئۆچۈۋاتقان قەيسەرگە كۈچ ئاتا قىلغاندەك بولدى. قەيسەر پۈتۈن كۈچىنى بېشىغا يىغىپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە تولىمۇ تەستە يانچە بولالىدى. بەكمۇ تەسلىكتە كۆزىنى ئاچقان قەيسەر داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، كۆزلىرى چەكچەيدى، سەزگۈلىرى جانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا داۋۇت ئاسما مايكىچان تۇراتتى. قولىدىكى قومۇش يوپۇرمىقىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى تىنماي يەلپۈيتتى.

قەيسەر ئۆلتۈرۈشقا شۇنچە تىرىشچان بولسىمۇ، لېكىن قولى ئازراقمۇ كۈچىنەلمىدى.

— بولدى، قەيسەر، مىدىرلىما، — دېدى داۋۇت مىيىقىدا كۈلۈپ، — مەن سېنى كۆرگىلى كەلدىم. بىر ئوبدان تۇرۇپسەن. سەن مېنىڭدىن خاپا بولما. ھەممىمىزنىڭ ياشاش يولىمىز ئايرىم. شۇڭا قورساق كۆپۈكى قىلىپ چاپاننى تەتۈر كىيمەي، ياشاشنىڭ غېمىنى قىل. بولدى، خوش. بولسا مېنى يامان ئاتلىق قىلما. ئۆزۈڭ بىلىسەن، سېنىڭ بىلەن ئالاش ـ تارتىش قىلىدىغان ئىشىمىزمۇ يوق.

داۋۇت شۇنداق دەپ بېشىنى چايقاپ قويدى. قەيسەر گەپ

قىلىشقا شۇنداق تەمشەلگەن بولسىمۇ، پەقەت سۆزلىيەلمىدى. بۇنى كۆرگەن داۋۇت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ سېمىز گەۋدىسى قەيسەرگە تونۇشتەكلا بىلىندى. قەيسەر ئۇنىڭ كەينىدىن كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ تۇردى. داۋۇت ئىككى قەدەم مېڭىشىغا قەيسەرنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، ۋۇجۇدىغا ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشتى. قەيسەرنىڭ كۆزلىرى بىر نەرسىگە قادىلىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆرگىنى داۋۇتنىڭ مۈرىسىدىكى ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى مەڭ ئىدى. قەيسەرنىڭ ئىنچىكە سەزگۈلىرى ھەرىكەتكە كەلدى. نۇرغۇن نەرسىلەر ئەقىل غەلۋىرىدە تاسقىلىپ، خاتىرىلىرىنى غىدىقلاپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن قەيسەرنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇدھىش كېچە قەيسەرنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن نامايان بولدى.

ھېلىقى كېچە، قەيسەرنىڭ قەدىردان ئاتىسى يىقىلىپ قالغان ھېلىقى كېچە. مۈرىسىدە قورقۇنچلۇق مېڭى بار ئادەم. قەيسەر بىردىنلا بىلدى، مۇشتى كۈچسىز تۈگۈلدى. «ئاتا! ئاتا!» مۇشۇ ئادەم ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ... ئەنە شۇ مەڭ، شۇ كېچە قەيسەرنىڭ كۆزلىرىگە ئورنىشىپ قالغان ئاشۇ مەڭ... قەيسەرنىڭ چىشلىرى لېۋىگە چىڭ بېسىلدى. قەيسەر يەنە قولىنى يەرگە تىرەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. بىراق، تۇرالمىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر ئىش كەچتى. داۋۇتنىڭ تەتقىقاتى ۋە شان ـ شەرىپى. قەدىردان ئاتىسىنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقان ئىشى. مۈرىسىدە مېڭى بار ئادەم چاپىنىغا يۆگەپ ئەكەتكەن ھېلىقى ماتېرىيال. ياق، مۇشۇ داۋۇت! شۇ دەقىقىدە قەيسەر ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاچچىق غەزەپكە تولدى. قانلىرى قايناپ كەتكەن قەيسەر تەسلىكتە گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ قولىنى داۋۇتقا سۇنۇپ ۋارقىرىدى:

— سەن ... سەن...

شۇ ئىككى ئېغىز سۆزدىن كېيىن قەيسەرنىڭ سۆزلەشكە، ھەرىكەت قىلىشقا ھېچبىر ماجالى قالمىدى. ئاندىن ئاچچىق تول-غىنىپ، دومىلاپ سېمونت تاختاي ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتتى ۋە بار كۈچى بىلەن يەرنى قاماللاشقا باشلىدى... داۋۇت بولسا بۇ چاغدا يىراقلاپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ داۋۇت ئەزەلدىن قەي-سەردىن يىراقتا تۇرۇپ كەلگەنىدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ئۇ قېنى؟

توقسۇندىن يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قايتىپ كەلگەن ئىبادەتخان ئانا قەيسەرنىڭ يېنىغا بارالمىغاچقا بىر ئاز ئەنسىرەپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ كىشىلەر ھېيت نامىزىدىن يېنىپ قارا قوچقارنىڭ گېلىگە پىچاق سۇركىلىشى بىلەن ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى ۋە رېھىم شەپقەتنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

رېھىم شەپقەت ھەدەپ پىچاق بىلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. قىسقىلا سالام - سەھەتتىن كېيىن ئىبادەتخان ئانا تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:

— قەيسەر قانداق بولۇپ كەتتى؟

بۇ گەپ بىلەن رېھىم شەپقەت پىچاق بىلەشتىن توختىدى.

— ھەي، ئۇ بالا بىزنىڭ گەپنى پەقەت يېمىدى. شۇنچە چۈشەندۈرسەكمۇ دوختۇرغا بېرىشقا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، — دېدى رېھىم شەپقەت بىلەيگە سۇ تېمىتىۋېتىپ، — تېخى يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا باشقىچە ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ سىلىنى ساقلاپ تۇرغان. بۇ ئىشتا ئۇ سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ.

— تونۇگۇن ئەھۋالى قانداقراق ئىدى؟

— ئۆزى چاقىرتىپتىكەن، نېمە ئىشتۇر دەپ بارسام، دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۇچۇن يىغىپ بەرگەن پۇللارنى ماڭا بېرىپ «قەرزىمنى تۆلىگىنىم، مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار» دەپ يۈرىدۇ.

«نېمە بولدى بۇ بالىغا» دەپ بىرمۇنچە چۈشەندۇرۇپ، كەچتە ئۇنىڭغا تىكتۇرگەن ئىشتاننى ئېلىپ بارارمەن دېسەم، ھېلىقى سەيپۇلڭ خېلى ساقلىسام يوق... مانا بايا نامازدىن يانغاچ ئىشتاننى ئەكېلىپ، سىلىنى كېلىپ قالار دەپ ساقلاپ تۇرۇۋشۇم...

— نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا؟

— مەنمۇ ئۇقالمايلا قالدىم.

ئىبادەتخان ئانا ئەندىكىپ كەتتى ۋە:

— ھازىرلا بېرىپ باقايلى، — دەپ ئىشىككە ماڭدى. رېھىم شەپقەت بىلەينى ئوغلىغا سۇندى:

— پىچاقنى تازا ئوبدان بىلە، قۇربانلىق قوي دېگەن قىيىند-لىپ قالسا بولمايدۇ. مەن بىردەمدىلا كېلىمەن.

ئۇلار ھېيت ئۇچۇن پاكىز تازىلانغان يولدا تونۇش - بىلىش-لەر بىلەن ئانچىكىم سالاملىشىپ دەرەخلىككە يېتىپ كەلدى. ئەمما، دەرەخلىكتە قەيسەر جىممىدە ياتاتتى. ئۇلار ئىككىسى داڭ قېتىپ تۇرۇشۇپلا قالدى.

— ھوي، قەيسەر يوققۇ؟

بىراق، ئۇلار دەرھاللا بۇ ئويدىن يېنىشتى. چۈنكى، قەيسەر ئۇ ھالى بىلەن قەيەرگىمۇ بارالىسۇن؟ بىر قەدەم باسقۇدەك ھالى بولسىچۇ ئۇنىڭ؟ قېنى شۇنداق بولغان بولسا - ھە، نەگىلا كەتسە ياخشىدى، ئەپسۇس... «ئۇنداقتا بۇ نېمە ئىش؟» ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بىر چاغدا ئىبادەتخان ئانىنىڭ جىددىيــلىك قــاپلىغان چىرايىغا خــۇشاللىق كۈلكىسى تېپىپ چىقتى:

— سارىخانلار ئەكېتىپتىمۇ نېمە؟

— ھە! ؟ — بۇ گەپ رېھىم شەپقەتنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ھېيتنىڭ خاسىيىتى، — دېدى ئىبادەتخان ئانا خۇشاللىد-قىنى باسالماي، — نېمىلا بولسا بالا، نېمىلا بولسا ئانا - بالادە. ئۇلۇغ ھېيتلاردا بالىسىنىڭ مۇنداق تاشلىنىپ يېتىشىغا چىدىمد-

غان گەپ... قۇدرەتلىك ئاللا، بەندىلىرىڭنى ئىنساپتىن ئايرىمە-
غايسەن...

— شۇنداق بولىسىزە...، — دېدى رېھىم شەپقەت ئارام
تاپقاندەك، — قەيسەرنىڭ بەختى ئېچىلىپتۇ... ھەي، ئۇ بىچارە
بۇ كۈننى تازىمۇ كۈتكەن...

— داۋۇتمۇ ئەسلىي ئۆزىنچىۋالا بىاغرى تاش ئادەم ئەمەس
ئىدى... كۆڭۈلشەلمەي يات كۆرۈپ بولغان ئىش - دە، —
ئىبادەتخان ئانا قىزغىن سۆزلەۋېتىپ خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتـ-
تى، — يۈرسىلە، مۇشۇ خۇشاللىقتا داۋۇتلارنىڭ ئۆيىنى بىر
ھېيتلاپ قويىلى...

ئۇلار مېڭىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئەمدى ئاياغلار ئىتتىك،
يوللار راۋان ئىدى.

ئۇلار نەچچە قېتىم دىلى قاتتىق رەنجىگەن، «توۋا» دەپ
ياقىلىرىنى چىشلەشكەن ھويلا ئالدىغا كەلدى. ھويلا ئىشىكىدىن
كۆرۈنۈپ تۇرغان بېزەكچىلىكلەر بۇ ھويلىدىكى ھېيت خۇشاللى-
قىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

رېھىم شەپقەت ھويلا ئىشىكىدىن سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ
كىردى. شۇ چاغدا نېمىلەرنىدۇر دەپ كۈلۈپ ئۆيدىن چىققان
داۋۇتنىڭ ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن دەرھاللا چىرايى تۇتۇلدى.
ھەتتا، ھېيت بولۇشىغا قارىماي تۈزۈكرەكمۇ سالاملىشىپ قويمى-
دى. بۇنىڭدىن ئۇ ئىككىسى مەڭدەپ قېلىشتى. شۇ چاغدا پارچى-
لانغان گۆش سېلىنغان لېگەننى كۆتۈرۈپ چىققان سارەممۇ ئۇلار-
نى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئەمدىلىكتە ئىبادەتخان ئانا بىلەن
رېھىم شەپقەتتىكى بايىقى خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ
قالمىغانىدى.

— قەيسەر...، — دېدى گاڭگىراپ قالغان ئىبادەتخان ئانا
ئارانلا. كۆزلىرىدە غۇۋا بىر نۇر چاقناپ ئۆتكەن سارەم ئاغزىنى
سۆزگە ئۆمەللىۋىدى، داۋۇتنىڭ سوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يەنە شۇ گەپمۇ؟ ھېيت ـ ئايەملەردە بولسىمۇ بىزنى
ئارامىمىزدا قويسا بولمامدۇ بۇ خەق! بىرەر قازان گۆش قايند-
ماستا ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرۇپ...
— قەيسەر بالا كەلمىگەندۇر؟ — سورىدى رېھىم شەپقەت
ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.
— يوق، — دېدى داۋۇت دوق قىلىپ، — ئۇنىڭغا بۇ يەردە
نېمە بار!؟
— ئورنىدا ئولتۇرۇشقىمۇ مادارى يەتمەيدىغان بۇ بالا نەگىمۇ
كەتكەندۇر؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇر، خۇدايىم؟
— شۇنى دەيمەن. بىرەرى ئەكەتسە، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى
تاشلاپ قويماستى. ئەستا...
— نېمە؟ — سارەم بىر قولى بىلەن قورسىقىنى، يەنە بىر
قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار بولسا
كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن ئۆيدىن چىقىشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنى
قىيناۋاتقىنى داۋۇتنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ئەمەس، بەلكى قەي-
سەرنىڭ بۇ ئۆيگە كەلمىگەنلىكى ئىدى. ئۇنداقتا قەيسەر قەيەرگە
كەتتى؟ كىم ئەكەتتى؟
ئۇلار جىددىيلەشتى. يەنە ئالدىراپ دەرەخلىككە باردى. سې-
مونت تاختاي ۋە قەيسەرنىڭ ئەسكى ـ تۇسكىلىرى شۇ پېتى،
پەقەت قەيسەرلا يوق!
— توۋا، بۇ بالا نەگىمۇ كەتكەندۇر؟ — دېدى لاسسىدە
بولۇپ قالغان ئىبادەتخان ئانا، — بۇ بالىنى كىممۇ ئەكەتكەندۇر؟
باشقا بىرەر... بىرەر ئىش بولمىغاندۇر ـ ھە؟ ئەمدى
دېگىنىم...
— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، — دېدى ئۆز ـ ئۆزىنى
تىڭشاپ ئېغىر ئويغا پېتىپ قالغان رېھىم شەپقەت، —
تىرىكىنىمۇ كۆرمىسۇن دېگەن بۇ خەق ئۇنىڭ جەسىتىنى
نېمىمۇ قىلار؟

شۇنچە ئويلاپمۇ ئۇلار بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتەلمىدى، قەيسەرنى بىرەرنىڭ ئەكېتىشىگە تېخىمۇ ئىشەنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قەيسەرنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە ۋە قەيسەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ باقتى، باشقا كىشىلەردىن سوراشتۇردى. بىراق، قەيسەرنى ھېچكىم بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئارامى بۇزۇلدى، ھېيت خۇشاللىقلىرى پەسكويغا چۈشتى. قەيسەر نەگە كەتتى؟ ھەممىسى شۇ ھەقتە سۆزلىشەتتى، سۈرۈشتە قىلىشاتتى. ھەتتا، بۇ ئىش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ج خ ئىدارىسىگىمۇ مەلۇم قىلىندى. تۇرمۇش يەنىلا ئۆز ئىزى بىلەن داۋاملىشىۋاتاتتى... ئەمما، بىرەر سائەتتىن كېيىن داۋۇتلارنىڭ كوچىسىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا ئەخلەت تۆككىلى چىققان بىر ئايالنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن يەنە پاتىپاراقچىلىق باشلاندى.

قەيسەر ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىدىن سۇندۇرۇلغان پىۋا بوتۇلكىسىنى چىڭ تۇتقان پېتى جان ئۈزگەنىدى...

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ كەلگەن ئىبادەتخان ئانا بىلەن رېھىم شەپقەت غەزەپ - نەپرەتتىن لەرزىگە كېلىشتى. ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن ۋە بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەر داۋۇتلارغا لەنەتلەر ئېيتىشىپ ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشتى. ھەتتا بەزى باغرى يۇمشاق كىشىلەر كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئاققان ياشنى توختىتالماي قېلىشتى.

رېھىم شەپقەت يېقىن ئەتراپتىكى قۇرۇلۇش ئورنىغا ھارۋا ئەكېلىشكە ئىككى يىگىتنى بۇيرۇدى.

— يۈرۈڭلار، ئۇ نائەھلى ئەمدى نېمە دەركىن؟ — دېدى رېھىم شەپقەت. شۇ تاپتا، ئادەتتە چىرايىدىن مۇلايىملىق ئۆچمەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى قەھرلىك چاقناپ، قوشۇمىسى چىڭگىدە تۈرۈلگەنىدى.

ھارۋا بىردەمدىلا ئەكېلىندى. ئۇلار قەيسەرنىڭ قولىدىكى

بوتۇلكا سۇنۇقىنى تەستە ئاجرىتىپ چىقاردى ۋە قەيسەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت تۆكۈلۈپ تۇرغان جەستىنى ھارۋىغا سېلىشتى. «بالام، بۇ يەرگە قانداق كېلەلىگەنسەن؟» دەپ كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى ئىبادەتخان ئانا. «ئەسكى بوتۇلكىنى نېمىمۇ قىلارسەن؟» دېدى رېھىم شەپقەت چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتلىرى تىترىگەن ھالدا. بىراق، ئۇلار قەيسەرنىڭ بۇ يەرگە تەستە ئۆمىلەپ كېلىپ، بۇ ئەخلەت ساندۇقىدىن مۇشكۈلدە بوتۇلكا تېپىپ داۋۇتنىڭ ئۆز نەزىرىدىكى نىجىس تېنىنى قانغا بوياش ئۈچۈن سۇندۇرغانلىقىنى ھەم شۇ چاغدا يىقىلىپ چۈشۈپ قايتا قوپالمىغانلىقىنى زىنھار ئويلاپ يېتەلمىدى.

ئىنسانىي مېھرىنىڭ مەدىتىدىن تەبىئىي تەشكىللەنگەن مۇسىبەتچىلەر قوشۇنى ھەم مۇسىبەت قايغۇسى، ھەم نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن قەيسەرنىڭ جەستى سېلىنغان كىچىك ھارۋىنى سەپنىڭ ئالدىدا ئىتتەرگىنىچە كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگە — قەيسەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەلپۈنگەن ھويلىغا قاراپ مېڭىشتى.

ئۇلار ھويلىغا يېقىنلاشقاندا ھويلىدىن چىققان ئادەمنى كۆرۈپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھويلىدىن چىققان كىشىمۇ قايغۇلۇق تۇس ئالغان سەپنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

ئۇ — قەيسەرنىڭ ئاپىسى سارەم ئىدى. سارەم بېشىغا باش ياغلىقىنى مەھكەم چىگىپ، سولغۇن چىراي ھالدا ئاستا قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. قولىدا چوڭ ئىككى سومكا بار ئىدى. سارەم كىشىلەرنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كىچىك ھارۋىنى توختىتىپ جىم تۇرغاندىلا سارەم بىرنېمىنى سەزگەندەك بولۇپ، چىرايى تاتارغان ھالدا ھارۋىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قولىنى ھارۋىدىكى نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ئەدىيالغا سۇندى. سارەمنى ھېچكىم توسمىدى. پەقەت سارەمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سىناۋاتقاندەك ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇردى. سارەم ئەدىيالنى ئاچتى ـ دە، كۆزلىرى

يۇمۇلغانچە ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا كوچىنىڭ تار دوقمۇشىدىن نېمىنىدۇر توسۇۋالماقچى بولغاندەك چالا كىيىنىكلىك هالدا پالاقلاپ يۈگۈرۈپ چىققان داۋۇت ئۆز يۈرىكىگە نەشتەر كەبى سانجىلىپ تۇرغان نەزەرلەرنى كۆرۈپ هاڭۋېقىپ قالدى.

ئالامان سارەمگە پىسەنتمۇ قىلماي داۋۇتقا قاراپ ئىككى قەدەم چامدىدى. داۋۇتنى كۆرۈپ ئۆزىنى پەقەت باسالماي قالغان ئىبادەتخان ئانا ئاۋازى بوغۇلغان هالدا:

— ئەمدىغۇ مۇرادىڭىزغا يەتكەنسىز؟ مانا قەيسەر ئۆلدى، لېكىن سىزگە قانچىلىك پايدىسى بولدى؟ قەيسەرگە بۇنچىلىك قىلغۇدەك نېمىمۇ ئېلىشىڭىز بار بولغىيدى؟ خۇدايىم توۋۋا... ئەمدىغۇ بولغاندۇر؟...، — دېدى.

— شۇنداق بېجىرىم، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر يىگىت مۇشۇنداقلا... سىز ئۆزىڭىزنى گۇناھكار هېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى رېھىم شەپقەت هېلىلا داۋۇتنى بىرنەچچىنى سىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا.

بۇنى ئاڭلىغان ۋە بويىنىنى سوزۇپ هارۋىدىكى قەيسەرنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن داۋۇت بوزىرىپ ـ تاتىرىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئاندىن بىردىنلا قاپىقىنى تۈردى:

— نېمە ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟ يا قەيسەرنى مەن ئۆلتۈرۈپتىمەنمۇ؟ بىلىۋېلىڭ، ئۆيدىن قەيسەر ئۆزى چىقىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى ئۇقمايمەن. ياكى... ياكى... شۇنىڭدىن كېيىن مەن قەيسەرنى بىرەر شاپىلاق ئۇرۇپتىمەنمۇ؟ بىرەر ئېغىز تىللاپتىمەنمۇ؟ قانداق خەق بۇ! ئېلىشى باردەك تىرىكىنىمۇ ماڭا ئارتسا، ئەمدى كېلىپ ئۆلۈكىنىمۇ ماڭا ئارتسا...

داۋۇت شۇنداق دەپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئەمما، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى تىترەپ دوقمۇشتىن ئارانلا ئۆتۈۋالدى. بۇنى

كۆرگەن كىشىلەر «توۋا» دەپ ياقا چىشلەشتى. ئاڭغىچە بىرنەچ-
چە كىشى بىر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇلار قەيسەرنى تاۋۇتقا
سېلىپ مەسچىتكە قاراپ ماڭدى...

قەيسەرنىڭ جەسىتى خۇددى ئۇنىڭ هايات چېغىدىكىدەكلا بۇ
كوچىنىڭ يېرىمىدا كەينىگە قايتتى.

# خاتىمە

ھايات يەنە ئۆز ئىزىدا داۋاملىشىپ، ئىنسانلارنىڭ بىر كۆزىدىن ياش، يەنە بىر كۆزىدىن كۈلكە ئاقتۇرماقتا. ئاشۇنداق ياش ۋە كۈلكە ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارنى ئاپىرىدە قىلىپ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارغا پانىي شارابىنى ئوتلاتماقتا.

ھايات قەيسەرنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى تاشتەك قاتۇرۇپ، ئۇنىڭ تىرىكلىك مۇساپىسىنى تاماملاشقا مەجبۇر قىلدى. شائىر ئابدۇراھمان جامىي مۇنداق يازغانىكەن:

*يادىڭدىمۇ، ئېيتچۇ سەن تۇغۇلغاندا،*
*ھەممە كۈلگەنىكەن، سەنلا يىغلىغان.*
*شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،*
*ھەممىيلەن يىغلىسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.*

بىراق، قەيسەرنىڭ كېتەر چېغىدا كىشىلەرلا ئەمەس، قەيسەرنىڭ ئۆزىمۇ ھاياتتىن زارلاپ يىغلىدى. قەيسەر قازا قىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ ئېلىشىپ قالغان سارەمنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى نەلەردە تاشلىغىنىنى ھېچكىم بىلمىدى، ئۇ كوچا - كويلاردا ئەلەڭ - سەلەڭ تۇۋلاپ يۈرىدىغان ئادەمگە ئايلاندى. داۋۇت بولسا ھېلىقى «تەتقىقاتى»نىڭ شەرىپى بىلەن ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق مەلۇم بىر پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا يۆتكىلىپ چىقىپ بىر مەزگىل ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلدى. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ قورسىقىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇدەك ئۇماچىنىڭ

يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، قانداقلارچە شۇنداق بىر قىيىن تەتقىقات تېمىسىنى تاماملىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيلا قېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ ئەلەمدىن پۈچىلدىنىپ، ئىچ پۇشۇقىدا هاراققا بېشچىلاپ بېرىلدى. ئاقىۋەتتە، مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىنى يېزىشتىن بىر يىل بۇرۇن — بۇ ئەسىرى ئۈچۈن ماتېرىيال رەتلەۋاتقاندا داۋۇتنىڭ جىگەر راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى…

تۇرمۇش ئادەمنىڭ بېشىدا ھەر ۋاقىت رەڭدار قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئىنسان ھەرقانداق ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە كۈلپەتلەرگە كۆنۈپ ئادەتلەنگەن، بولۇپمۇ ئۈمىدۋار، ھاياتقا روبىرو تىكىلىپ تۇرالايدىغان ئادەملەر. شۇڭىمۇ قەيسەرنىڭ ھاياتىدا ھېلىقى ناخشا دائىم ياڭراپ تۇردى:

*نى باللار كېلىدۇ،*<br>
*ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.*<br>
*سايدا تۈگمەن چۆرگىلەر،*<br>
*كۆزدىن ئاققان يېشىغا.*

2000 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 2002 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە تۇرپاندا يېزىلدى.

2003 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ ئايلاردا تۇرپاندا تۈزىتىلدى.

**图书在版编目(CIP)数据**

变成石头的眼泪/吾买尔·阿布都拉·艾尔库提著.
—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2003.11
ISBN978—7—5371—4710—1

Ⅰ.变… Ⅱ.吾… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第079734号

责任编辑:尼加提·穆合力斯
伊力哈尔江·沙迪克
责任校对:阿布列孜·阿巴斯
迪力亚尔·吐尔逊
封面设计:米尔扎提·塔吉

变成石头的眼泪(维吾尔文)
(长篇小说)
吾买尔·阿布都拉·艾尔库提 著

---

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市北京北路29号 邮编:830012)
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 8.625印张
2003年11月第1版 2015年4月第8次印刷

---

ISBN 978-7-5371-4710-1 定价:22.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换